جۇڭگو ـ چەت ئەل مەشھۇر ئەسەرلىرىدىن زوقلىنىش

◎ خاررى . خ . بالكىن [ئامېرىكا]



# قىياپەتنامە

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ

جۇڭگو - چەت ئەل مەشھۇر
ئەسەرلىرىدىن زوقلىنىش

قىياپەتنامە

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

ISBN 978-7-80744-968-3
9 787807 449683

جۇڭگو ـ چەت ئەل مەشھۇر ئەسەرلىرىدىن زوقلىنىش

خاررى . خ . بالكىن [ئامېرىكا]

# قىياپەتنامە

تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇكېرىم ئىسمائىل



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

身体密码：维吾尔文/哈里·巴尔肯[美国]著；阿布都克里木·依斯马依力译. — 乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社：新疆电子音像出版社，2011.7

ISBN 978-7-80744-968-3

Ⅰ. 身… Ⅱ. ①哈… ②阿… Ⅲ. 故事-中国-当代-维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ. ①G898.2

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2011)第 035732 号

书　　名 身体密码
作　　者 哈里·巴尔肯[美国]
策　　划 艾尔肯·伊布拉音·湃达
译　　者 阿布都克里木·依斯马依力
责任编辑 图尔苏古丽·亚森
特约编辑 佐合拉·阿布都热依木
责任校对 努尔阿利亚·阿布都克里木
特约校对 阿不都热依木·阿不里米提
封面设计 艾克拜尔·沙力
版枕设计 新疆奥敢图书发行有限公司
出　　版 新疆美术摄影出版社
　　　　 新疆电子音像出版社
地　　址 乌鲁木齐市经济技术开发区科技园路 7 号
邮　　编 830011
发　　行 新疆新华书店
印　　刷 新疆新华印刷厂
开　　本 880mm×1230mm 1/32
印　　张 8.75
版　　次 2011 年 7 月第 1 版
印　　次 2013 年 8 月第 1 次印刷
书　　号 ISBN 978-7-80744-968-3
定　　价 23.00 元

# مۇندەرىجە


بىرىنچى باب كىشىلەر بىلىشكە ئىنتىلىدىغان مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ ئۈچ قانۇنىيىتى ...... 1

ئىككىنچى باب خاراكتېرنى كۆزىتىشنىڭ ئاجايىپ ئۇسۇلى ...... 11

ئۈچىنچى باب تېرە رەڭگىدىن ئادەملەردىكى پەرقنى كۆزىتىش ...... 20

تۆتىنچى باب ئادەمنىڭ پېشانىسى ئۇنىڭ خاراكتېرىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ ...... 27

بەشىنچى باب سىز سۆزمەنمۇ ياكى كەم سۆزمۇ؟ ...... 42

ئالتىنچى باب سىز ھورۇنمۇ ياكى ئىشچانمۇ؟ ...... 50

يەتتىنچى باب ئېڭەكنىڭ شەكلى ۋە خاراكتېر ...... 56

سەككىزىنچى باب يان قىياپىتىڭىز نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟ ...... 63

توققۇزىنچى باب سىز مۇتەپەككۇرمۇ، ئەمەلىيەتچىلمۇ ياكى باشقۇرغۇچىمۇ؟ ...... 76

ئونىنچى باب بەدەن قۇرۇلۇشى ۋە خاراكتېر ...... 107

ئون بىرىنچى باب مۇسكۇل، سۆڭەك ۋە خاراكتېر ...... 127

ئون ئىككىنچى باب باش شەكلىگە قاراپ خاراكتېرگە ھۆكۈم قىلىش ...... 132

ئون ئۈچىنچى باب قاۋۇل بەدەن، ۋىجىك بەدەن ۋە خاراكتېر ...... 151

ئون تۆتىنچى باب ئادەمنىڭ ھەرىكىتى ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتى ...... 159

ئون بەشىنچى باب قوللىنىشچان پسىخولوگىيە ...... 183

ئون ئالتىنچى باب ئەخلاق ـ پەزىلەتنىڭ سىرى ...... 188

ئون يەتتىنچى باب چىراي ۋە خاراكتېر ...... 194

ئون سەككىزىنچى باب كالپۇكنىڭ ئۆزۈن ـ قىسقىلىقى
ۋە خاراكتېر ........................................ 204
ئون توققۇزىنچى باب باشمالتاقنىڭ ئۆزۈن ـ قىسقىلىقى
ۋە خاراكتېر ........................................ 213
يىگىرمىنچى باب قول ئىپادىلەيدىغان خاراكتېر ........ 220
يىگىرمە بىرىنچى باب ئەر ـ ئاياللارنىڭ تەن ساپاسى ۋە
ھېس ـ تۇيغۇسىدىكى پەرقلەر ........................ 230
يىگىرمە ئىككىنچى باب سىز پەقەت ئۆزىڭىزنىڭ
غوجايىنى ........................................ 241
يىگىرمە ئۈچىنچى باب تويدىن كېيىن بەختلىك
بولۇشنىڭ يولى ........................................ 247
يىگىرمە تۆتىنچى باب باي بولۇشنىڭ ئالتە قەدەم ـ
باسقۇچى ........................................ 262

# بىرىنچى باب

## كىشىلەر بىلىشكە ئىنتىلىدىغان مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ ئۈچ قانۇنىيىتى

مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ ئۈچ قانۇنىيىتى بار:
1. ئۆزىنى ئېنىق تونۇش؛
2. ئۆز خىزمىتىنى ئېنىق چۈشىنىش؛
3. ئەتراپىدىكى كىشىلەرنى ياخشى چۈشىنىش.

**مېنىڭچە، «چۈشەندىم» دېگەن سۆز دۇنيادا ئەڭ مۇھىم. ئالدى بىلەن نېمىنى چۈشىنىش كېرەك؟ بىرىنچى، ئۆزىنى چۈشىنىش؛ ئىككىنچى، ئەتراپىدىكى ئەر ـ ئاياللارنى چۈشىنىش.**

مەن گەپنى سىزدىن باشلايمەن. كەينىدىن سىز بىلەن ئاياللىرىڭىز (ياكى ئېرىڭىز)، پەرزەنتلىرىڭىز، سۆيگىنىڭىز، دوستلىرىڭىز ھەم سىز بىلەن ھەر كۈنى ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان ئادەملەر ھەققىدە پاراڭلىشىمەن. مەن سىزگە قانداق قىلغاندا ئۇلارغا تېزلىكتە توغرا باھا بەرگىلى بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىمەن. ئۇنىڭدىن سىز بىر قېتىم كۆزىتىش بىلەنلا كىمنىڭ ئەقىللىق، كىمنىڭ دۆت، كىمنىڭ سەمىمىي، كىمنىڭ ساختىپەز، كىمنىڭ چاققان، كىمنىڭ سۆرەلمە، كىمنىڭ ئەمەلىيەتچان، كىمنىڭ خىيالپەرەس، كىمنىڭ ئالاقىگە ماھىر، كىمنىڭ ئۇمىدۋار، كىمنىڭ يەپ ـ ئىچىشكە ئامراق، كىمنىڭ مۇزىكىغا زوقمەنلىكىنى، بىر قاراپلا بايقىۋالالايسىز ھەمدە سىز ئۇچراتقان ئادەملەرنىڭ قايسى خىلغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى بىلەلەيسىز. ئاندىن

مەن يەنە سىزگە ئۆزىڭىز ۋە باشقىلارنى كۆزىتىش ئارقىلىق ئېرىشكەن نەتىجىڭىزنى ئىجتىمائىي ئالاقە ۋە ئىشلىرىڭىزدا قانداق ئىشلىتىشنى (قوللىنىشنى) ئۆگىتىمەن.

يۇنان پەيلاسوپى سوقراتنىڭ «ئۆزىنى تونۇش» دېگەن مەشھۇر بىر جۈملە سۆزى بار. سۇلايمان پادىشاھمۇ «ئىلكىڭىزدىكى ھەممە نەرسىنى چۈشىنىشكە قارىتىڭ» دېگەن. مېنىڭچە، «چۈشەندىم» دېگەن سۆز دۇنيادىكى ئەڭ مۇھىم سۆز. ئالدى بىلەن نېمىنى چۈشىنىش كېرەك؟ بىرىنچى، ئۆزىنى چۈشىنىش؛ ئىككىنچى، ئەتراپىدىكى ئەر - ئاياللارنى چۈشىنىش. بۇ دۇنيادا زاھىت (دۇنيانى تەرك ئەتكەنلەر) ئادەمنىڭ خاراكتېرىنى توغرا پەرق ئېتەلمەيدۇ، سىز مەيلى خالاڭ ياكى خالىماڭ، كىشىلەر بىلەن بىرگە ئۆتمەي تۇرالمايسىز؛ ئۈچىنچى، سىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىڭىز ياكى بەختلىك بولۇشىڭىز ئەتراپىڭىزدىكى كىشىلەرنى چۈشىنىشىڭىز - چۈشەنمەسلىكىڭىزگە ھەم ئۇلار بىلەن ئىناق ئۆتۈش - ئۆتەلمەسلىكىڭىزگە باغلىق، بۇ تەتقىقات ئادىمىيلىك ئىلمى دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

بۇ پەننىڭ تەجرىبە قىلىشقا ئېھتىياجلىق بولغان باشقا پەن ئىلىملىرىغا ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، تەتقىق قىلغان ۋاقىتتا سىزنىڭ ئەسۋاب ۋە قورال ئىشلىتىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق، سىزنىڭ تەجرىبىخانىڭىز دەل سىزنىڭ ئەتراپىڭىزدىكى ئادەملەر. مەن سىزگە ئاق تەنلىكلەر بىلەن قوڭۇر تەنلىكلەرنى ئىلمىي ئانالىز قىلىشتىن كەلگەن پەرقلىق نۇقتىلارنى ئېيتىپ بەرگەندىن كېيىن سىز ئۆزىڭىز تونۇيدىغان بارلىق ئادەملەر بىلەن ئۆزىڭىزنى سېلىشتۇرۇۋالسىڭىز بولىدۇ؛ مەن بىر ئادەمنىڭ تەق - تۇرقى ئىپادىلىگەن سەممىيلىك ۋە ساختىپەزلىكنى سىزگە ئېنىق سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن، سىز دەرھال سىز بىلەن بىرلىكتە خىزمەت قىلىدىغان كىشىلەرنى پەرق ئېتەلەيسىز؛ مەن سىز قىلىشقا ئەڭ ماس كېلىدىغان كەسىپنى دەپ بەرگەندىن كېيىن سىز دەرھال شۇ خىزمەتنى ئىزدەپ تاپسىڭىز بولىدۇ؛ مەن سىزگە

كۆڭۈلدىكىدەك نىكاھ ئارقىلىق ئادەمنى قايىل قىلىش ۋە ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش تەدبىرلىرىنى سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن، سىز ناھايىتى ئىشەنچلىك ھالدا ياش قىز - ئوغۇللار دۇچ كەلگەن خىلمۇخىل نىكاھ مەسىلىلىرىنى بىر تەرەپ قىلالايسىز.

سىز خۇشاللىق ۋە مۇۋەپپەقىيەتكە ئوڭۇشلۇق ئېرىشىشنى خالامسىز؟ مەن ئىلگىرى نۇرغۇن داھىيلار ۋە تارىختىكى بىر قىسىم مەشھۇر كىشىلەرنى تەھلىل قىلىپ باققان، ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئۇلۇغ ئادەملەر خاراكتېر جەھەتتە ئىككى چوڭ ئالاھىدىلىكنىڭ بىرىنى، بەزىدە ھەتتا ئىككىلىسىنى تەڭ ھازىرلىغان بولىدۇ. بىرىنچى ئالاھىدىلىكى: باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان بۇ ئادەملەردە ئۇلارنىڭ قىزىقىشى ۋە ئىقتىدارىغا ماس كەلگەن ئېنىق ھايات نىشانى بولىدۇ. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىگە ماس كەلگەن ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىدۇ؛ ئىككىنچى ئالاھىدىلىكى: ئۇلارنىڭ ھەممىسى خاراكتېر پەرقلەندۈرگۈچىدۇر.

**بۇ دۇنيادا زاھىتلارلا باشقىلارنىڭ خاراكتېرىنى توغرا پەرق ئەتمىسىمۇ بولىدۇ. لېكىن، سىز مەيلى خالاڭ ياكى خالىماڭ، كىشىلەر بىلەن بىرگە ئۆتمەي تۇرالمايسىز. سىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىڭىز ياكى بەختلىك بولۇشىڭىز ئەتراپىڭىزدىكى كىشىلەرنى چۈشىنىشىڭىز ياكى چۈشەنمەسلىكىڭىز ھەم ئۇلار بىلەن ئىناق ئۆتۈش - ئۆتەلمەسلىكىڭىزگە باغلىق.**

بۇ كىتابنىڭ كېيىندىكى باب - بۆلەكلەردىن سىزنى ئەڭ چوڭ بەختكە ئېرىشتۈرىدىغان ۋە ھەممىنى چۈشىنىدىغان قىلىۋېتىدىغان ئۈچ خىل ئىقتىدارنى ئۆگىنەلەيسىز. ئۇ بولسا ئۆزىڭىزنى چۈشىنىش؛ ئۆزىڭىزگە مۇناسىپ كېلىدىغان خىزمەتنى چۈشىنىش؛ ئەتراپىڭىزدىكىلەرنى چۈشىنىش.

بۈگۈنكى دۇنيا ھەممە نەرسە ئىنتايىن تېز ئۆزگىرىۋاتقان،

ۋاقىت ئىنتايىن قىممەتلىك بولۇۋاتقان دۇنيا. شۇڭا، يوللۇق نەزەرىيەلەر ۋە شۇ خىلدىكى كىتابلار كىشىلەرنىڭ ئەڭ زور ئالقىشىغا ئېرىشىپ كېلىۋاتىدۇ.

سىز خۇشاللىقا ۋە مۇۋەپپەقىيەتكە ئوڭۇشلۇق ئېرىشىشنى خالامسىز؟ ھەرقانداق بىر داھىي ياكى شەخس خاراكتېر جەھەتتە ئىككى چوڭ ئالاھىدىلىكنىڭ بىرى، ھەتتا بەزىدە ئىككىسىنى تەڭ ھازىرلىغان بولىدۇ: بىرىنچى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىگە ماس كەلگەن كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىدۇ؛ ئىككىنچى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى خاراكتېر پەرقلەندۈرگۈچىلەردۇر.

نۇرغۇن ئادەملەر مېنى خاراكتېر ئانالىزچىسى ۋە كەسىپ يېتەكچىسى دەپ ئاتىشىدۇ. لېكىن، مەن ئۇلارنىڭ مېنى «خاراكتېر ئىنژېنېرى» دەپ ئاتىشىنى تېخىمۇ خالايمەن. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ تۆۋەندە مەن خىزمەت جەريانىدا يۈز بەرگەن بىر ئەمەلىي مىسال ئارقىلىق چۈشەندۈرۈپ ئۆتەي.

بۇنىڭدىن نۇرغۇن يىللار ئىلگىرىكى بىر كۈنى، بىر ياغاچچى 14 ياشلىق ئوغلى بىلەن ئىشخانامغا كىردى.

ئۇ ئىشىكتىن كىرىپلا ماڭا: «بالكىم ئەپەندىم، مەن ئوغلۇمنىڭ زادى قانداق خاراكتېردىكى ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلگۈم بار. شۇڭا، ئۇنىڭ خاراكتېرىنى ماڭا تەھلىل قىلىپ بېرىشىڭىزنى ئۆتۈنۈپ كەلدىم. سىزگە دەپ بېرەلەيدىغىنىم، ئۇنىڭ تالانتلىق بىر جۈپ قولى بار، ئۇ كۈنبويى بىرنەرسىنى ئۇچلاپ ئوينايدۇ، ئۇنىڭغا بىر پىچاق ھەم بىر پارچە ياغاچ بەرسىڭىز ناھايىتى خۇشال بولۇپ كېتىدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇنىڭ قولى ئىنتايىن ئەپچىل. ئەگەر مېنىڭ پەرىزىم توغرا بولسا، مەن ئۇنى مەكتەپكە بەرمەي ئۇنىڭغا ياغاچچىلىق ھۈنىرىنى ئۆگىتىپ ئىنتايىن ئۇستا ياغاچچى قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىققان بولاتتىم. ئۇ ئۇزاق ئۆتمەي كۈندە سەككىز يۈەن ئىش ھەققى تاپالايدىغان بولىدۇ» دېدى.

مەن ئوبيېكتىپ ئۇسۇل بويىچە (كىشىلەرگە قايسى خىل ئۇسۇل بىلەن قاراش كېرەكلىكىنى سىزگە كېيىن ئېيتىپ بېرىمەن) ئۇ بالىغا قارىدىم، مەن نېمىنى كۆردۈم؟ غەلىتە بىر ئىشنى كۆردۈم، كۆرگىنىم ئاددىي مېخانىك تالانتىدىنمۇ مۇھىم نەرسىلەر ئىدى. ئىنچىكىلىك بىلەن تەھلىل قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا دېدىم: «سىزنىڭ بالىڭىزدا ئادەتتىن تاشقىرى قىزىقىش بار ئىكەن، ئۇنىڭ كەسىپكە بولغان زوقمەنلىكىدىن چىقىرىلغان ئانالىز نەتىجىسى شۇكى، ئۇ ئادەملەر ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشنى ياخشى كۆرىدىكەن. ئۇنىڭدىكى چوڭقۇر ھېسداشلىق ئۇنىڭ تالانتى بىلەن تامامەن ئوخشاش ئىكەن، ئۇنىڭ ئەپچىل بىر جۈپ قولى بار. بۇنىسى ناھايىتى ئېنىق، لېكىن ئەپەندىم، سىز بالىڭىزنى ئوقۇشتىن قالدۇرسىڭىز بولمايدۇ. ئۇنداق قىلسىڭىز ئىنتايىن چوڭ خاتالىق ئۆتكۈزگەن بولىسىز. مەن سىزگە ئۇنىڭغا ئوقۇش پۇرسىتى بېرىشىڭىزنى، تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇتۇپ ئۇنىڭغا تاشقى كېسەللىكلەر ئوپېراتسىيە تېخنىكىسىنى پۇختا ئىگىلىتىش تەكلىپىنى بېرىمەن. ئەكسىچە ئۇنىڭغا كۈندە سەككىز يۈەن تاپالايدىغان ياغاچچىلىقنى ئۆگەتمەڭ، باشقىلارغا ھەقىقىي ياردەم بېرىدىغان پۇرسەتنى بالىڭىزغا بېرىڭ. شۇنىڭدا ئۇنى تېخىمۇ خۇشال قىلالايسىز ھەم ئۇنىڭ جەمئىيەتتىكى قىممىتىنى ھەم پۇل تېپىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرالايسىز.»

ئۇنىڭغا نېمە ئۈچۈن بۇنداق تەكلىپ بېرىمەن؟ باشقىچە قىلىپ ئېيتساق، مەن نېمە ئۈچۈن بۇلارنى بىلەلەيمەن؟ ئەمەلىيەتتە، بۇ كىتابتا سۆزلەنمەكچى بولغان خاراكتېر ئانالىزىنىڭ ئاددىي ئۇسۇللىرىدىن پايدىلاندىم.

ئەڭ ئاخىرىدا ياغاچچى مېنىڭ مەسلىھەتىمنى قوبۇل قىلدى، كېيىن ئوغلى پەۋقۇلئاددە ئەلا نەتىجە بىلەن سىنىپ بويىچە ئىككىنچى بولۇپ، تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتنى تاماملىدى.

ئەمەلىيەتتە، بىر ئادەمنىڭ ئىقتىدارىنى مۆلچەرلەش بىلەن ئۇنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش مەنە جەھەتتىن ئوخشاش. شۇڭا

خاراكتېر ئانالىز ئىلمىنى يەنە ئىلمىي بولغان كەسپىي يېتەكچى ئۇسۇلى دەپمۇ ئاتاشقا بولىدۇ. مېنىڭ سىزگە دېمەكچى بولغىنىم دەل مۇشۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، سىزنىڭ كەلگۈسىدە چوقۇم قىلالايدىغىنىڭىز — ئاۋۋال ئۆزىڭىزگە، ئاندىن باشقىلارغا تاقابىل تۇرۇش.

بۇ ئاڭلىماققا ئىنتايىن قىيىن، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ ئەمەلىيەتتە ئۇ ئىنتايىن ئاددىي، بىز سىزنىڭ ئارتۇقچىلىقىڭىز، ئالاھىدىلىكىڭىز ھەم ئاكتىپ ئامىللىرىڭىزنى قېزىپ چىقىپ ئۇلارنى قانداق قىلىپ غەلىبە قازىنىشنىڭ دەسمايىسىگە ئايلاندۇرۇۋالالايدىغانلىقىڭىزنى سىزگە ئېيتىپ بېرىمىز. سىزنىڭ يېتەرسىزلىكلىرىڭىزنىمۇ كۆرسىتىپ بېرىپ، سىزگە پايدىلىق پىكىرلەرنى بېرىمىز. ئۇلارنى قانداق تۈزىتىشنىڭ ئۇسۇللىرىنى ھەم سىزگە ئەڭ ماس كېلىدىغان خىزمەتلەرنى كۆرسىتىپ بېرىش ئارقىلىق سىزگە بولغان يېتەكچىلىكىمىزنى كۈچەيتىمىز. ئاخىرىدا مەن سىزگە بىر جۈپ كۆزىمىزگە تايىنىپ باشقىلارنىڭ خاراكتېرىنى قانداق ئايرىپ چىقىشقا بولىدىغانلىقىنى ئۆگىتىمەن.

مەن يۇقىرىدا كۆپ سۆزلىدىم. مەقسەت نېمە؟ نېمە ئۈچۈن ئۆزىڭىزنى بىلىشىڭىز، ئۆزىڭىزگە ماس كېلىدىغان خىزمەت تېپىشىڭىز كېرەك؟ نېمە ئۈچۈن باشقىلارغا باھا بېرىشىڭىز ھەم ئۇلارنى بىلىشىڭىز كېرەك؟ سەۋەبى ناھايىتى ئاددىي، پەقەت شۇنداق قىلىش ئارقىلىق تېخىمۇ زور غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش، خالاس. مەن نۇرغۇن يىل كىشىلەر پائالىيىتىنىڭ سەۋەبىنى تەتقىق قىلىپ قولغا كەلتۈرگەن نەتىجەمنىڭ يەكۈنى شۇكى، ئادەملەرنىڭ ئاڭلىق ھەم ئاڭسىز ھالدا تىرىشىپ ئىزدىنىشىنىڭ بىردىنبىر سەۋەبى، دەل «مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش — خۇشاللىق — مۇھىتقا ماسلىشىش»تىن ئىبارەت.

بىراق، ئۈمىد بولسىلا ئىش پۈتكەن بولمايدۇ. سىز چوقۇم بۇ گۈزەل غايىڭىزنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇشىڭىز، يىلىك ـ

يىلىكىڭىزگە سىڭدۇرۇۋېتىشىڭىز، قەلبىڭىزگە ئورناپ كەتكەن يۇكسەك ئىرادىنى ئېنىق ھېس قىلىشىڭىز كېرەك.

نېمە ئۈچۈن ئۆزىڭىزنى بىلىشىڭىز، ئۆزىڭىزگە ماس كەلگۈدەك خىزمەت تېپىشىڭىز كېرەك؟ نېمە ئۈچۈن باشقىلارغا باھا بېرىشىڭىز ھەم ئۇلارنى بىلىشىڭىز كېرەك؟ سەۋەبى ناھايىتى ئاددىي، پەقەت شۇنداق قىلىش ئارقىلىق تېخىمۇ زور غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش، خالاس.

**مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ بىرىنچى قانۇنىيىتى: ئىشنى ئۆزىڭىزنى كۆزىتىشتىن باشلاڭ.**

بۇ خىل ئۆزىنى كۆزىتىش ئەينەككە قاراپ ساقال ئالغانغا ئوخشىمايدۇ. بۇ قېتىم چوقۇم تەنقىدىي نۇقتىئىنەزەرنى قوللىنىش، دوختۇرلارنىڭ كېسەلگە دىياگنوز قويغاندا نېمىنى تەكشۇرمەكچى بولغىنىنى بىلگىنىگە ئوخشاش كۆڭۈلدە چوقۇم ئېنىق سان بولۇش كېرەك. ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا، سىزنىڭ كۆزەتمەكچى بولغىنىڭىز ئىنسانىيەت بەدەن شەكلىنىڭ توققۇز خىل ئالاھىدىلىكى. بۇلار سىزنىڭ ھۆكۈم قىلىش، دەڭسەپ كۆرۈشتە قوللىنىدىغان تېخنىكىلىق قوراللىڭىز. دەڭسەشتىن كېلىپ چىققان نەتىجىدىن سىز دەرھال ئۆزىڭىزگە قارىتا تەھلىل ئېلىپ بارالايسىز.

ئاندىن كېيىن، ئۆزىڭىزگە نىسبەتەن قايتىدىن گۇمانىي قاراشتا بولمايسىز. سىزنىڭ سەنئەت تالانتىڭىز بارمۇ؟ سىز دەرھال «بار» ياكى «يوق» دەپ جاۋاب بېرەلەيسىز. سىز ھەقىقەتەن سەممىيمۇ؟ بۇنىڭغىمۇ ناھايىتى تېزلىك بىلەن ھۆكۈم قىلالايسىز. سىزدە تاشقى قىياپەتكە ياكى ئىچكى قىياپەتكە ئېتىبار بېرىدىغان ۋە شۇنى قوغلىشىدىغان ئەر ياكى ئايالنى تونۇپ تۇرالايدىغان بەزى ئالاھىدىلىكلەر بارمۇ؟ سىز شۇ كەسىپنى قولىڭىزغا كەلتۈرۈپ ۋە ئۇنى قولىڭىزدا تۇتۇپ تۇرالامسىز؟ كۆزىتىڭ، يەنى ئىلمىي

ئۇسۇلدا كۆزىتىڭ! «ئۆزىڭىزنى ئېنىق تونۇڭ». مانا بۇ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ بىرىنچى قانۇنىيىتى، بەخت ۋە خۇشاللىققا ئېرىشىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى.

**مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ ئىككىنچى قانۇنىيىتى: ئۆز خىزمىتىڭىزنى ئېنىق چۈشىنىڭ.** سىز مائاشىڭىزنىڭ ئۆسمىگەنلىكىدىن ھەمىشە ئاغرىنامسىز؟ ھەمىشە خىزمەتتە چارچىغاندەك ھېس قىلامسىز؟ سىز ھەمىشە ئائىلىڭىز ياكى ئېرىڭىزنى سىزنى چۈشەنمەيدىغاندەك ھېس قىلامسىز؟ بەس! ئالدى بىلەن سىز ئۆزىڭىزدىن تۆۋەندىكى مەسىلىلەرنى سوراپ بېقىڭ: سىز ئۆز خىزمىتىڭىز ۋە كەسپىڭىزگە مۇناسىۋەتلىك تۈرلۈك تەرەپلەرنى تولۇق چۈشىنەلەمسىز؟ سىز تۈرلۈك پائالىيەتلەردە باشقىلار تەرىپىدىن ئاساسلىق كىشى دەپ قارىلامسىز؟ يولدىشىڭىزنى ھەقىقىي چۈشىنەمسىز؟ ئائىلىڭىزنى ھەقىقىي چۈشىنەمسىز؟

ئادەملەرنىڭ ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز رەۋىشتە تىرىشىپ ئىزدىنىشى «مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش — خۇشاللىق — مۇھىتقا ماسلىشىش» تىن باشقا نەرسە ئەمەس.

مەسىلەن، ناۋادا سىز بىر مال ساتقۇچى بولسىڭىز، بىر قاراپلا خېرىدارىڭىز كەسكىنمۇ، تالاشقاقمۇ، سۆزمەنمۇ، جاھىلمۇ، سەمىمىيمۇ، ھىيلىگەرمۇ، بۇنى بىلەلەمسىز؟ ياكى خېرىدارنىڭ گېپى بويىچە دېگەن نەرسىسىنى ئېلىپ بېرەمسىز؟

كېيىنكى بابلاردا، مەن سىزگە ئادەملەرنىڭ خاراكتېرىنى قانداق مۆلچەرلەش، ئۇلارنىڭ مال سېتىۋېلىش مۇددىئاسىنى قانداق بىلىش، خېرىدارنىڭ پىخسىق ياكى قولى ئوچۇق، گال ياكى چاققان ئىكەنلىكىنى قانداق پەرقلەندۈرۈش؛ سىز جەزمەن ئۇچرىشىدىغان خېرىدارلارنىڭ ھەر خىل مال سېتىۋېلىش مۇددىئاسىنى قانداق ئىگىلەش كېرەكلىكىنى ئېيتىپ بېرىمەن.

خانىم ـ قىزلار، سىلەرمۇ چوقۇم دىققەت قىلىڭلار! سىزمۇ خىزمەتتە كىشىلەرنىڭ تەبىئىتىنى چۈشىنىشىڭىز كېرەك! سىز قىزىڭىزنىڭ سىرداش دوستىمۇ؟ ئوغلىڭىزنىڭ يېقىن دوستىمۇ؟ ئېرىڭىز بىلەن پىكىر بىردەكلىكىڭىز بارمۇ؟ ناۋادا سىز بۇنى ئېنىق بىلمىسىڭىز، ئۇنداقتا، خاراكتېر ئانالىزى ۋە قوللىنىشچان پىسخولوگىيەنىڭ ئاددىي قائىدىلىرى ئوخشاشلا سىزگە ياردەم بېرەلەيدۇ. سىز چوقۇم ئاكتىپلىق بىلەن ئۇلارنى ئۆگىنىشىڭىز كېرەك، بۇلار بىكار پاراڭلىشىش، قارتا ئويناش، كىنو كۆرۈش، ئويۇن كۆرۈشلەرگە قارىغاندا قىزىقارلىق ھەم ئەھمىيەتلىكرەك.

**مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ ئۈچىنچى قانۇنىيىتى: ئەتراپىڭىزدىكى كىشىلەرنى ياخشى چۈشىنىڭ.** سىز ئىلمىي ئۇسۇلدا خاراكتېر تەھلىل قىلىشنى ئۆگىنىۋالغاندىن كېيىن، ئۆزىڭىز تونۇيدىغان بارلىق ئاياللار ياكى ئەرلەرنىڭ قەلبىنى ئاچىدىغان ئاچقۇچقا ئېرىشكەن بولىسىز. پەرەز قىلىپ بېقىڭ، ئۇچراتقان كىشىلەرنى چۈشىنىۋېلىش نېمىدېگەن مۇھىم ـ ھە! سىز تېخى ھېلىلا ئۆزىڭىز بىلەن سودىدا ياكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە بولغان ئادەمنىڭ سەمىمىي ياكى سەمىمىي ئەمەسلىكىنى بىلەلەمسىز؟ سىز ئۇنىڭغا ئىشىنەمسىز؟ سىزنىڭ ئۇنىڭ ئىشەنچلىك ياكى ئىشەنچلىك ئەمەسلىكىنى بىلگىڭىز بارمۇ؟ كىتابىنىڭ ئاخىرىدا تونۇشتۇرۇلغان بىر ئادەمنىڭ سەمىمىي ياكى سەمىمىي ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان 15 خىل بەلگە ئارىسىدىن قارشى تەرەپنى توغرا تونۇيالايسىز.

سىز بىر ئەرنى ئۇچراتتىڭىز ھەم ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالدىڭىز، ئەمما ئۇنىڭ ھېسسىياتى، خاراكتېرى قانداق؟ مۇلايىممۇ، ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭدا سەنئەت ياكى سودا تالانتى بارمۇ؟ بۇنى قالايمىقان ئويلاشقا بولمايدۇ. سىز جەزمەن بۇلارنى ئاۋۋال بىلىشىڭىز كېرەك. بۇ دەل بەختلىك نىكاھنىڭ ئەڭ ياخشى كاپالىتى.

ئەگەر سىز يۇقىرىدا بايان قىلىنغان مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ ئۈچ قانۇنىيىتىنى تولۇق ئىشلەتسىڭىز چوقۇم ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي تەرەپلەردە يۇقىرى پەللىگە ئۆرلىيەلەيسىز. بۇ بىلىملەر بىلەن پۇرسەت ئىشىكى پەقەت سىز ئۈچۈنلا ئېچىلىدۇ. غەلىبە سىزگە مەنسۇپ بولىدۇ.

سىزنى ئەڭ چوڭ بەختكە ئېرىشتۈرىدىغان ھەم سىزگە بارلىق نەرسىلەرنى تونۇتىدىغان ئۈچ خىل خىسلەتلىك دورا: ئۆزىنى تونۇش، ئۆزىگە ماس كېلىدىغان خىزمەتنى چۈشىنىش، باشقىلارنى چۈشىنىش. بۇ بىلىملەر بولسىلا پۇرسەت ئىشىكى پەقەت سىز ئۈچۈنلا ئېچىلىدۇ.

## ئىككىنچى باب

# خاراكتېرنى كۆزىتىشنىڭ ئاجايىپ ئۇسۇلى

بىزنىڭ نۇرغۇن ۋاقىت ئاجرىتىپ باشقىلارنى ۋە ئۆزىمىزنى قانداق تونۇشنىڭ سىرىنى ئىزدىشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق. تۆۋەندىكى مەزمۇنلار كىشىلەرنىڭ تۈرلۈك خاراكتېرىنى بىر قاراپلا بىلىۋېلىشىڭىزغا ياردەم بېرىدۇ.

يېرىم ئاي ئىلگىرى بىي ئىسىملىك بىرى مېنى ئىزدەپ كەلدى. ئۇ بىر كىچىك تۈرلۈك ماللار دۇكىنى ئاچىدىكەن. تام ئىسىملىك 28 ياشلىق بىر ئوغلى بار ئىكەن. بىي ئەپەندى ئوغلىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىزىنى بېسىپ داڭلىق سودىگەر بولۇپ چىقىشىنى ئارزۇ قىلىدىكەن. شۇڭلاشقا ئۇ ئوغلىنىڭ مەلۇم بىر ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ سودا باشقۇرۇش مەخسۇس كۇرسىنى پۈتكۈزۈپ ئۆزىگە (دۇكىنىغا) ياردەمچى قىلىشنى ئويلايدىكەن. بىراق، ئوغلى بۇنى ياخشى كۆرمەيدىكەن. گەرچە ئۇ سودا قىلىشنى ناھايىتى تىرىشىپ ئۆگىنىپ باققان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا بۇ كەسىپكە ئىشتىياق باغلاپ كېتەلمەپتۇ. ئەكسىچە، ئۇ كىيىم ـ كېچەك لايىھەلەشكە ئىنتايىن قىزىقىدىكەن. ئادەتتىكى كۈنلەردە ۋاقىت چىقسىلا ھەر خىل رەختلەرنى ئۇچىسىغا ئارتىۋېلىپ، قەغەزگە ھەر خىل شەكىل (پاسون)لەرنى سىزىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇ دادىسىغا ئۆزىنىڭ كەچلىك كۇرستا كىيىم ـ كېچەك لايىھەلەش دەرسىگە قاتنىشىدىغانلىقىنى دەپتۇ، بىي ئەپەندى ئىنتايىن ئاچچىقلىنىپ كېتىپتۇ. ئۇ سىمىز ھەم مىجەزى قوپال ئادەم ئىكەن (كېيىن مەن بۇ خىل ئادەملەرنىڭ خاراكتېرىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمەن)، بۇ ئىشنى قەتئىي قوبۇل

قىلالماپتۇ. ئۇ كېيىم ـ كېچەك لايىھەلەش قىزلارغا ماس كېلىدىغان خىزمەت، بۇ خىزمەتنى ئوغلۇم قىلسا ئىستىقبالى بولمايدۇ، چوڭ ئىشلارنى قىلالمايدۇ، دەپ ئويلايدىكەن.

**تۇرغۇنلىرىمىز بىر ئۆمۈر قارىغۇلارچە ئۇرۇنۇپ يۈرىمىز، لېكىن تۇرغۇن كىشىلەر ئۆزىنىڭ ھېچقانداق نەتىجە چىقىرالمىغىنىنى ھېس قىلغىنىدا، پۇشايماننى ئالىدىغان قاچا تاپالماي قالىدۇ.**

تام 23 ياشقا كىرگەن بولۇپ دادىسىدىنمۇ ئۆتە جاھىل ئىكەن. ئۇ بىر تەرەپتىن دادىسىنىڭ دۇكىنىدا خىزمەت قىلسا، بىر تەرەپتىن كەچلىك كۇرسىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. ئۇنى ئاپىسى ناھايىتى قوللاپتۇ. كېيىنكى ئۈچ يىل ئىچىدە تام دۇكاندىكى خىزمىتىدىن بارغانسېرى زېرىكىپتۇ. كەچلىك كۇرسقا بارسا ئىنتايىن خۇشال بولۇپ كېتىدىكەن.

بىركۈنى تام دادىسىنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ دادىسىغا ئۆزىنىڭ باشقا بىر ئىش تاپقانلىقىنى ئېيتىپتۇ. چۈنكى، ئەينى ۋاقىتتا دەل ئىقتىساد كەينىگە چېكىنىۋاتقان مەزگىل بولۇپ، خىزمەت تېپىش ناھايىتى تەس ئىكەن. لېكىن، تام ھەقىقەتەن خىزمەت تاپقان بولۇپ، مەلۇم يىپەك توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ لايىھەلىگۈچىسى بولغان، ھەپتىلىك مائاشى 40 يۈەن ئىكەن.

بىي ئەپەندى ماڭا تامنىڭ ئىشلىرىنى دەپ بېرىۋېتىپ تامنىڭ داۋاملىق مائاشى ئۆسۈپ، ھازىرقى يىللىق كىرىمىنىڭ 6000 يۈەندىن ئاشقانلىقىنى دەپ بەرگەنىدى (ئەينى ۋاقىتتا 6000 يۈەنلىك يىللىق كىرىم ئىنتايىن يۇقىرى كىرىم).

ھازىر مەن سىزگە مۇھىم نۇقتىنى دەپ بېرىمەن. بىي ئەپەندى ئەسلىي ماڭا ئوغلىنىڭ خاراكتېرىنى ئانالىز قىلىپ بېرىشىمنى دەپ كەلگەنىدى. مەن بىي ئەپەندىنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بىي ئەپەندى ئوغلىنى چۈشەنمىگەنلىكىدىن مانا مۇشۇنداق كۆپ ئۇقۇشماسلىقلار پەيدا بوپتىكەن، دەپ ئويلىدىم !

ئومۇمەن كىشىلەرنىڭ تالانتى كۆمۈلۈپ قالىدۇ ياكى جايىغا ئىشلىتىلمەيدۇ، ئۆزىدە ئىپادىلەنگەن ئىقتىدارنى ئۆزگە ماس كەلمەيدىغان جاپالىق ئەمگەك ياكى خىزمەتكە دەپنە قىلىۋېتىدۇ. ئاتا ـ ئانىلار ۋە ئوقۇتقۇچىلار كۆپ ھاللاردا سەنئەت تالانتى بار بالىنى تېخنىكا ئىنژېنېرى، سودا تالانتى بار بالىنى ماھىر مۇزىكانت قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئەسلى باغۋەن ياكى ئىلىم ـ پەن تەتقىقاتچىسى بولۇشقا مۇناسىپ كېلىدىغانلار خاتا ھالدا ئوقۇتقۇچى ياكى دوختۇر، ياكى ئادۋوكات، ياكى پوپ بولۇپ قالىدۇ.

ئەمەلىيەتتە، ئەگەر بىي ئەپەندى ئىلمىي خاراكتېر ئانالىز ئۇسۇلى ۋە كەسپىي يېتەكچىلىك سەنئىتىنىڭ ئەڭ ئاددىي پرىنسىپلىرىنى ئانچە ـ مۇنچە بىلگەن بولسا، ئوغلىنى دۇكان غوجايىنى قىلغاندا ئوغلىنىڭ خۇشال بولمايدىغانلىقىنى ھەم ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلمەيدىغانلىقىنى بىلگەن بولاتتى. رەسىم ئارقىلىق مەن شۇنى بايقىدىمكى، بۇ ياشنىڭ تېرىسى ئىنتايىن نېپىز، بۇرنى ئىنچىكە ھەم ئېگىز، پېشانىسى تۈز، بېشىنىڭ چوققىسى ئېگىز ھەم كەڭ، مۇسكۇللىرىنىڭ ئېلاستىكىلىقى ناھايىتى ياخشى ئىدى، ئۇنىڭدا ئىجادىي كۈچ ۋە سەنئەت تالانتى ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. ناۋادا ئۇنىڭغا ئۆزىنى نامايان قىلىش پۇرسىتى بار خىزمەت بەرمىسە ئىنتايىن چوڭ خاتالىق بولىدۇ. بىي ئەپەندى چۈشەندى، ئۆزىنىڭ ئىلمىي كەسپىي يېتەكچىلىك سەنئىتىنى چۈشەنمەيدىغانلىقىنى بىلدى. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ ماڭا يەنە بىر ئوغلىنىڭ خاراكتېرىنى ئانالىز قىلىپ بېرىشىمنى ئۆتۈندى.

بىرنەچچە يىل ئىلگىرى مەن ئۆيدە ئادەتتىكىچە زىياپەت ئۆتكۈزدۈم. تاماقتىن كېيىن بىرەيلەن ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشىنى ئىنتايىن ئاددىي بىرقانچە جۈملە بىلەن يېزىپ چىقىشنى، ھەتتا ئۇنى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن قەبرىسىگە ئويۇپ

ئابىدە قالدۇرۇش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن كۆپچىلىك قەغەز ۋە قەلەم ئېلىپ يېزىشقا كىرىشتى، يېزىپ بولغاندىن كېيىن ئۆزئارا ئوقۇشتى، بىر ياشنىڭ يازغىنىنى تاكى ھازىرغا قەدەر ئۇنتۇيالمايمەن. ئۇ قەغەزگە بىر «—»، بىر «!»، بىر «.» بەلگىسى قويغانىدى. مەن ئۇنىڭدىن بۇنىڭ مەنىسىنى سورىغىنىمدا ئۇ سوغۇققانلىق بىلەن «مەقسەتسىز قىلىنغان ئىشنىڭ نەتىجىسى بولمايدۇ. ئاخىرىدا ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەي بۇ دۇنيادىن ئارمان بىلەن كېتىپ قالىدۇ»، دېگەنىدى.

بۇ ھەقىقەتەن بىر تىراگېدىيە ئىدى، ھەممىمىز قارىغۇلارچە ئۇرۇنۇپ يۈرىمىز؛ نۇرغۇن ئادەم ئۆزىنىڭ ھېچقانداق نەتىجە چىقىرالمىغىنىنى ھېس قىلغىنىدا پۇشايمانىنى ئالىدىغان قاچا تاپالماي قالىدۇ.

يەنە بىر تەرەپتىن، بىز يېڭى ئىلمىي خاراكتېر ئانالىز ئۇسۇلىنى بىلمىگەچكە، ئومۇمەن، كىشىلەرنىڭ تالانتى كۆمۈلۈپ قالىدۇ ياكى جايىغا ئىشلىتىلمەيدۇ. ئۆزىدە ئىپادىلەنگەن ئىقتىدارنى ئۆزىگە ماس كەلمەيدىغان جاپالىق ئەمگەك ياكى خىزمەتكە دەپنە قىلىۋېتىدۇ. ئاتا - ئانىلار ياكى ئوقۇتقۇچىلار كۆپ ھاللاردا سەنئەت تالانتى بار بالىنى تېخنىكا ئىنژېنېرى، سودا - سېتىقتا ماھىر بالىنى مۇزىكانت قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىرىدۇ، ئەسلىي باغۋەن ياكى ئىلىم - پەن تەتقىقاتچىسى بولۇشقا مۇناسىپ كېلىدىغانلار خاتا ھالدا ئوقۇتقۇچى ياكى دوختۇر، ئادۋوكات، پوپ بولۇپ قالىدۇ. ئالاھىدە ئىقتىدارلىق ياكى تالانتلىق نۇرغۇن ياشلار ئەكسىچە ئۆزىنىڭ تالانتىغا قىلچە مۇناسىۋەتسىز كەسىپلەردە خىزمەت قىلماقتا. بۇ دەل ئۇلارنىڭ تالانتىنى ئىسراپ قىلغانلىق، بۇ ھەقىقەتەن بەك ئەپسۇسلىنارلىق ئىش! ھېلىمۇ ياخشى بۇلارنىڭ ھەممىسىنىلا قۇتقۇزۇۋالغىلى بولمايدۇ، دېگىلى بولمايدۇ. چۈنكى خاراكتېر ئانالىز ئۇسۇلى ئىنتايىن ئاددىي بىلىم بولۇپ، ناھايىتى ئاسانلا ئۆگىنىۋالالايسىز.

بۇ ۋاقىتتا سىز يەنە «بۇ ئاسان گەپ ئىكەن، مەن شۇنداق قىلالايمەنمۇ؟ خاراكتېرگە قانداق ھۆكۈم قىلىمەن؟ قانداق قىلسام ئۆزۈمنى ياخشى چۈشىنىپ ئۆزۈمگە ئەڭ مۇناسىپ كېلىدىغان خىزمەت تېپىشنى ئۆگىنەلەيمەن؟» دېيىشىڭىز مۇمكىن.

بۇ ناھايىتى ئاسان ھەل بولىدىغان مەسىلە. بىز گەپنى نېگىزىدىن باشلايلى. ئادەتتە مەيلى ئەر ياكى ئايال بولسۇن، كىشىلەرگە سەپسالغان ۋاقىتتا ئوخشاش ئۇسۇل ئىشلىتىلىدۇ، يەنى كۆز ئارقىلىق كۆزىتىلىدۇ. شۇڭا بىزنىڭ بىرىنچى قەدەمدە ئۆگىنىدىغىنىمىز دەل كىشىلەرگە قاراش (كۆزىتىش) ئۇسۇلى.

بىر گېئولوگ بىر تال تاشقا قاراپلا يەر شارىنىڭ شەكىللىنىش ھېكايىسىنى سۆزلەپ بېرەلەيدۇ؛ بىر بىيولوگ بىر تۈپ ئۆسۈملۈككە قاراپ ئۆسۈملۈكلەر دۇنياسىدىن قىزىقارلىق خاتىرە يېزىپ چىقىدۇ؛ بىر ئاسترونوم 100 ئىنگلىز چى ئۇزۇنلۇقتىكى يىراقنى كۆزىتىش ئەينىكى ۋە نۇر چېچىش ئەينىكىنى ئىشلىتىپ يەر شارى بىلەن ئارىلىقى 1 مىلىيوندىن ئارتۇق نۇر يىلىغا تەڭ بولغان يۇلتۇزنى كۆزىتىپ، ئاندىن چوڭ ـ كىچىكلىكى، سۈرئىتى، تۈزۈلۈشى، خىمىيە ۋە گازنىڭ شەكىللىنىشى قاتارلىقلارنى ھېسابلاپ چىقىپ بىر پارچە ئىلمىي ئەسەر يېزىپ چىقىدۇ.

ئۇنداقتا، بىز نېمە ئۈچۈن ئۆزىمىز بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان ئادەملەرنى كۆزەتسەك، تەتقىق قىلساق، ئانالىز قىلساق بولمايدۇ؟ سىز بەلكىم «بىز نېمىنى كۆزىتىشىمىز كېرەك»، دەپ سورىشىڭىز مۇمكىن، ئەمەلىيەتتە ئادەملەرنىڭ بەدەن شەكلىدە توققۇز خىل ئوخشاشماسلىق بار. شۇڭا ئىلمىي خاراكتېر تەتقىقات ئۇسۇلىنى ئۆگەنگۈچىلەر چوقۇم بۇ توققۇز خىل ئوخشاشماسلىقنى بىلىشى ھەم ئۇنى ئادەمنىڭ خاراكتېرىنى كۆزىتىش ھەم ھۆكۈم قىلىشقا ئىشلىتىشتەك ئۆلچەملىك تېخنىكىنى بىلىشى كېرەك. بىز بۇنى «توققۇز خىل بەدەن تېپىدىكىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى» دەپ ئاتايمىز. بۇ خىل تەننىڭ تاشقى شەكلىنى كۆزىتىشتىن ئېرىشكەن

بىرقانچە ئالاھىدىلىكلەر ئارقىلىق ھەرقانداق ئادەمنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرىنى بىر قاراپلا چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ.

ئالدى بىلەن قىسقىچە چۈشەندۈرۈپ ئۆتەي:

**1. بەدەنىنىڭ رەڭگى.** تېرە، چاچ، كۆز ۋە ساقال ھەر ئادەمنىڭ ھەر خىل بولىدۇ. بەزى ئادەملەرنىڭ چېچى سېرىق، كۆزى كۆك، تېرىسى ئاق بولىدۇ. بەزىلىرىنىڭ چېچى قارا، كۆزى قارا، تېرىسى سېرىق بولىدۇ. بەدەن ئەزالىرىنىڭ رەڭگى ئوخشاشمىغان ئادەملەر خاراكتېر، مىجەز، بەدەن، ئەقىل ـ ئىدراك قاتارلىق ھەر خىل جەھەتلەردىن روشەن پەرقلىق بولىدۇ.

**2. كىشىلەرنىڭ چىراي شەكلى.** پېشانىسى، كۆزى، بۇرنى، ئېغىزى، ئېڭىكىنىڭ شەكلى قاتارلىقلار بىر ـ بىرىگە ئوخشاشمايدۇ.

**3. بۇ خىل پەرق تۇزۇلۇش ئالاھىدىلىكى دەپمۇ ئاتىلىدۇ.** ئادەم بەدىنىنىڭ تەن ساپا قۇرۇلمىسى ئۈچ خىل تۈردىن تۈزۈلىدۇ: دانىشمەن ياكى مۇتەپەككۇر تىپى. بۇ خىل ئادەملەردە پىلان، پەرەز ۋە ئىجاد قىلىش كۈچى بولىدۇ. ئەمەلىيەتچىل تىپ. بۇ تىپتىكىلەر قول ۋە بەدىنىنى ئىشلىتىش ئارقىلىق مۇتەپەككۇر تىپىدىكى ئادەملەر تۈزگەن پىلانلارنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ؛ ئاخىرىدىكىسى جاسارەت كۈچى بار باشقۇرغۇچى تىپتىكىلەر بولۇپ، بۇ تىپتىكى ئادەملەر مەخسۇس ئالدىنقى ئىككى خىل تىپتىكى ئادەملەرنىڭ خىزمىتىنى كۆزىتىدىغان، ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم بېرىدىغان ئادەملەردۇر. بۇ ئۈچ خىل تىپتىكى ئادەملەرنى سىز ئۇلارنىڭ بەدىنىنىڭ تۈزۈلۈشىگە قاراپلا تونۇپ چىقالايسىز.

**4. ئادەملەرنىڭ چېچى، تېرىسى، يۈز قۇرۇلۇشى ئوخشاش بولمايدۇ.** بوۋاقلارنىڭ چېچى ئىنچىكە ھەم يۇمشاق، يۈزى ئاق ھەم يۇمران بولىدۇ، بەزى چوڭلارنىڭمۇ شۇنداق بولىدۇ. بەزى ئادەملەرنىڭ بولسا چاچلىرى توم ھەم قاتتىق، تېرىسى يىرىك بولىدۇ.

**5. ئادەملەرنىڭ مۇسكۇلىنىڭ ئېلاستىكىلىقى ۋە ئۇستىخىنىنىڭ قاتتىقلىقى ئوخشاش بولمايدۇ.** باشقىلار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەن ۋاقتىڭىزدا مۇنداق قوللارنى ئۇچرىتىپ باققانمۇ؟ سىز قارشى تەرەپنىڭ قولىنىڭ يۇمشاق ھەم گۆشلۈك ئىكەنلىكىنى، كۈچەپ سىقسىڭىز ئۇ قولنى بارماقلىرىڭىز ئارىسىدىن سىيرىلىپ چىقىپ كېتىدىغاندەك ھېس قىلامسىز؟ بۇ خىل ئادەملەرنىڭ خاراكتېرىنى قول بارماقلىرى قاتتىق ھەم كۈچلۈك بولغانلارنىڭ خاراكتېرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، كېسىپ ئېيتىمەنكى، ئۇلار ئارىسىدىكى خاراكتېر پەرقلىق بولىدۇ. يەنە بەزى ئادەملەرنىڭ سۆڭىكى خۇددى سوزغىلى ۋە يىغقىلى بولىدىغاندەك يۇمشاق؛ بەزى ئادەملەرنىڭ سۆڭىكى ئېلاستىكىلىق؛ يەنە بەزى ئادەملەرنىڭ سۆڭىكى تاشقا ئوخشاش قاتتىق بولىدۇ. كېيىنكى بابلاردىن سىز سۆڭەكنىڭ ئوخشاشمالىقىغا قاراپ كىشىلەرنىڭ مىجەز - خاراكتېرىنىڭمۇ پەرقلىق بولىدىغانلىقىنى بىلىۋالالايسىز.

**6. بەدىنىمىزنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشتىكى چوڭ - كىچىكلىك نىسبىتى ئوخشاش بولمايدۇ.** ئەگەر سىز بۇ جەھەتتە يەنىمۇ چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بارسىڭىز، خاراكتېر ھەققىدىكى نۇرغۇن قىزىقارلىق بىلىملەرنى بايقىۋالالايسىز.

**7. بەدەن شەكلىمىزدە پەرق ناھايىتى زور.** بەزىلەر ناھايىتى قاۋۇل كەلسە، بەزىلەر پاكار ھەم زېرەك كېلىدۇ. شۇڭا بۇ ئىككى خىل تىپتىكى ئادەملەرنىڭ خاراكتېرى ئوخشاش بولمايدۇ.

ئادەمنىڭ تەبىئىتى ھەققىدە ئىلمىي، توغرا بىلىمگە ئېرىشمەكچى بولسىڭىز، چوقۇم ئادەملەرنىڭ بارلىق بەلگىلىرىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىڭ.

**8. تۇرلۇك ھەرىكەت ئىپادىلىرىمىزمۇ ئوخشاشمايدۇ.** مەسىلەن، مېڭىش ـ تۇرۇشىمىز، ئاۋازىمىز، قول ئىلىشىشىمىز، پوچېركىمىز، پوزىتسىيەمىز، تەق ـ تۇرقىمىز ۋە كىيىنىشىمىز قاتارلىقلار. ئەمما، نىسپىي قىلىپ ئېيتقاندا، بۇلارنى ئاڭلىق ھالدا ئۆزگەرتكىلى ۋە ئىدارە قىلغىلى بولىدۇ.

**9. تەن ساپاسىنىڭ ياخشى ـ يامانلىقى ۋە كېسەللىكنىڭ بار ـ يوقلۇقى.** ئالدىدا بايان قىلغان تېرە رەڭگى، يۇز قۇرۇلۇشى، جۇغى قاتارلىق سەككىز خىل ئوخشاشماسلىقتىن بىر ئادەمنىڭ جاسارىتى، پائالىيەتچانلىقى، ئىشچانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ، بەدەنىنىڭ كۈچلۈك ـ ئاجىزلىقى ياكى يەللىك بوغۇم ئىششىقى، يۈرەك كېسىلى، بادامسىمان بەز ياللۇغى قاتارلىق كېسەللىكلەر ئادەملەرنىڭ جاسارىتىگە قارشىلىق كۆچ پەيدا قىلىدۇ. شۇڭا، ئادەمنىڭ تەبىئىتى ھەققىدە ئىلمىي، توغرا بولغان بىلىمگە ئېرىشەي دېسىڭىز، چوقۇم ئادەملەرنىڭ بارلىق بەلگىلىرىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىشىڭىز كېرەك. مەسىلەن، جاسارەتلىك ئادەمنىڭ بىر قاراپلا بىلىۋالغىلى بولىدىغان 19 خىل بەلگىسى بولىدۇ. ئاپتور 1913 ـ يىلى روزۋېلىت ئاقساقالنىڭ تەق ـ تۇرقىنى تەھلىل قىلغاندا ئۇنىڭدىن بۇ 19 خىل بەلگىنىڭ ھەممىسى بارلىقى ئايان بولغان. ناۋادا سىز شۇ 19 خىل بەلگىنى ئۆزىدە ھازىرلىغان بىر ئايال ياكى بىر ئەرنى ئۇچرىتىپ قالسىڭىز، ئۇنداقتا ئۇ چوقۇم روزۋېلىت ئاقساقالغا ئوخشاش جاسارەتلىك بولىدۇ.

شۇڭا يۇقىرىدا تەسۋىرلەنگەن ئادەم بەدىنىنىڭ توققۇز خىل ئالاھىدىلىكى دەل ئادەمنىڭ تەبىئىتىنى ئېنىق كۆزىتىشنىڭ ئاچقۇچى. سىز پەقەت ئۆزىڭىز ئۇچراتقان ئادەملەرگە بۇ تېخنىكىنى قوللانسىڭىز، ئۇنداقتا سىز بىر قاراپلا ئۇنىڭ خاراكتېرى ۋە مىجەزىنى بىلەلەيسىز.

ئومۇمەن، ئىلمىي بولغان خاراكتېر ئانالىز ئۇسۇلى ئارقىلىق كۆزىتىلىدىغان ئىنسانلارنىڭ توققۇز خىل ئالاھىدىلىكى بولسا:

1. رەڭگى — چاچ، تېرە، كۆز، ساقال.

2. شەكلى — پېشانە، كۆز، بۇرۇن، ئېغىز، ئېڭەك.

3. قۇرۇلۇشى — دانىشمەن تىپى؛ پائالىيەتچان، ساغلاملار تىپى؛ كۈچلۈك ياكى راھەتپەرەسلەر تىپى.

4. توقۇلمىسى — چاچنىڭ ئىنچىكە - توملۇقى، تېرە، يۈز قۇرۇلۇشىنىڭ نازۇك - قوپاللىقى.

5. قاتتىقلىقى — مۇسكۇل ۋە سۆڭەكنىڭ بوش - چىڭلىق دەرىجىسى.

6. سىلىشتۇرۇش — يۈز، باش ۋە بەدەننىڭ سىلىشتۇرۇلۇشى.

7. بەدەن ھەجمى — بەدەننىڭ چوڭ - كىچىكلىكى.

ئادەم بەدىنىدىكى توققۇز خىل ئوخشاشماسلىق دەل ئادەم تەبىئىتىنى ئېنىق كۆرسىتىشنىڭ ئاچقۇچى. ئادەتتە سىز ئۇچراتقان بارلىق ئادەملەرگە نىسبەتەن بۇ بىر يۈرۈش تېخنىكىلارنى ئىگىلىسىڭىزلا، ئۇنداقتا سىز بىر قاراپلا ئۇنىڭ بارلىق مىجەز ۋە خاراكتېرىنى ئېنىق كۆرەلەيسىز.

8. ئىپادىلەش — ھەرىكەت، ئاۋاز، پوزىتسىيە، كىيىنىش، پوچېركا، قول ئېلىشىش.

9. بەدەن ساپاسى — كۈچلۈك - ئاجىزلىقى.

# ئۈچىنچى باب

## تېرە رەڭگىدىن ئادەملەردىكى پەرقنى كۆزىتىش

يۈز بىلەن تېرىنىڭ رەڭگىنى توققۇز خىل ئالاھىدىلىك ئىچىدىن ئەڭ ئاسان كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ (بۇ بابتا بايان قىلىدىغىنى ئاق تەنلىك سېرىق چاچ ۋە سېرىق تەنلىك قارا چاچ ئادەملەرنى تەھلىل قىلىش بولۇپ، ياۋروپا ـ ئامېرىكا كىشىلىرىگە باھا بېرىشكە ئەڭ ماس كېلىدۇ. شەرقنىڭ ئادەملىرىگە ئانچە ماس كەلمەسلىكىمۇ مۇمكىن. ئەمما بۇ يەكۈنلەرنىڭ ھەممىسى ئەمەلىي پاكىتقا ئىگە، شۇ سەۋەبتىن تەرجىمە قىلىنسا پايدىلىنىش قىممىتى بار ــ تەرجىماندىن). يېقىندا ئاپتور ئىككى ياشنىڭ مۇنازىرىسىنى ئاڭلىدى، بىرەيلەن كەيفىلايىس ھوللىۋۇدتىكى ئەڭ ئالقىشقا ئېرىشكەن ئايال ئاكتىيور دېسە، يەنە بىر ياش كونبانىنى ئەڭ داڭلىق ئايال كىنو ئارتىسى، ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان ئايال ئاكتىيور يوق، دەپ كېسىپ ئېيتتى. كونبانىنى مېنىڭ دىققىتىمنى بەكرەك تارتتى، چۈنكى بىر ئاينىڭ ئالدىدا مەن ئۇنىڭ خاراكتېرىنى ۋاكالىتەن تەھلىل قىلغان. كونبانىنى بىلەن كەيفىلايىس دەل ئاق تەنلىك ۋە قوڭۇر تەنلىكلەرنىڭ ئەڭ ياخشى ۋەكىلى بولالايتتى. ئەمما، ئۇ ئىككىيلەننىڭ تالاش ـ تارتىش قىلىشىنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق. ئۇلار بۇ ئىككى ئادەمنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرىنىڭ ئوخشاشماسلىقىدىكى ئىلمىي ۋە تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشنى چۈشەنگەن بولسا، ئۇنداق قىلمايتتى.

«سىز نېمە ئۈچۈن سېرىق چاچلىق قىزنى ياقتۇرىسىز؟»، «خانقىز، سىز نېمە ئۈچۈن قوڭۇر تەنلىك، قارا كۆزلۈك يىگىتنى ياخشى كۆرىسىز؟» بۇ مەسىلىلەرنىڭ جاۋابىنى چۈشەنمەكچى

بولسىڭىز، پىسخولوگىيە بىلەن تارىخنى ئۇجۇر - بۇجۇرلىرىغىچە چوڭقۇر تەتقىق قىلىشىڭىز كېرەك. بۇ بىر مىللەتنىڭ گۈللىنىش ۋە خارابلىشىشى ھەم پادىشاھلىقنىڭ قانچە ئۇزاق سەلتەنەت سۈرۈشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

بىرىنچى دەرس خاراكتېرنى تەھلىل قىلىشنىڭ ئىلمىي ئۇسۇلىنى ئۆگىنىپ بولغاندىن كېيىن كۆپ ساندىكى ئادەملەرنىڭ ئاق تەنلىك ياكى قوڭۇر تەنلىك ئىكەنلىكىنى تۈرگە ئايرىپ بېرەلەيسىز. ئەلۋەتتە ئادەملەر ئىچىدە ئاقمۇ ئەمەس، قوڭۇرمۇ ئەمەس ئادەملەرمۇ بار، بۇنداق چاغدا باشقا تەن ئالاھىدىلىكلىرىگە قاراپ ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ. نۆۋەتتە بىز ساپ ئاق تەنلىك ياكى ساپ قوڭۇر تەنلىك ئادەملەرنىڭ خاراكتېرىنى سۆزلەپ ئۆتىمىز.

مەشھۇر ئالىم خېكېرنىڭ سۆزىگە ئاساسلانغاندا، بارلىق ئادەملەرنى تۆۋەندىكى ئىككى چوڭ تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ: تېرىسى قېنىق رەڭلىك كىشىلەر، تېرىسى سۇس رەڭلىك كىشىلەر. يەنىمۇ ئىنچىكىلىك بىلەن تۈرگە ئايرىساق چېچى، كۆز قارىچۇقى، تېرىسى ۋە ساقىلى (ئەگەر ئەر كىشى بولسا) قاتارلىقلارنىڭ رەڭگىگە ئاساسەن ئايرىشقا بولىدۇ؛ غەربلىكلەر چېچى ئاق، كۆزى سۇس رەڭلىك، چېچى سېرىق، كۆزى كۆل رەڭ، چېچى قىزىل، كۆزى كۆك ئادەملەرنى ئاق تەنلىك دەپ قارايدۇ.

چېچى سۇس قوڭۇر، كۆزى كۆكۈچ كۆل رەڭ، قوڭۇر چاچ، كۆزى قېنىق كۆك رەڭلىك، قوڭۇر چاچ، كۆزى سۇس قوڭۇر رەڭلىك ئادەملەرنى ئاق - قارا تەنلىكلەر ئارىسىدىكى ئادەملەر دەپ قارايدۇ. چېچى قېنىق قوڭۇر، كۆزى قېنىق قوڭۇر، قارا چاچلىق، قارا كۆزلۈك، قوڭۇر ياكى سېرىق تەنلىك ئادەملەر ۋە قارا تەنلىكلەر بىردەك تېرىسى قارا رەڭلىكلەرگە تەۋە بولىدۇ.

سىز ئەمدىلا ئۆزىڭىزنى تەھلىل قىلىشنى باشلىغان ۋاقتىڭىزدا، ئالدى بىلەن قايسى خىل رەڭگە تەۋە ئىكەنلىكىڭىزگە قاراپ بېقىڭ. ئەمما نېمە ئۈچۈن ئاق ياكى قارا بولىدۇ؟ سىزنىڭ چېچىڭىز، كۆزىڭىز، تېرىڭىزنىڭ رەڭگى قەيەردىن كەلگەن؟ نېمە

ئۇچۇن ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش رەڭدە بولمايدۇ؟ ئەجەبا بۇ بىر ناھايىتى قىزىقارلىق مەسىلە ئەمەسمۇ؟ لېكىن كۆپلىگەن ئادەملەر چۈشەنمەيدۇ، ھەئە، مەن تۇغۇلۇشۇمدىلا مۇشۇنداق دەيدۇ.

ئىنسانشۇناسلار ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ تەدرىجىي تەرەققىياتىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئەڭ دەسلەپكى ئىنسانلارنىڭ ئىسسىق بەلباغ ۋە مۆتىدىل بەلباغ رايونلىرىدا ياشىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. كۆپلىگەن ئىنسانلارنى تەتقىق قىلغۇچى مۇتەخەسسىسلەر شۇنى ئېتىراپ قىلىدۇكى، ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ تېرىسى توق قوڭۇر رەڭدە بولۇپ، ئۇلار ئەڭ دەسلەپتە ئوتتۇرا دېڭىز، قىزىل دېڭىز ۋە ھىندى ئوكيان بويلىرى ئەتراپىدا تۇرمۇش كەچۈرگەن.

ئېكۋاتورغا يېقىن بولغان بەلباغلار يەر شارىدىكى ئەڭ ئىسسىق، قۇياش نۇرى ئەڭ كۈچلۈك بولغان رايونلاردۇر. ئالىملار تەتقىقات ئارقىلىق شۇنى بىلدىكى، تېرىسى قوڭۇر ئىپتىدائىي كىشىلەرنىڭ قۇياشنىڭ كۈچلۈك بىنەپشە نۇرىغا تاقابىل تۇرالىشى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ چاچ، تېرە، كۆز قارىچۇقىغا تەبىئەت قارا پىگمېنت ئاتا قىلغان. ھەرقايسى چوڭ ئىرقلارنىڭ پىگمېنتلىرىنىڭ قېنىق ۋە سۇس بولۇشى تامامەن ئۆزلىرى تۇرۇۋاتقان جۇغراپىيەلىك ئورۇن ياكى قۇياش نۇرىنىڭ كۈچلۈك ـ ئاجىزلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، سىزنىڭ تېرىڭىز قوڭۇر بولسا، ئەجدادىڭىز لاتىن، ئوتتۇرا دېڭىز ياكى ئىسسىق بەلباغقا يېقىن جايدىكى ئىرقلاردىن بولۇشى مۇمكىن.

ھالبۇكى، يىراق قەدىمكى زاماندا، تەخمىنەن نوپۇس زىچلىقى ياكى تارقاقلىشىش، شۇنداقلا پاراخوتنىڭ كەشىپ قىلىنىشى سەۋەبىدىن ئىپتىدائىي قوڭۇر تەنلىك ئادەملەر تەرەپ ـ تەرەپكە تارقالغان. كېيىن ئۇلار غەربىي شىمالى ياۋروپا ۋە بالتىق دېڭىزى ئەتراپىدىكى رايونلارغا كەلگەن. شۇ جايلارنىڭ سۇ، تۇپراق ۋە ھاۋا كىلىماتى ئۇلار كۆنگەن جەنۇب بىلەن كۆپ پەرقلىنىدۇ. ھاۋاسى

قاتتىق سوغۇق، قۇياش نۇرى كەمچىل بولغان جايلار دۇنيادىكى ئەڭ تۇمانلىق، بۇلۇتلۇق ۋە تەسكەي بەلباغ ھېسابلىنىدۇ، بۇ قوڭۇر تەنلىك ئادەملەرنىڭ بەدىنىدىكى قارا پىگمېنتلار كەڭ دائىرىدە ئىشلىتىلمىگەنلىكتىن بارا ـ بارا يوقىلىپ كەتكەن. بىرقانچە ئەسىرلەر مابەينىدە بۇلار بارا ـ بارا (رەڭگى سۇسلىشىپ) ئاق تەنلىك ئادەم بولۇپ قالغان.

شۇڭلاشقا بىز بارلىق ئاق تەنلىك ئادەملەرنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسىنى يەر شارىنىڭ مۇشۇ رايونى، دەپ قارىسىڭىز بولىدۇ. ھازىر بىز ئادەملەرنىڭ نېمە ئۈچۈن ۋە قانداق قىلىپ ئاق تەنلىك ۋە قوڭۇر تەنلىك بولىدىغانلىقىنى ھەمدە ئۇلارنىڭ تۇغما ئالاھىدىلىكلىرىنى بىلىۋالدۇق. بىز ئاق تەنلىك ئادەملەرنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى دەل شىمالىي قىسىمدىكى قاتتىق سوغۇق بەلباغ ئىكەنلىكىنى، قاتتىق سوغۇق بىلەن كۈرەش قىلىپ ھاياتىنى ساقلاپ كەلگەنلىكتىن، شۇڭا ئۇلار كۆپ جەھەتلەردە ئىقتىدارلىق بولىدىغانلىقىنىمۇ بىلىۋالدۇق. ھازىرقى زاماندىكى ئاق تەنلىكلەرنىڭ ئەجدادلىرى چوقۇم ئەينى ۋاقىتتىكى مۇھىتقا ماسلىشالىغانلىقتىن، تەبىئىي تاللىنىشتىن قېپقالغان ئادەملەردۇر.

ئەكسىچە، قوڭۇر تەنلىكلەرنىڭ تۇرمۇش كەچۈرۈشى بىرقەدەر ئاسان بولغان، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ مۇھىت ۋە ئىسسىق ھالىتىنىڭ ئىرسىيىتى، ئۇلارنىڭ تۇغما تەبىئىتى كۆپىنچە ئۇلارنى كۆپ ھەرىكەت قىلىشنى خالىمايدىغان، خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىشنى خالىمايدىغان، ئەمما ئائىلىسىنى سۆيىدىغان قىلىپ قويغان. ئۇلار سوغۇق بەلباغدىكى كىشىلەرگە ئوخشاش ئۇنداق كۈرەش قىلىش زۆرۈرىيىتى بولمىغانلىقتىن ئۆزلىرىگە خاس ئەقىل ـ پاراسەت يېتىشتۈرگەن. يۇقىرىقى بابلار شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، ئاق تەنلىكلەر ھەرىكەت قىلىشقا ئامراق، ئارام ئېلىشنى (راھەت سۈرۈشنى) خالىمايدىغانلاردۇر. بىز ئاق تەنلىكلەرنىڭ نېمە سەۋەبتىن مۇشۇنداق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە

بولغانلىقىنى كۆرۈپ باقايلى:

ئەگەر سىزنىڭ تېرىڭىز قوڭۇر بولسا، ئۇنداقتا ئەجدادىڭىز لاتىندىن، ئوتتۇرا دېڭىز نىڭ شەرقىدىن ياكى ئىسسىق بەلباغ ئەتراپىدىن كەلگەن ئىرقلاردىن بولۇشى مۇمكىن.

شىمالدىكى بۇ ئۆڭكۈر ئادەملىرى چوقۇم كۈرەش قىلىش ئارقىلىق ھاياتىنى ساقلىشى كېرەك. ئۇلار باشقا مىللەتلەر بىلەن ئۇرۇش قىلغاندا مۇھىم جايلارنى ئىگىلىۋالالايدۇ. ئۇلارنىڭ ھاياتى ئىنتايىن خەۋپ ئاستىدا بولسىمۇ، ھاياتلىقتا بولغان ئىنتىلىشى ئىنتايىن كۈچلۈك، شۇ سەۋەبتىن ئۇلار ئىنسانىيەت ئارىسىدىكى ئەڭ كۈچلۈك ۋە قاۋۇل مىللەتلەرنىڭ ئەجدادى بولۇپ قالغان. تەبىئەت ئۇلارنىڭ ئاكتىپلىق بىلەن ئىلگىرىلەش، جانلىق، كۈرەشچان، ئەمەلىيەتچىل بولۇش ۋە توغرا باھا بېرەلەيدىغان بولۇشتەك خۇسۇسىيەتلىرىنى تېخىمۇ چېنىقتۇرغان، يەنە ئۇلارنىڭ ياشىغان جايى تۇمانلىق ھەم تەسكەي بولغانلىقتىن ئۇلارنىڭ قارا پىگمېنتى ئازلاپ بارا ـ بارا ئاق تەنلىكلەرگە ئايلانغان.

ئىنسانشۇناسلىقنى تەتقىق قىلىدىغانلار شۇنىڭغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەككى، ھازىر ئانالىز قىلىنغان ئاق تەنلىكلەرنىڭ خاراكتېر ئەھۋالىنى ئادەتتە كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى ئەمەلىي خاراكتېر ئانالىزىدا ئىشلىتىشكىمۇ بولىدۇ. ھاياتلىقنى ساقلاش ئۈچۈن، سوغۇق بەلباغدا ئولتۇراقلاشقان ئاق تەنلىكلەر كۆپ مىقداردىكى ئوزۇقلۇق ھەم ئوكسىگېنغا ئېھتىياجلىق. ئوۋ ئوۋلىغاندا ۋە دېڭىزغا چىققاندا ياكى ئۇرۇش قىلغاندا، قەدىمكى ئاق تەنلىكلەر ناھايىتى تېز لىك بىلەن دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئۇزاق مەزگىل كۆتۈنۈپ بەدەن قۇۋۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە موھتاج بولغان. ئۇلارنىڭ تەبىئىتى ئۇزاق مەزگىللىك ھەرىكەتلەرگە ماس كەلمەيتتى. شۇڭا ئۇلاردا چىدامچانلىق ۋە ئەقلىي ئىقتىدارنى مەركەزلەشتۈرۈش كەمچىل. روزۋېلت دەل ئاق

تەنلىكلەرنىڭ ۋەكىلى. بىر ئاق تەنلىك تىپىدىكى ئادەم خىزمەتتە تېز ئىلگىرىلەپ، تۇسالغۇلارنى يېڭىپ، باشقىلارنى كونترول قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنى ئىلگىرىلىتەلەيدۇ. ئۇ شوخ ھەم ئاكتىپ، باشقىلارنى قوزغىتالايدۇ ۋە ئىلھاملاندۇرالايدۇ.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، بارلىق ئاق تەنلىكلەر ئۈمىدۋار، ئۆزگىرىشچان، سەۋر ـ تاقەتسىز. ئۇلارنىڭ ئىرادىسى مۇستەھكەم ئەمەس، يېڭى تېررىتورىيەنى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن ئىنزىدىنىدۇ. ئىرسىيەت ئالاھىدىلىكىدە ئاق تەنلىكلەرنىڭ خاراكتېرى بويسۇندۇرۇشنى ياخشى كۆرىدۇ. ھەمىشە باشقىلارنى باشقۇرۇش، رەھبەرلىك قىلىشنى ئويلايدۇ.

باشقىلار بەلكىم «سىز ئۆزىڭىزگە خاراكتېر ئانالىزىنى قانداق ئىشلەتكەن»، دەپ سوئال سورىشى مۇمكىن، ئۇنداقتا مەن مۇنداق بىر مىسالنى كەلتۈرىمەن. 1931 ـ يىلى دېتىرە شەھىرىدىكى مەلۇم بىر ماشىنا شىركىتىنىڭ دىرېكتورى، ياش بىر تېخنىك ئۇستىسىنى ئەكېلىپ مەن بىلەن كۆرۈشتۈردى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە بۇ يىگىت ناھايىتى ئىقتىدارلىق، ئەمما ئۇ خىزمىتىدىن ناھايىتى ئاسانلا سوۋۇپ قالىدىكەن، كۆڭۈل قويۇپ ئىشلەشنى خالىمايدىكەن.

«ئەپەندىم، خاراكتېرنى تەھلىل قىلىپ، ئۇنى قانداق باشقۇرۇش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئېيتىپ بەرگەن بولسىڭىز، چۈنكى ئۇ مېنىڭ جىيەن تۇغقىنىم بولىدۇ، مەن ئۇنىڭغا بەكمۇ كۆڭۈل بۆلىمەن، ئۇنىڭ ئالغا بېسىشىنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى. كۇتۇۋېلىش ئۆيىدىن بايىقى كېپىنى قىلغان ياش بالىنى چاقىرىپ كىردى. مەن ئۇنىڭغا مۇنداقلا بىر قاراپ، دەرھاللا «ھەي دوستۇم، مەن بىلىۋالدىم، سىز ماشىنا زاۋۇتىدىكى ئۇسكۇنىلەرگە ئىنتايىن ئۆچ، ئۇ يەردىكىلەر سىزگە ھەر كۈنى نېمە ئىشلارنى قىلدۇرىدۇ؟» دەپ سورىدىم.

ھېلىقى ياش مۇرىسىنى قىسىپ قويۇپ: «ئەپەندىم، مەن قۇراشتۇرۇش سېخىدا، ئۇ يەردىن بالدۇرراق ئايرىلمايدىغان بولسام،

بۇ خىزمەت مېنى چارچىتىپ ساراڭ قىلىۋېتىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.

ئۇ ياش راست سۆزلىگەنىدى. ئۇ بىر ئاق تەنلىك كىشى. ئۇنىڭ خاراكتېرى: جىمجىتلىقنى خالىمايدۇ، ئۆزى قىزغىن، ئالدىراڭغۇ، ئۆزگىرىشچان، سەزگۈر، ئەمما ئۇ ھەر كۈنى ئاپتوماتىك تاختىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ ئوخشاش بۇرما مىخلارنى پولات تۆشۈككە كىرگۈزىدىكەن.

ئۇ ياش كەتكەندىن كېيىن دىرېكتورنى چاقىرىپ كىردىم. مەن ئۇنىڭغا «قېرىندىشىم، بايىقى تېخنىك ھەقىقەتەن تالانتلىق ئىكەن، ئەپسۇس، سىز ئۇنى خاتا ئىشلىتىپسىز، سىز ئۇنى ئېلىپ قالالمايسىز. ئۇ ماشىنىسازلىقنى چوڭقۇر چۈشىنىدىكەن، ئەمما ئۇ يەنە باشقا ئۆزگىرىشلەرنى، يېڭى شەيئىلەرنى ياخشى كۆرىدىكەن. سىز چوقۇم ئۇنىڭ خىزمىتىنى ئالماشتۇرۇپ بېرىڭ. بولمىسا، ئۇ ئىستېپا بېرىدۇ. ئۇنىڭغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈش تىپىدىكى خىزمەتلەر ياكى يېڭى ماشىنىلارنى تونۇشتۇرۇش ۋە ياكى باش تېخنىك ۋەزىپىسىگە قويۇش قاتارلىق ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان خىزمەتلەر بولسىلا بولىدۇ. چۈنكى بىر خىللا خىزمەت ئۇنىڭ ئۈچۈن زەھەرلىك دورا، خالاس.» تەڭشەشتىن كېيىن ئۇ تېخنىك ھەقىقەتەن ناھايىتى خۇش بولغان، خىزمەت ئۈنۈمدىمۇ زور يۈكسىلىش بولغان.

# تۆتىنچى باب

## ئادەمنىڭ پېشانىسى ئۇنىڭ خاراكتېرىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ

ھازىر سۆزلەيدىغىنىمىز تەن شەكلىنىڭ ئىككىنچى خىل ئالاھىدىلىكى، يەنى پېشانە، كۆز، بۇرۇن ۋە ئېغىزنىڭ شەكلى. بۇنى مەن 1912 ـ يىلى چوڭ سېھىرگەر كادىنغا ياردەملىشىپ تەھلىل قىلغان. شۇ چاغدا مەن ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەن: «كادىن ئەپەندىم، سىزدە بىر خىل ئادەتتىن تاشقىرى چۈشىنىش ئىقتىدارى بار ئىكەن، سىزنىڭ ئەڭ ئەۋزەل كۆزىتىش ئىقتىدارىڭىز مەن تەھلىل قىلغان بارلىق زاتلار ئىچىدە ئالەمدە بىر دېيىشكە بولىدۇ.»

**مۇۋەپپەقىيەتلىك خاراكتېر ئانالىزى چېچەنلىك بىلەن كۆزىتىشتىن كېلىدۇ.**

ئۇ ماڭا «بالىكىن ئەپەندىم، خىزمىتىمدىكى ئەڭ زور مەخپىيەتلىك — دەل مېنىڭ كۆزىتىش ئىقتىدارىمدىن، دەپ قارايمەن»، دېگەنىدى. مەن يەنە ئۇنىڭدىن «سىز بۇ ئادەتنى قانداق يېتىلدۈرگەن؟» دەپ سورىدىم. ئۇ چۈشەندۈرۈپ: «ھە، بۇ دېگەن دادامنىڭ تەربىيەسىدىن بولغان، سەبىي چاغلىرىمدا، مەن دائىم دادامغا ئەگىشىپ بازاردا سەيلە قىلاتتىم، ئۇ ھەمىشە مەندىن تۇيۇقسىز: «بالام، سەن ھېلىلا بىز ئالدىدىن ئۆتكەن دورا دۇكىنىنىڭ دېرىزىسى ئىچىدە نېمىلەر بارلىقىنى كۆردۈڭ؟» دەپ سورايتتى، مەن دائىم دادامغا: «دادا، كەچۈرۈڭ، مەن ئېنىق كۆرمەپتىمەن»، دەپ جاۋاب بېرەتتىم. بۇ چاغدا ئۇ ناھايىتى خاپا

بولۇپ: «سىزنىڭ كۆزۈڭىز نېمە ئىش قىلىدۇ؟» دەيتتى. شۇنىڭدىن كېيىن مەن دىققەت بىلەن كۆزىتىشكە باشلىدىم ھەمدە ئۇزاق ئۆتمەيلا شۇنى چۈشەندىمكى، پەقەت كۆزنى ئىشلىتىپلا نۇرغۇن نەرسىلەرنى كۆرگىلى بولىدىكەن، مەن پەقەت كۆز بىلەنلا كۆرۈپ قالماي، بەلكى ناھايىتى تېزلىكتە ئەستە قالدۇرۇشنى تىرىشىپ ئۆگەندىم. نەتىجىدە، مەن ھازىر كۆز بىلەن شىرە ئۈستىگە قويۇلغان بىر قاتار قارتىلارنى بىر قاراپلا، قوشۇمچە قارتىنىڭ ئالدى ـ كەينىلىرىنى تەرتىپ بويىچە يادلاپ بېرەلەيمەن.

مېنىڭچە، سىز دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئەڭ مۇھىم مەسىلە شۇكى، مۇۋەپپەقىيەتلىك خاراكتېر ئانالىز چېچەنلىك بىلەن كۆزىتىشتىن كېلىدۇ. سىز ئۆزىڭىز ئۇچراتقان ھەربىر ئادەمگە سىنچىلاپ دىققەت قىلىش ۋە تەتقىق قىلىش ئادىتىنى مەشىق قىلىسىڭىز بولىدۇ. بىر ئادەمنىڭ پىكىر قىلىشىنىڭ تېز ـ ئاستىلىقىنى بىلىش سىز ئۇچۇن ئانچە تەسكە توختىمايدۇ؛ ئۇنىڭ ياخشى كۆزىتىپ بىلىش ئىقتىدارى بارمۇ ـ يوق، ئەمەلىيەتتە ئۇ يەنىلا ناھايىتى خىيالپەرەسمۇ ـ يوق، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى پەقەت چىرايىدىكى بىر قىسىم ئىپادىدىنلا بىلگىلى بولىدۇ.

## 1. كۆپۈنگۈ يۈز شەكلى

ئىجابىي تەرىپى — پىكىر قىلىشى تېز، كۆزىتىشكە ئامراق، يېڭىلىق يارىتىشقا ماھىر، ھەرىكىتى چاققان، ئاسان تەسىرلىنىدۇ، ئالغا ئىنتىلىشنى خالايدۇ.

سەلبىي تەرىپى — ھەددىدىن زىيادە سەزگۈر، مەسخىرە قىلىشقا ئامراق، ئاسان ئاچچىقلىنىدۇ، ئاسان ھاياجانلىنىدۇ، ئۆزاققىچە داۋاملاشتۇرۇش ۋە سەۋرچانلىق كەمچىل.

بۇ يەردە بىر خىل ئۇسۇل بىلەن بىر ئادەمنىڭ پىكىر قىلىشىنىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى، ئەمەلىيەتنى تەكشۈرلەيدىغان ھەم كۆزىتىشكە ماھىرلىقىنى ئايرىپ چىققىلى بولىدۇ. بىز پەقەت ئۇلارنىڭ پېشانىسىگە قارىساقلا كۇپايە. سىز ئۇنىڭ پېشانىسىنىڭ



كەڭلىكىنى، قېشىنىڭ ئۈستى تەرىپىنىڭ بىر دىنلا كەينىگە يانتۇلاشقىنىنى كۆردىڭىزمۇ؟ ئەگەر شۇنداق بولسا، بۇ ئادەم چوقۇم ئۆتكۈر مۇتەپەككۇر. بۇنداق ئادەم جىددىي ئىشقا ئۇچرىغاندا قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى دەرھال بىلەلەيدۇ. بۇ ئۆتكۈر، سەزگۈر ھەم كۆپۈنچە يۇز شەكلى ھوشيار ئادەم.

كونىلاردا «مىخ ئۇچلۇق بولسا، تامنى ئاسان تېشەلەيدۇ» دەيدىغان گەپ بار. ئادەتتە ئۇچلۇق شەكىلدىكى ياكى ئۇچلۇق نەرسىلەر قاشالىڭ (ئۆتمەس) نەرسىلەرگە قارىغاندا، تېز كارغا كېلىدۇ. شۇڭا بىر ئادەمنىڭ پېشانىسى كەڭ بولۇپ، ياندىن ئۇچلۇق كۆرۈنسە، بۇ خىل ئادەمنىڭ ئەقلىي كۈچى ناھايىتى يۇقىرى بولغان بولىدۇ.

بۇنداق ئادەملەر ھەرقانداق شەيئى ئۈستىدە ھاياجان ئىلكىدە ئويلىنىدۇ. ئۇلار ئىزدىنىشنى ياخشى كۆرىدۇ. كۆز، قاش ئەتراپى قانچە پۇلتىيىپ چىققان ئادەم شۇنچە كۆزىتىشكە ماھىر كېلىدۇ. باشقىلار ئۇلارغا نومۇر كۆرسەتكەندە، خىزمەتلەرنى نامايان قىلغاندا ياكى ئىسپاتلاپ كۆرسەتمەكچى بولغاندا، ئۇلار ئۆتكۈرلۈك بىلەن مەسىلىلەرنى بايقىيالايدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ كۆزى ئەڭ ئۆتكۈر بولۇپ، قۇلىقى ئەڭ سەزگۈر ياكى خىيال سۈرۈشكە ئامراق كىشىلەرگە ئوخشاشمايدۇ. ئۇلار ئاڭلىغانلىرىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ، ئەمما كۆرگەن بارلىق نەرسىلەرنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايدۇ.

سىز ئاتا ــ ئانا بولغانمۇ؟ ياكى سىز ئوقۇتقۇچىمۇ؟ پەرزەنتىڭىز ياكى ئوقۇغۇچىلىرىڭىز ئىچىدە بۇ خىل پېشانىسى كەڭ ئادەملەر بارمۇ؟ ئەگەر بولسا، ئۇلارنى كۆز بىلەن كۆرگىلى بولىدىغان، قول بىلەن تۇتقىلى بولىدىغان ئەمەلىي ئىشلار بىلەن ئۇچراشتۇرسىڭىز بولىدۇ.

سىز بىر مال ساتقۇچىمۇ؟ ئۇنداقتا، سىز بۇ ئۇسۇلنى قوللىنىڭ، قاشلىرى كۆتۈرۈلۈپ چىققان، پېشانىسى كۆرۈنەرلىك كەينىگە تارتىلغان ئەر ـ ئايال خېرىدارلارنى ئۇچراتقان ۋاقتىڭىزدا، كۆپ سۆزلىشىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق، مالنىڭ تۈرلىرىنى چىقىرىپ كۆرسەتسىڭىزلا كۇپايە. توغرا، بۇنداق ئادەملەرگە سىزنىڭ قىلىدىغىنىڭىز پاكىتنى يېزىپ چىقىش ياكى رەسىم ئارقىلىق ھېكايە سۆزلەپ چۈشەندۈرۈشتىن ئىبارەت. سىز شەيئىلەرنىڭ تۈزۈلۈشىنى كۆرسىتىپ بېرەلىسىڭىزلا، ئۇلار شۇ كۆرگىلى بولىدىغان ئەمەلىي نەرسىلەرنى ئۆزلىرى بېرىپ ھېس قىلىدۇ. ئۇلارغا پاكىتنى بېرىڭ، تېزلىكتە كۆڭلىدە بىر قارارغا كېلىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، بۇنداق ئادەملەرگە ئەكىلىپ كۆرسىتىڭ، ياساپ كۆرسىتىڭ، ئىسپاتنى كۆرسىتىڭ، ھەرگىزمۇ قۇرۇق گەپ ساتماڭ.

پېشانىسى يانتۇ كەلگەن ياكى پېشانە قىسمى كۆتۈرۈلۈپ چىققان ئادەملەر تۇغما كۆزەتكۈچى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ ھەر خىل تەبىئەت ئىلمىنى تەتقىق قىلىشقا ماس كېلىدىغان ئېسىل تۇغما تالانتقا ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋالالايسىز.

ئېلېكتىرشۇناس ستېيىنمېسنىڭ پېشانىسىنىڭ شەكلىدىن، ئۇنىڭ شېئىر ـ قوشاق، مېتافىزىكا، دىن ئىلمىي قاتارلىقلارغا قىزىقمايدىغانلىقىنى ئويلىدىم. ئۇنىڭدەك ئادەملەر ھەممىشە ئارخېئولوگىيە، بوتانىكا، زوئولوگىيە، ئېلېكتىر ئىلمى، ماشىنىسازلىق قاتارلىقلارغا ئەڭ قىزىقىدۇ، كۆرەلىگەنلىكى نەرسىلەرنىڭ رەڭلىرى، چوڭ ـ كىچىكلىكى، ياسىلىشى ۋە سۈپىتىنى بىلىشنى خالايدۇ.

بۇ دەل خاراكتېر ئانالىز قىلغۇچىلار ئېيتقان ئەمەلىيەتنى مۇھىم بىلىپ، ئىلمىي كاللىغا ئىگە بىر تۈركۈم ئادەملەرنى ھازىرلاش دېگەنلىك. يەنى ئىچكىرىلەپ تۈرگە ئايرىش ۋە توپلانغان پاكىتنى ئاساس قىلىدۇ، بەلكى يەنە بۇنداق ئادەملەر پاكىت ئىزدەش ۋە پاكىت كۆرسىتىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

ئەگەر سىز پېشانىسى كۆتۈرۈلۈپ چىققان، ھەرىكەتچان، جىمجىتلىقنى خالىمايدىغان، شوخ ھەم كۈچلۈك، دالا تۇرمۇشىنى ياخشى كۆرىدىغان ئادەم بولسىڭىز، مەن سىزگە ماشىنىسازلىقنى، ئىنژېنېرلىقنى، تاشقى كېسەللىكلەر ئىلمىنى ياكى دېھقانچىلىق ئىلمىنى ئۆگىنىڭ، دەپ تەكلىپ بېرىمەن. سىز ئۆزىڭىزنىڭ تەبىئىتىگە ئاساسەن شۇلارنىڭ ئىچىدىن ئۆزىڭىز ياخشى كۆرىدىغان بىر كەسىپنى تاللىۋالسىڭىز بولىدۇ؛ ئەگەر سىز جاسارەتلىك ئادەم بولسىڭىز، مالىلارنىڭ قىممىتىگە قارىتا پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارىڭىز كۈچلۈك بولسا ھەم پېشانىڭىز كۆتۈرۈلۈپ چىققان بولسا، ئۇنداقتا، سىز قابىلىيەتلىك مال سېتىۋالغۇچىغا ئايلىنالايسىز. ئەمەلىيەتتە، نۇرغۇن تورلۇك مالىلار شىركەتلىرى غوجايىنىنىڭ پېشانىسى مۇشۇ شەكىلدە كېلىدۇ.

ئوقۇرمەن، سىز چوڭقۇر بىر نەپەس ئېلىڭ، كەلگۈسىدە ئالىي مەكتەپلەرنىڭ پىروفېسسورلىرى، پىلان كۆرسەتكۈچىلەر، مۇتەپەككۇر، شائىرلاردىن تارتىپ جەمئىيەتنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدىكى ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدىكىنى تاپالايدىغان بىر ئادەم بولالايسىز.

بىركۈنى، داڭلىق پەيلاسوپ ئوقۇغۇچىسىنى ئېلىپ شەھەر سىرتىغا سەيلىگە چىقىپتۇ. ھېلىقى ئوقۇغۇچى تۇيۇقسىز: «مۇئەللىم، سىز نېمىشقا يول ماڭغان چاغدا، بېشىڭىزنى ھەمىشە ئېگىپ ماڭىسىز؟ نېمە ئۈچۈن ماڭا ئوخشاش كۆكرىكىڭىزنى كېرىپ ماڭمايسىز؟» دەپتۇ. بۇ دانىشمەن كىشى ئۆرۈلۈپ بۇ ياشقا قاراپ تۇرۇپ: «بالام، ئالدىڭىزدىكى بوغداي ئېتىزىنى كۆردىڭىزمۇ؟ پىشىپ كەتكەن بوغداي باشاقلىرىنىڭ ھەممىسى ئېگىلىپ تۇرۇپتۇ، يۇمران ھەم پىشمىغان باشاقلار قەلەمدەك تۈز تۇرۇپتۇ» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئېھتىمال ئۇلارنىڭ كاللىسىدا ئوي بەك كۆپ ھەم بەك ۋەزمىنلىك بولغانلىقتىن، قەدىمدىن ھازىرغىچە دۇنيادىكى بارلىق مۇتەپەككۇرلارنىڭ ھەممىسى بېشىنى ئېگىپ مېڭىشى مۇمكىن.

داڭلىق ھەيكەلتىراش رودىننىڭ «مۇتەپەككۇر» دېگەن داڭلىق ھەيكىلىنىڭمۇ بېشى سىلىنغان ئەمەسمۇ؟

بىز كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى پاراڭلىشىش جەريانلىرىدىمۇ دائىم بەزىلەرنى پېشانىسى كەڭ، بەزىلەرنى پېشانىسى تار دەپ تىلغا ئالىمىز، چوڭقۇر نەزەرىيەلەرگە قىزىقىدىغان كىشىلەرنىڭ پېشانىسى كەڭ، ماددىي نەرسىلەرگە قىزىقىدىغان كىشىلەرنىڭ پېشانىسى تار بولىدۇ. شۇنداقتىمۇ كەسكىن ھالدا پېشانىسى تار ئادەملەرنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتى ئانچە تەرەققىي قىلمىغان، دېيىشكە بولمايدۇ. ئەكسىچە، پېشانىسى تار ئادەملەرمۇ دائىم ئىنتايىن پاراسەتلىك كېلىدۇ. مەسىلەن، ئېلېكتىرشۇناس ستېيىنمىس دەل پېشانىسى تار ئادەم. بەزى ئادەملەردە بىر خىل خاتا كۆز قاراش مەۋجۇت، ئۇلار پېشانىسى تار ئادەملەرنى يامان خاھىشقا ئىگە، دەپ قارايدۇ، بۇ پۈتۈنلەي خاتا. ھۆرمەتكە سازاۋەر نۇرغۇن ئادەملەرگە نىسبەتەن بۇ باھا ئادىل بولمايدۇ.

پېشانىسى تار ئادەملەر ھەقىقەتەن نەزەرىيەگە قارىغاندا ماددىي نەرسىلەرگە تېخىمۇ قىزىقىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، تۇغما مۇتەپەككۇر، نەزەرىيەچى ياكى پەيلاسوپلارنىڭ كۆپىنچىسى كەڭ پېشانىلىك كېلىدۇ. ئېينىشتېين، سوبونانىڭ پېشانىسى تېخىمۇ كەڭ.

**پېشانىسى كەڭ ياكى پېشانىسى كەينىگە يانتۇ ئادەملەر تالانتلىق كۆزەتكۈچىلەردۇر. شۇڭا، ئۇلاردا ھەرخىل تەبىئىي پەننى تەتقىق قىلىدىغان تۇغما قابىلىيەت بولىدۇ.**

تۆۋەندىكىسى خاراكتېرنى تەھلىل قىلىشنىڭ پېشانە ئوبراز قانۇنىيىتى. ئادەتتە ئېيتىلغان يۈز شەكلى ئولتۇرۇشقان ياكى پېشانىسى كەڭ ياكى تار، قاشلىرى تۈز (باشقىچە ئېيتىلغاندا پېشانىسى ئالدىغا كۆتۈرۈلۈپ چىققان) ئادەملەر ئېھتىيات بىلەن پىكىر قىلىدۇ، ئاستا ئويلىنىدۇ. بۇ خىل تىپتىكىلەر خىيال

سۈرۈشنى، پەرەز قىلىشنى، ھەر خىل شەيئىلەرنىڭ قانۇنىيىتىنى تەھلىل ۋە تەتقىق قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇلاردا ناھايىتى جانلىق بولغان تەپەككۇر ئىقتىدارى بولۇپ، ئۇلار باشقىلار ئويلاپ تاپالمايدىغان ئىشلارنى تەسەۋۋۇر قىلالايدۇ.

ئۇلار يىراقنى ئويلىيالايدۇ. ئۇلار تەپەككۇر قىلمىغان، كۆزەتمىگەن چاغدىمۇ (كۆزىدە ھېچقانداق ئىپادە بولمىغاندىمۇ)، ناھايىتى ئاسانلا چوڭقۇر تەپەككۇر قايىنىمىغا كىرەلەيدۇ، ئەمما زېھنى چېچىلىپ كەتكەندە خىيالپەرەسلىك خاراكتېرىنى تولۇق ئىپادىلەيدۇ.

بىراق، بۇ نۇقتىنى ھەرگىز خاتا چۈشىنىپ قالماسلىق كېرەك. مەدەنىيەت ھەمىشە خىيال ئىچىدە بارلىققا كېلىدۇ. ئۇلۇغ ئاسترونوم كوپېرنىك ئۆزىنىڭ خىيالپەرەسلىكى ئارقىلىق ئاسترونومىيە ساھەسىدە ئىنقىلاب قوزغىغان. شېكىسپېرمۇ ئۆزىنىڭ غايىپەرەسلىكى ئارقىلىق ئىنسانلارغا نۇرغۇن كىلاسسىك ئەدەبىي ئەسەرلەرنى قالدۇرغان. فوردۇن گاز كېمىسىنى ئويلاپ تاپقان. مور تېلېگراممىنى، ئېدىسون لامپۇچكا بىلەن پاتېفوننى ئويلاپ تاپقان. ئۇلارنىڭ ھەممىسى غايىپەرەسلەر. ئەگەر ئاشۇنداق غايىپەرەسلەر ھەمدە ئۇلارنىڭ يۈكسەك ئەقىل ـ پاراسىتى بولمىغان بولسا، بىزنىڭ رېئال دۇنيادا ياشىيالىشىمىزمۇ مۇمكىن بولمايتتى. ئۇلار بايقاش، چوڭقۇر ئويلىنىش، قايتا ئويلىنىش ئارقىلىق ئەڭ ئاخىرىدا ئۇقۇم شەكىللەندۇرۇپ، كېيىنكى ئەۋلادلارغا پايدىلىق ماددىي نەرسىلەرنى ياساپ چىقتى.

ئەينى يىلى، مەلۇم بىر ياش يامغۇرلۇق كۈندە چاقماقتا مەلۇم بىر غايىۋى كۈچ يوشۇرۇنغان، دەپ تەسەۋۋۇر قىلغان. بۇ غايىپەرەس دەل فرانكلىن ئىدى. نەتىجىدە، ئۇ چاقماقتا توك بارلىقىنى ئىسپاتلىدى. سىز ئۇنىڭ كۆتۈرۈلۈپ چىققان كەڭ پېشانىسىگە سەپسېلىپ قاراپ بېقىڭ. ئالەم نۇرلىرىنى تەتقىق قىلغان مىلىچ ھەمدە باشقا بىرنەچچە غايىپەرەسلەرنىڭ پېشانىسىمۇ كۆتۈرۈلۈپ

چىققان. گۈزەل ئۆي ـ پىكىرلەرنىڭ ئىجادچىسى، كىلاسسىك ئەسەر ۋە داڭلىق ناخشا تېكىستلىرىنىڭ ئاپتورى بولغان پۈشكىن ۋە هوتمان قاتارلىقلارنىڭ پېشانىسىمۇ كۆتۈرۈلۈپ چىققاندى.

ئىشىنىڭكى، مۇشۇ كۈندىمۇ نۇرغۇن غايىپەرەس ۋە خىيالپەرەسلەر ئىنسانىيەتنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن جاپالىق ئىزدىنىۋاتىدۇ. يازغۇچىلار، ئەدەبىياتچىلار، سەنئەتچىلەرنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇلارنىڭ كەڭ ۋە كۆتۈرۈلۈپ چىققان پېشانە يۈز شەكلى بار. مانا بۇ كۆزىتىش ئەڭ ئاسان بولغان ئالاھىدىلىك.

## 2. پېتىنغۇ يۈز شەكلى

ئىجابىي تەرىپى — كەمتەر، سەۋرچان، مۇلايىم، تەمكىن، ئىش ـ ھەرىكەتتە ئېھتىياتچان.

سەلبىي تەرىپى — ھەرىكىتى سۇس، ئىجادچانلىقى كەمچىل، ئەمەلىيەتچىل ئەمەس، ھۇرۇن ھەم جاھىل.



پېتىنغۇ يۈز شەكلى

مەلۇم بىر كۈنى، بىر ياشتىن كەلگەن بىر پارچە خەتنى تاپشۇرۇۋالدىم. مەن ئىلگىرى ئۇنىڭ خاراكتېرىنى تەھلىل قىلىپ، ئۇنىڭ ئۆزىگە ئەڭ ماس كېلىدىغان خىزمەت توغرىسىدا تەكلىپ ـ پىكىر بەرگەنىدىم. ئۇ خېتىدە ئۇنىڭ خاراكتېرىنى تەھلىل قىلىپ، كەسىپ تاللىشى ئۈچۈن مەسلىھەت بەرگەندىن كېيىن، گۈزەل سەنئەت، پەلسەپە مۇسابىقىلىرىدە نۇرغۇن مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. ئۇ ئەسلىدە بىر مىلىچماللار دۇكىنىنىڭ خىزمەتچىسى ئىدى، ئەقىللىك، قوڭۇر تەنلىك، تېرىسى نېپىز، پېشانىسىنىڭ ئۈستۈنكى قىسمى كۆتۈرۈلۈپ چىققان، يۈز شەكلى ئولتۇرۇشقاندى. ئۇ ئەسلىدە گۈزەل شېئىرلارنى، ئادەمنى ھاياجانلاندۇرىدىغان رومانلارنى، ئوپېرالارنى يېزىشقا ھەۋەس قىلاتتى، ئەمما ئۇنىڭ مىلىچماللار دۇكىنىدىكى خىزمىتى مەنىسىز

ئىدى. ئۇنىڭكىگە ئوخشىشىدىغان مۇشۇنداق ئەھۋاللار ناھايىتى كۆپ. شېكىسپېرنىڭ ئەڭ دەسلەپتە قوي يۇڭى سودىگىرى ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز؟ ئورىنبۇرگ بىلەن ئىردىلان قوغۇشۇن دەسلەپتە تۇرۇبا ئۇستىسى ئەمەسمىدى؟ شۇڭا كەسكىنلىك بىلەن ھېلىقى ياشنىڭ مىلىچماللار دۇكىنىدىكى خىزمىتىدىن بالدۇرراق ئايرىلىپ، سەنئەت ئۆگىنىشىنى تەشەببۇس قىلدىم. كېيىنچە ئۇ دەرۋەقە روھى كۆتۈرەڭگۈ، خۇشال ـ خۇرام يۈردى، نەتىجىسىدىمۇ ئىلگىرىلەش زور بولدى.

بىز كۆپ ۋاقىتلاردا بەزى ئەر ياكى ئاياللارنىڭ پېشانىسىنىڭ ئىككى تەرىپى كۆتۈرۈلۈپ چىققانلىقىنى كۆرىمىز. بۇنداق كىشىلەر مەسىلىنىڭ نېگىزىنى تېپىپ چىقىشقا ماھىر، پەلسەپىنى ياخشى كۆرىدۇ. ئىجادچانلىققا، تەشكىللەشكە ۋە تەسەۋۋۇر قىلىشقا ماھىر. نەتىجە قازانغان مۇتەپەككۇر، ئىنژېنېر، يازغۇچى ياكى ئېلان لايىھەلىگۈچى قاتارلىق ئىجادچانلىقى كۈچلۈك بولغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ پېشانىسى ئالاھىدە كەڭ. ھەيكەلتىراش، رەسسام ياكى مۇزىكانت، چوڭ پەيلاسوپ ياكى سەنئەتكارنىڭ پېشانىسىمۇ ئالاھىدە كەڭ، بۇ خىل تىپتىكى كىشىلەر خىيال سۈرۈشنى ياخشى كۆرىدۇ. بۇنداقلار مەسىلىنىڭ تۈپ نېگىزىنى تېپىشقا ئادەتلەنگەن، ھەربىر جۈملە سۆزنى ئېنىق چۈشىنىۋېلىشقا ئۇرۇنىدۇ. سوقراتنىڭ ھەيكىلىگە قاراپ بېقىڭ، ئۇنىڭ پېشانىسىگە دىققەت قىلىپ باقتىڭىزمۇ؟

پېشانىسى كۆتۈرۈلۈپ چىققان، يۈزى ئولتۇرۇشقان ئادەملەر سوئال سوراشقا ئامراق، ناۋادا پېشانىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمى كۆرۈنەرلىك ھالدا كۆتۈرۈلۈپ چىققان بولسا، بۇنداق ئادەملەرنىڭ تەنقىد ۋە تەھلىل قىلىش ئىقتىدارىنىڭ ئالاھىدە يۇقىرىلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇلار سىزنىڭ پىلانىڭىزنى قالايمىقان قىلىۋېتىشى ھەمدە سىزنىڭ تەكلىپ ـ پىكىرلىرىڭىزنى تەنقىد قىلىپ بىر تىيىنغا ئەرزىمەس قىلىۋېتىشى مۇمكىن.

ئەگەر بىر ئادەمنىڭ يۈزى ئولتۇرۇشقان، پېشانىسى كۆتۈرۈلۈپ چىققان، تېرىسى قوڭۇر، بۇرنى ئۇچلۇق بولسا، ئۇنداقتا بۇ ئادەمنىڭ ئىدىيەسىدە مەسىلە بار، ئىچ مىجەز، ئۆزىنى تەھلىل قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ، ماختاپ ئۇچۇرۇشقا ئامراق. بىر ئىشلاردىن ئاسانلا ئۈمىدسىزلىنىدۇ. ئەگەر سىز دەل مۇشۇنداق تىپتىكى ئادەم بولسىڭىز، ئەڭ ياخشى ئۇسۇل ئۆزىڭىزدىن ھالقىپ ئۆتۈڭ. كۆڭلىڭىزدە مەلۇم بىر خىل ھەۋەس يېتىلدۈرۈپ، باشقىلار ئۈچۈن ئازراق ئىش قىلىپ بېرىڭ ياكى ئىرادىڭىزنى چىڭىتىدىغان كىشىلىك ھاياتقا مۇناسىۋەتلىك تەربىيەۋى ئەھمىيەتكە ئىگە داڭلىق كىتابلارنى ئوقۇپ ئىرادىڭىزنى چىڭىتىڭ. ئۆزىڭىزنى ئۈمىدۋارلىق ۋە قىزغىنلىققا تولغان مۇھىتقا قويۇپ تۇرغاندىلا، ئاندىن سىزدە ھاياتقا نىسبەتەن قىزىقىش پەيدا بولىدۇ. شۇندىلا ناچار مۇھىت ئۈستىدىن غالىب كېلىسىز.

ئەكسىچە، سىز پېشانىسى پۇلتىيىپ چىققان، تېرىسى ئاپپاق، ئىلمەك بۇرۇنلۇق بىرىنى ئۇچرىتىپ قالسىڭىز، ئۇنىڭ قانداق خاراكتېرگە ئىگە ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلالامسىز؟ بۇنداق كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئۈمىدۋار، غايىپەرەس، ئۆزىنى شۇنداق دانا، ئەقىللىك، دۇنيادا بىر ھېسابلايدۇ. بەختكە قارشى بۇنداق تىپتىكى كىشىلەر گەرچە ھەر كۈنى يېڭى - يېڭى ئويلارنى ئويلاپ چىقسىمۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. ئەمما ئۇلار ئويلىرىنىڭ راستلىقىغا ئىشىنىدۇ.

ئەگەر سىز جاسارەتلىك ئادەم بولسىڭىز، ماللارنىڭ قىممىتىگە قارىتا پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارىڭىز كۈچلۈك بولسا ھەم پېشانىڭىز كۆتۈرۈلۈپ چىققان بولسا، ئۇنداقتا سىز ناھايىتى قابىلىيەتلىك مال سېتىۋالغۇچىغا ئايلىنالايسىز. ئەمەلىيەتتە، نۇرغۇن تۈرلۈك ماللار شىركەتلىرى غوجايىنىنىڭ پېشانىسى مۇشۇ شەكىلدە كېلىدۇ.

ئەگەر پېشانە توغرىسىدىكى نەزەرىيەلەرىمىزنى ئېنىق چۈشەنمىگەن بولسىڭىز، مەن سىزگە چۈشەندۈرۈپ قوياي. قاش بىلەن چاچ ئارىلىقىدىكى قىسىم پېشانە بولىدۇ، ئەگەر دوستىڭىزنىڭ چوققىسىدا چاچ بولمىسا، ئۇنىڭ پېشانىسىنى پەرقلەندۈرۈشنىڭ مۇنداق ياخشى ئۇسۇلى بار: قاشنى كۆتۈرگەندە قورۇق چۈشكەن قىسمى پېشانە، چۈشمىگەن قىسمى باش تېرىسى بولىدۇ.

ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ پېشانىسىنىڭ كەڭلىكى ئېگىزلىكىنىڭ ئىككى ھەسسىسىگە تەڭ بولىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن بىر ئادەمنىڭ پېشانىسىنىڭ ئېگىزلىكى ۋە كەڭلىكىنىڭ قانداقلىقىغا ھۆكۈم قىلغىلى بولىدۇ.

يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، پېشانىنىڭ تۆۋەن تەرىپى، يەنى قاشقا يېقىن تەرىپى ئالاھىدە كۆتۈرۈلۈپ چىققان بولسا، بۇنداق كىشىلەرنىڭ كۆزىتىش ئىقتىدارى كۈچلۈك بولىدۇ. بىر ئادەمنىڭ پېشانىسى ئېنىق كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ، يۇقىرى تەرىپى يانتۇلۇق ھاسىل قىلغان بولسا، ئۇنداقتا ئۇنىڭ كاللىسىدا بىر كۆز پەيدا بولغاندەك بولىدۇ. بۇنداق كىشىلەر ھەممە ئىشنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشنى، ماتېرىيال ۋە ئىسپاتلار ئارقىلىق ئىسپاتلاشنى قىلىشنى ھەمدە كۆرگىلى بولىدىغان پاكىتلارنى ئىزدەشنى ياخشى كۆرىدۇ. قەلەم ئۇچلىغۇچنى ساتىدىغان بىر كىشى مېنىڭ خاراكتېر تەھلىل قىلىش ئۇسۇلۇمنى ياخشى ئىگىلىگەن بولۇپ، ئۇ ھەر قېتىم پېشانىسى كەڭ، يانتۇ كەلگەن خېرىدارنى ياكى مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش مەسئۇلىنى ئۇچراتسىلا، سودىسىنى دەرھال پۈتكۈزىدۇ. ئۇ بۇ ۋاقىتتا كۆپ گەپ قىلمايلا، قەلەم ئۇچلىغۇچنى ئېلىپ، بىر قەلەمنى ئۇچلايدۇ ــ دە، خېرىدارغا كۆرسىتىپ تۇرۇپ، ناھايىتى كەسكىنلىك بىلەن: «بىر باغلىمى 12 يۈەن، بىر قېپى 110 يۈەن، سىزگە قانچىلىك لازىم؟» دەپ سورايدۇ.

مەدەنىيەت ھەمىشە غايىپەرەسلىكتىن بارلىققا كېلىدۇ. ئۇلۇغ ئاسترونوم كوپېرنىك ئۆزىنىڭ غايىسى ئارقىلىق ئاسترونومىيە ساھەسىدە ئىنقىلاب قوزغىغان، شېكىسپىرمۇ ئۆزىنىڭ غايىسى ئارقىلىق، ئىنسانىيەتكە كىلاسسىك ئەدەبىي مىراسلارنى قالدۇرغان. فوردۇن بىزگە گاز كېمىنى، مور تېلېگراممىنى، ئېدىسون لامپوچكا ۋە پاتېفوننى قالدۇرغان... مۇشۇ ئەربابلارنىڭ ھەممىسى غايىپەرەسلەر ئىدى.

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمدەك، پېشانىسىنىڭ تۆۋەن تەرىپى ئالاھىدە كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ، يۇقىرى قىسمى يانتۇ كەلگەن كىشىلەرنىڭ كۆزىتىش ئىقتىدارى كۈچلۈك بولىدۇ. مەنمۇ ئىلگىرى پېشانىسىنىڭ يۇقىرى قىسمى ئالاھىدە كۆتۈرۈلۈپ چىققان كىشىلەردە تەسەۋۋۇر ئىقتىدارى ناھايىتى كۈچلۈك، خۇلاسە چىقىرىشقا ماھىر، تەنقىدچى، مەسىلىنىڭ تۈپ نېگىزىنى تاپمىغۇچە بولدى قىلمايدىغان خاراكتېرنىڭ بولىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدىم. سوقرات، ئېينىشتېين، سۇبونا قاتارلىقلارمۇ مۇشۇ خىل تىپتىكى كىشىلەرگە تەۋە. ئۇلارنىڭ ھەممىسى پەلسەپە، روھشۇناسلىق، پسىخولوگىيە ۋە ئىقتىسادشۇناسلىق قاتارلىق پەنلەرنى تەتقىق قىلىشقا ماھىر ئىدى. ئەگەر پېشانىڭىزنىڭ يۇقىرى تەرىپى ئالاھىدە كۆتۈرۈلۈپ چىققان بولسا، ئۇنداقتا سىز بەك خىيالپەرەس، غايىپەرەس، نەزەرىيەۋىلىكى كۈچلۈك مەسىلىلەرگە ئۇچرىغاندا زېھنىڭىزنى يىغالمايسىز. شائىر ئورىنبۇرگ دەل مۇشۇنداق ئىدى، ئۇ بەك ئۇمىدسىز، نېرۋىسى بىنورمال بولۇپ، تامامەن كېسەل ھالىتىدە ئىدى!

بەزى چاغلاردا بەلكىم پېشانىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمى (ئاستىمۇ ئەمەس، ئۈستىمۇ ئەمەس) ئالاھىدە كۆتۈرۈلۈپ چىققان ئادەملەرنى ئۇچرىتىشىڭىز مۇمكىن. بۇ خىلدىكى ئادەملەر دائىم كۆزىتىش ئىقتىدارى كۈچلۈك كىشىلەر بىلەن تەسەۋۋۇرغا باي كىشىلەرنىڭ

ئوتتۇرىسىدا تۇرىدىغان بولۇپ، بۇ خىل تىپتىكى كىشىلەرنىڭ پېشانىسى شۇ كىشىنىڭ ئەستە قالدۇرۇش ئىقتىدارىنىڭ ناھايىتى ياخشى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ خىل كىشىلەر يۈز بەرگەن ئىشلارنىڭ ۋاقتى، ئورنى، تەپسىلاتى ۋە ناخشا تېكىستلىرىنى يادىدا تۇتۇۋېلىشقا ماھىر كېلىدۇ. بۇ بىر ناھايىتى ئاددىي ھەم ئىشەنچلىك كۆزىتىش ئۇسۇلى بولۇپ، كىمنىڭ مۇزىكانت ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. مەن بۇرۇن كۆرگەن ھەم قىياپەت تەھلىلى ئېلىپ بارغان داڭلىق مۇزىكانتلار، تىياتىرشۇناستىن تولغىما ئۇسسۇل مۇزىكا ئۇستىسىغىچە، كالۇستىن ۋېتمانغىچە ھەممىسىنىڭ پېشانىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمى كۆتۈرۈلگەن، كەڭ پېشانە بىر ئادەمنىڭ مۇزىكا رىتىمى، ئۇدارغا بولغان سەزگۈرلۈك دەرىجىسىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئەگەر مەن پېشانىسى كەڭ، تېرىسى سۈزۈك بىر ئۆسمۈرنى ئۇچراتسام، بۇ بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا بالىنىڭ قىزىقىشى ۋە كەلگۈسىدىكى كەسپىي ئىستىقبالى ئۈچۈن بالىنى مۇزىكا مەكتىپىگە ئاپىرىپ بېرىش توغرىسىدا تەكلىپ بېرەتتىم.

خۇلاسە قىلغاندا، بىز شۇنداق دېيەلەيمىزكى، پېشانىسى كەڭ ئادەملەر پەلسەپە، ئالىي ماتېماتىكا، پىسخولوگىيە، ئېتىكا ۋە ئېستېتىكا قاتارلىق ئالاھىدە پەنلەرنى ياخشى كۆرىدۇ.

يەنە كېلىپ پېشانىسى تار ئادەملەر ماددىلارنىڭ ئىنچىكە ھالقىلىرى، كۆرگىلى بولىدىغان نەرسىلەر، ئوبيېكتىپ ۋە تەبىئەت پەنلىرى بىلەن ئابستراكت پەنلەر ۋە ئىشەنچلىك بولمىغان شەيئىلەرنى سېلىشتۇرۇپ تەھلىل قىلىشقا قىزىقىدۇ.

ئۇنىڭ ئۈستىگە، سىز ئۇچراتقان پېشانىسى كەڭ كىشىلەرنىڭ كۆڭلى ـ كۆكسىمۇ كەڭ بولىدۇ. كۆڭلى ـ كۆكسى كەڭ دېگەنلىك، بىر ئادەمنىڭ قابىلىيەتلىك، ئەقىل ـ ئىدراك جەھەتتە كەڭ دائىرىدە ماسلىشىشقا ماھىر بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

بۇ خىل كىشىلەر ئۆز خىزمىتىدە دائىم يېڭىلىنىش، ئالمىشىش بولۇشنى ياخشى كۆرىدۇ.

پېشانىسى تار ئادەملەرنىڭ خاراكتېرىمۇ تار دائىرىدە بىر خىللا بولىدۇ. بىراق، بۇنى ئادەتتە كىشىلەر تىلغا ئالىدىغان كۆڭلى - كۆكسى تار، دېگەن بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ. بۇ ھەرگىزمۇ جاھىللىق بىلەن ئاساسسىز قارار چىقىرىش، دېگەنلىك ئەمەس. پېشانىسى تار ئادەملەرمۇ مۇتەخەسسىس بولالايدۇ، ئۇلار مەلۇم بىر پەننى چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلالايدۇ. كىيۇرى خانىم دەل مۇشۇ تىپتىكى كىشىلەرنىڭ تىپىك ۋەكىلى.

تېببىي ساھەدە تار پېشانىلىك كىشىلەر باكتېرىيەشۇناس، نېرۋا سىستېمىسى، كۆز، قۇلاق، كاناي، يۈرەك، ئۆسمە كېسەللىكلەر بۆلۈمىنىڭ مەخسۇس دوختۇرى بولسا مۇۋاپىق بولىدۇ.

قانۇن ساھەسىدە پېشانىسى تار ئادۋوكاتلار شىركەت قانۇنى، تاۋار ماركىسى قانۇنى، دېڭىز ئىشلىرى قانۇنى ياكى جىنايى ئىشلار قانۇنى خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلىدۇ، پېشانىسى كەڭ ئادەملەر بولسا ئۆزگىرىشنى ھەمدە ئادەتتىكى قانۇن مۇلازىمەت خىزمىتىنى ياخشى كۆرىدۇ.

ئادەتتە بىر ئادەمنى مەلۇم بىر ساھەدىن تارتىپ چىقىرىپ، ئۇنىڭغا ئەڭ ماس كېلىدىغان باشقا بىر خىزمەتنى ئىزدەشنىڭ ھاجىتى يوق. مەن يېقىندا قۇرۇلۇش تېخنىك خادىمىنىڭ كەسپىگە قارىتا كىچىككىنە ئانالىز ئېلىپ بارغانىدىم، لېكىن ناھايىتى زور ئۆزگىرىش بولدى. چۈنكى، ئۇ ئەقلىي ئىقتىدارى، قۇرۇلۇش قابىلىيىتى، تەسەۋۋۇر ئىقتىدارى، ئىجادچانلىقى ۋە سەنئەت جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى بويىچە ئۆز كەسپىنى ئۆزگەرتىپ قۇرۇلۇش ساھەسىنىڭ لايىھەلەش كەسپى بىلەن شۇغۇللانغاندى، ئۆزىنى ناھايىتى خۇشال ھېس قىلدى. بۇ كىچىككىنە ئۆزگىرىش ئۇنى جاپالىق خىزمەتتىن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش يولىغا باشلاپ كىردى.

ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، جاپالىق ئىشلەش مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ مۇھىم شەرتلىرىنىڭ بىرى. پەقەت پىشانىنىڭ شەكلىگىلا قاراپ ھۆكۈم قىلىش ئاقىلانىلىك ئەمەس، شۇڭا سىز ئۆزىڭىزگە ھەم ئەتراپىڭىزدىكى كىشىلەرنىڭ پىشانە شەكلىگە سەپسېلىپ قارىغاندىن كېيىن، يەنىلا بىلىملىرىڭىزگە تايىنىپ ئالغا ئىگىرىلەڭ.

## بەشىنچى باب

## سىز سۆزمەنمۇ ياكى كەم سۆزمۇ؟

بىز دائىم گەپ خالتىسى تېشىلىپ كەتكەندەك توختىماي سۆزلەيدىغان ئادەملەرنى ئۇچرىتىمىز. ئەلۋەتتە، ئەنە شۇنداق توختىماي سۆزلەيدىغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنى ئادەملەر ئارىسىدىكى زىيانداش قۇرتلار دېيىشكە بولمايدۇ، ئەمەلىيەتتە نۇتۇق سۆزلەشكە ئىنتىلىش، يەنى ئۆز پىكرىنى ئىپادىلەشكە تەشنا بولۇش ئۇ بىر خىل ئالاھىدە ئىقتىدار، بولۇپمۇ ئەڭ ئاچقۇچلۇق پەيتتە ئەقىل ـ پاراسىتىنى ئىپادىلەشكە توغرا كەلگەندە، ئەپسۇس، كۆپ ۋاقىتلاردا بۇ كىشىلەرنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ.

ئادەم مېڭىسىنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىدا ئادەم تېنىنىڭ ھەرقايسى بۆلەكلىرى بىلەن ئوخشاش بولغان يېتىلىش پرىنسىپى بولىدۇ. بۇ پرىنسىپ بويىچە ئېيتقاندا، ئەزالار ئىشلەتكەنسېرى ئۆتكۈرلىشىدۇ، ئىشلەتمىگەندە ياكى ئوزۇقلۇق يېتىشمىگەندە كاردىن چىقىدۇ، ئاجىزلىشىدۇ ھەتتا ئىقتىدارىنى پۈتۈنلەي يوقىتىدۇ.

مېنىڭ بىر ياش ئوقۇغۇچۇم يېقىندا ماڭا يازغان خېتىدە ئۆزىنىڭ مەلۇم بىر جايغا بېرىپ ساياھەت قىلغان ۋە بېلىق تۇتقان چاغدىكى بىر ئىشنى تىلغا ئاپتۇ. بۇ قېتىمقى ساياھەت شىركەت باش دىرېكتورىنىڭ ئالاھىدە ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە بېلىق تۇتۇشقا ھېرىسمەن مۇھىم بىر خېرىدارنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ئورۇنلاشتۇرۇلغانىكەن. بۇ پائالىيەتكە شىركەت باش دىرېكتورى،

ھېلىقى مۇھىم خېرىدار، مېنىڭ ئوقۇغۇچۇم ھەمدە بۇ شىركەتتە يېڭىلا ئىشقا چۈشكەن ھەم ئورنى يۇقىرىراق مال ساتقۇچى قاتناشقانىكەن. بۇ ئوقۇغۇچۇم مېنىڭ يېنىمدا «كىشىلەرنىڭ چىرايىغا قاراپ تەبىر بېرىش» تېخنىكىسىنى، يەنى خاراكتېرنى ئىلمىي تەھلىل قىلىش ئۇسۇلىنى ئۆگەنگەنىدى.

يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى، ئۇ باش دىرېكتورغا ھېلىقى يېڭى كەلگەن مال ساتقۇچىنى ئەڭ ياخشىسى ئېلىپ بارماسلىق توغرىسىدا كۈچەپ سۆزلىگەن. ئۇنىڭ ماڭا يازغان خېتىدە: «مەن ئۇنىڭ بىلەن تۇنجى قېتىم كۆرۈشكەن ۋاقتىمدا، ئۇ دەسلەپتە پەقەت گەپ قىلمايتتى، كېيىن مەن ناھايىتى تېزلا ئۇنىڭدا (ۋاتىلداق) تىپىدىكى ئادەملەرنىڭ بارلىق ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ مۇجەسسەملەنگەنلىكىنى بايقىدىم.»

ئەمما باش دىرېكتور يەنىلا ئۇنى بىللە ئېلىپ مېڭىش پىكرىدە چىڭ تۇردى. دەرۋەقە ئىش ئوقۇغۇچۇمنىڭ ئويلىغىنىدەك بولغان، ھېلىقى ئادەم ماشىنىغا چىققاندىن تارتىپ تاكى بېلىق تۇتىدىغان جايدىكى قونالغۇغا كەلگۈچە توختىماي ۋاتىلدىغان، ھەممە نەرسىدىن قۇسۇر ئىزدەپ توختىمىغان. ئىككى كۈندىن كېيىن ھېلىقى خېرىدار زادىلا چىداپ تۇرالماي، شىركەتنىڭ باش دىرېكتورىنى بىر چەتكە تارتىپ ئۇنىڭغا: «ئاۋۇ ئەبلەخ بۇ دەريادىكى بېلىقلارنى قورقۇتۇپ قاچۇرۇۋەتتى، سىز ياكى ئۇنىڭ ئاغزىنى يۇمۇڭ، ياكى ئۇ بۇ كېمىدىن ئايرىلسۇن، ئۇنى سىز باشلاپ كەلگەن، شۇڭا سىز بىلەن بىر كېمىدە بېلىق تۇتسۇن» دەپتۇ.

مېنىڭ ھېلىقى ئوقۇغۇچۇم باۋنبو ساياھەتتىن قايتىپ كېلىپلا ئۆستۈرۈپتۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ھېلىقى مال ساتقۇچىنىڭ خاراكتېرى ئۈستىدىكى دەسلەپكى تەھلىلىنىڭ ئازراقمۇ خاتاسى يوق ئىدى. بېلىق تۇتۇشنى ياخشى كۆرىدىغان ھېلىقى خېرىدار شۇنىڭدىن تارتىپ باۋنبونىڭ كونا خېرىدارى بولۇپ قاپتۇ. شۇ بىر قانچە كۈندە باۋنبو ھېلىقى خېرىدارغا ھەمراھ بولۇپ بىر كېمىدە بېلىق تۇتقان، باش دىرېكتور بولسا يېڭى كەلگەن مال

ساتقۇچىنى كەلسە ـ كەلمەس سۆزلەشتىن چەكلەپ تۇرغان.

باۋنبو دەسلەپتە مۇنداقچىلا پەرەز قىلىپ ھېلىقى ئادەمنى ۋاتىلداق، دەپ قارىمىغان، كۆزىتىش ۋە ھۆكۈم قىلىشتىن شۇنداق خۇلاسىگە كەلگەن. تۆۋەندە بۇ خىل كۆزىتىش ئۇسۇلىنى قانداق قوللىنىش كېرەكلىكىنى ئېيتىپ بېرىشىمگە رۇخسەت قىلىڭ.

ئادەم مېڭىسىنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرى بىلەن ئادەم تېنىنىڭ باشقا قىسىملىرىنىڭ ئوخشاش بولمىغان يېتىلىش پرىنسىپى بولىدۇ. بۇ پرىنسىپ بويىچە ئېيتقاندا، ئەزالار: ئىشلەتكەنسېرى تەرەققىي قىلىدۇ، ئىشلەتمىگەندە ياكى ئوزۇقلۇق يېتىشمىگەندە كاردىن چىقىدۇ.

سۆزنىڭ مەنتىقىسى كۈچلۈك ئادەملەرنىڭ مېڭىسىدىكى تىل نېرۋا مەركىزى ئەڭ تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ئۇلار دائىم ئۇنى ئىشلىتىپ تۇرغانلىقتىن ئەسلىدىكىدىن توم بولىدۇ.

## كۆزى پۇلتىيىپ تۇرىدىغان ئادەم كۆپىنچە سۆزلەشكە ئامراق، مۇڭداشقاق كېلىدۇ، سۆز ـ جۈملىلەرنى ئىشلىتىشكە ھېرىسمەن.

1861 ـ يىلى، فىرانسىيەدىكى داڭلىق تاشقى كېسەللىكلەر دوختۇرى دوكتور بولوك ئىنسانلار مېڭىسىنىڭ مەلۇم بىر بۆلىكى بىلەن ئادەمنىڭ سۆزلەش ئىقتىدارىنىڭ ئاجايىپ مۇناسىۋىتى بارلىقىنى بايقىغان. ئەينى چاغدا، بولوك دوختۇر پارىژ نېرۋا كېسەللىكلىرى دوختۇرخانىسىنىڭ باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، دوختۇرخانىغا قوبۇل قىلىنغان ئادەملەرنىڭ بەزىلىرى سۆزلىيەلمەسلىك كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان، سۆزلىيەلمەسلىك كېسىلى ئادەمنىڭ سۆز ـ جۈملىلەرنى ئەستە ساقلاش ئىقتىدارىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ، بۇ خىل كېسەلگە گىرىپتار بولغانلار ھەتتا ئۆزىنىڭ ئىسمىنىمۇ، قەيەردە تۇرىدىغانلىقى ياكى بارلىق سۆز ـ جۈملىلەرنى ئۇنتۇپ كېتىدۇ، باشتىن باشلاپ ئۆگىنىشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ خىل كېسەللەر

ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ مېڭىسى ئاناتومىيە قىلىنغاندا، كېسەلگە گىرىپتار بولغانلارنىڭ مېڭىسىنىڭ مەلۇم قىسمىدا ئالاھىدە كېسەللىك ئىزنالىرى قېپقالغانلىقى، بەزىلىرىنىڭ ئاللىقاچان تۈگەشكەنلىكى، بەزىلىرىنىڭ ئىششىغانلىقى، بەزىلىرىنىڭ ئېغىر يارىلانغانلىقى بايقالغان. ئاشۇ كۆل رەڭ كىچىك ئورۇن دەل كۆز ئالمىسىنىڭ ئارقا تەرىپىگە ياندىشىپراق كەلگەن بولۇپ، بولوك دوختۇرنىڭ بۇ خىل تەتقىقاتى ئىنتايىن ئىنچىكە، چوڭقۇر بولغانلىقى ئۈچۈن قەدىمكى تېببىي ساھەدە بولوكنىڭ ئىسمى مۇشۇ كۆل رەڭ رايونغا ۋەكىللىك قىلىدى.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلار گەرچە مەخسۇس بىلىمگە يېقىنلاشقان بولسىمۇ، ئەمما خاراكتېرنى تەھلىل قىلىش بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك. ئادەم كۆپ گەپ قىلىپ بەرگەندە چوڭ مېڭىسىنىڭ تىل رايونى دائىم ئىشلىتىلىپ ھەمدە قانمۇ ماس ھالدا شۇ رايونغا تېخىمۇ كۆپ ئېقىپ كىرىپ، شۇ ئورۇننى ئوزۇقلاندۇرىدۇ، شۇڭا بۇ جايلار ئالاھىدە تەرەققىي قىلىدۇ، چۈنكى بۇ رايون دەل كۆز ئالمىسىنىڭ ئارقا تەرىپىدە بولۇپ، ئۇ تەرەققىي قىلىپ چوڭايسا، ئۇنىڭغا ماس ھالدا كۆز ئالمىسىمۇ سىرتىغا قاراپ پۇلتىيىپ چىقىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىز بىردىنبىر مۇھىم نۇقتىغا، يەنى كۆز ئالمىسى پۇلتىيىپ چىققان ئادەم سۆزلەشنى ياخشى كۆرىدۇ، مۇڭداشقاق كېلىدۇ، سۆز ـ جۈملىلەرنى ئىشلىتىشكە ھېرىسمەن، دېگەن يەكۈنگە ئېرىشىمىز.



ئۇنىڭدىن باشقا، سىز مەلۇم ئادەمنىڭ سۆزمەن ياكى ئەمەسلىكىگە ھۆكۈم قىلىشتىن ئىلگىرى، سىز چوقۇم ئۇنىڭ باشقا بەزى ئالاھىدىلىكلىرىنى كۆزىتىشىڭىزگە توغرا كېلىدۇ، ھەرگىزمۇ قاش

بىلەن كۆز ئالمىسىنىڭ پۈلتىيىپ چىققانلىقىغا ئاساسلىنىپلا ھۆكۈم قىلسىڭىز بولمايدۇ، مەڭىز سۆڭىكىگە قارىسىڭىزمۇ بولىدۇ. ئەگەر بىر ئادەمنىڭ كۆز ئالمىسى بىلەن مەڭىز سۆڭەكلىرى نىسبەتەن چىقىپ تۇرغان ھەتتا كۆزى مەڭىز سۆڭىكىگە قارىغاندا كۆرۈنەرلىك چىقىپ تۇرغان بولسا، سىز ئۇ ئادەمنىڭ سۆزمەنلىكىگە ھۆكۈم قىلسىڭىز بولىدۇ، ئەمما قېشىنىڭ قويۇق، توم ئالدىغا چىقىپ تۇرغىنىغا قاراپ كۆز ئالمىسى چىققان، دەپ قارىسىڭىز بولمايدۇ.

بەزى كەسىپلەردە، سۆزلەش ئىقتىدارى بىلەن ئىپادىلەش ئىقتىدارى مۇھىم بىر خىل مەبلەغ (دەسمايە)، جاكارچىلار، بىلىم بەرگۈچىلەر، مال ساتقۇچىلار، تىلشۇناسلار، مۇخبىرلار، ئادۋوكات ۋە نۇتۇق سۆزلىگۈچىلەرنىڭ ھەممىسى پۈلتىيىپ چىققان كۆزگە موھتاج.

ئادەمنىڭ كۆزىنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزەتكەندە، ئالدىدا سۆزلەپ ئۆتكەنلىرىمنى ئېسىڭىزدە چىڭ تۇتۇڭ، كۆزلەر بولسا تىل نېرۋا مەركىزى ئالاھىدە تەرەققىي قىلىشتىن سىرتىغا پۈلتىيىپ چىققان بولىدۇ.

سىز يەنە شۇنى ئەستە تۇتۇشىڭىز كېرەككى، بۇ خىل ئالاھىدىلىكلەر پەقەت سۆزنىڭ مىقدارىنى كۆرسىتىدۇ، ھەرگىزمۇ سۈپىتىنى ئەمەس. گەرچە ئادەملەر توپى ئىچىدە سۆزلەشكە ئامراق كىشىلەر ئاز بولمىسىمۇ، لېكىن قۇرۇق گەپنى كۆپ قىلىدىغان ئادەملەر جىق. بەزى ئادەملەرنىڭ گېپى كۆپ بولسىمۇ ئاڭلاشقا ئەرزىيدۇ. ئەگەر سىزدە ئەقىل ھەمدە پۈلتىيىپ چىققان كۆز بولسا، سىز چوقۇم روشەن خاراكتېرگە ئىگە شەخس. مەلۇم كەسىپلەردە، سۆزلەش ئىقتىدارى بىلەن ئىپادىلەش ئىقتىدارى مۇھىم دەسمايە. جاكارچىلار، بىلىم بەرگۈچىلەر، مال ساتقۇچىلار، تىلشۇناسلار، مۇخبىرلار، ئادۋوكات ۋە نۇتۇق سۆزلىگۈچىلەرنىڭ ھەممىسى

پۈلتىيىپ چىققان كۆزگە موھتاج.

بىز قەدىمدىن تاكى ھازىرغىچە، جۇڭگودىن چەت ئەلگىچە بولغان داڭلىق ناتىقلار، بىلىم بەرگۈچىلەر، سىياسەتشۇناسلارنىڭ كۆزلىرىنىڭ پۈلتىيىپ چىققانلىقىنى بايقىدۇق. شۇنداقلا يېقىنقى زاماندىكى بەزى زاتلار، مەسىلەن، گىتلېر، لويىس، جورجى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇنداق.

بۇ ھەرگىزمۇ قۇرۇق نەزەرىيە ئەمەس، بەلكى ئۇ تۇمەنلىگەن سىناق ۋە كۆزىتىش ئارقىلىق چىقىرىلغان پاكىت ۋە خۇلاسە. يەنە كېلىپ بەزىسى ئىنتايىن قىزىقارلىق. مەلۇم يىللار ئىلگىرى، مەن پېتىربۇرگدىكى ۋاقىتىمدا ۋېندېس دوختۇر مېنى دوختۇرخانىغا چاقىرىپ ئاپىرىپ ماڭا مەن ئۇچۇن ناھايىتى مۇھىم بولغان بىر بىمارنى كۆرسەتتى. بىر ئايال ماشىنىغا ئولتۇرغان ۋاقتىدا باش سۆڭىكى سوقۇلۇپ، دەل سول كۆزىنىڭ ئۈستى تەرىپى يارىلانغان ھەمدە مېڭىسىمۇ كۆرۈنۈپ قالغان. دوختۇرخانىغا كۆتۈرۈپ ئەكىرىلگەندىن بۇيان، ئۇنىڭ ئاغزى سۆزلەپ توختىمىغان ھەم سۆزلىرى پەقەتلا باغلاشمىغان. ئۇ توختىماي نەچچە سائەت سۆزلىگەن، ئۇنىڭغا تىنچلاندۇرۇش ئوكۇلى ئۇرۇلغاندىلا ئاندىن سەل توختىغان. دوختۇر بۇ خىل كېسەلگە قارىتا مۇۋاپىق داۋالاش ئۇسۇلىنى تاپالماي، ۋېندېس دوختۇردىن مەسلىھەت سورىغان. ئۇ بۇ ئايالنىڭ ئەھۋالىغا قاراپلا، ئەپچىللىك بىلەن دېزىنفېكسىيە قىلىنغان ئوپېراتسىيە پىچىقىنى يارا ئېغىزىدىكى كۆرۈنۈپ تۇرغان مېڭە توقۇلمىسىغا يېنىك بىر تەگكۈزگەندە، ھېلىقى ئايال سۆزلەشتىن دەرھاللا توختاپ، ئاغزى ئېچىلىق پېتى تۇرۇپ قالدى. ۋېندېسنىڭ دېيىشىچە، بۇ دەل ئۇنىڭ تىل نېرۋا مەركىزى جايلاشقان ئورۇن بولۇپ، سۇنغان باش سۆڭەك پارچىسى تىل نېرۋا مەركىزىنى باسقانلىقتىن بۇ خىل ئالاھىدە ئەھۋال كۆرۈلگەن. ئۇ قىسقۇچ بىلەن سۆڭەك پارچىسىنى قىسىپ چىقارغاندا ھېلىقى سۆزلەپ توختىمىغان خانىم شۇنىڭدىن باشلاپ تىنچلاندى.

شۇڭلاشقا سىز ئادەتتە پۈلتىيىپ چىققان كۆزى بار كىشى جەزمەن سۆزمەن كېلىدۇ، دېگەن قاراشنىڭ تولۇق ئاساسى بارلىقىنى چۈشىنىۋالسىڭىز بولىدۇ.

**ئورا كۆزى ئادەملەر كۆپىنچە جىمجىتلىقنى ياقتۇرىدۇ ھەمدە ئاز سۆزلەيدۇ.**

ئۇنداقتا، ئەزەلدىن كەم سۆز، پەقەت باشقىلارنىڭ سۆزلىگىنىنى ئاڭلايدىغان ئادەملەر قانداق بولىدۇ؟ بۇ خىل كىشىلەرنى قانداق ئايرىيمىز؟ قارشى تەرەپ قانداقلا پىكىر بايان قىلىشتىن قەتئىينەزەر جاۋاب بېرىشنىمۇ ياقتۇرمايدىغان ئاشۇنداق ئادەملەرنى قانداق كۆزىتەلەيمىز؟ بۇ ئەمەلىيەتتە ئىنتايىن ئوڭاي.

ئورا كۆزى ئادەملەر كۆپىنچە جىمجىتلىقنى ياقتۇرىدۇ ھەمدە ئاز سۆزلەيدۇ. ئۇلارنىڭ دەيدىغان گېپى يوق. لىنكولننىڭ خاراكتېرىنى ئۇنىڭ ئاشۇ ئولتۇرۇشقان كۆزىدىن ھەم توغما ھالدىكى دەرىجىدىن تاشقىرى ئەقىل - پاراستىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ ھەربىر پارچە رەسىمىنى كۆرۈپ بېقىڭ، ئۇنىڭ كەڭ پېشانىسى ئېگىز كۆتۈرۈلگەن بولۇپ ئىككى كۆزى ئورا ئىدى. ئۇنىڭدا تولۇپ تاشقان ئەقىل - پاراسەت بىلەن زېرەكلىك، سوكۇتلۇق قىياپەت بار. لىنكولن دۇنيادىكى داڭلىق ناتىقلارنىڭ بىرى. ئۇ ئىنتايىن ئاز سۆزلەپ ئۆزىنىڭ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان قابىلىيىتىنى ئىپادىلەيدۇ. قۇللارنى ئازاد قىلىش خىتابنامىسى ۋە داڭلىق گېتتىسبۇرگ نۇتقىنى ئوقۇپ بېقىڭ. نۇتۇق ئارگىنالى بىر پارچە قەغەزگە مېغىزلىق قىلىپ يېزىلغان بولۇپ، بەش مىنۇتقا قالماي نۇتۇق تۈگىگەن، نېمىدېگەن ئەقىل ۋە ئېغىر - بېسىقلىق - ھە! دانا ھەم ئاددىي - ساددا ! كۈچلۈك ھەم كەم سۆز! بۇ ئادەمنىڭ ھەۋىسى كېلىدىغان خاراكتېر - ھە!

تۆۋەندە بىز خاراكتېر ھادىسىلىرىدىن بىر ئادەمنىڭ سۆز مەزمۇنىنى بىلىشنى ئۆگىنىپ ئۆتىمىز.

شەخسىيەتچى ئادەملەر ھەمىشە ئۆزى توغرىسىدا سۆزلەيدۇ. ئەگەر بىر ئادەمنىڭ نەق پۇل سودىسىدىكى قابىلىيىتى تەرەققىي قىلغان بولسا، ئۇ ھەمىشە پۇل بىلەن قانداق پۇل تېپىش توغرىسىدا سۆزلەشنى ياخشى كۆرىدۇ؛ ئەگەر خىرىستىيان دىنىغا بولغان تونۇشى كۈچلۈكرەك بولسا، تەبىئىي ھالدا دىن تارقاتقۇچى بولۇشقا ماس كېلىدۇ؛ چۈشىنىشى ياكى باشقا ئەقلىي ئىقتىدارى تەرەققىي قىلغان ئادەملەر سۆزلەشكەندە ئوي - پىكرى سىستېمىلىق بولىدۇ؛ تېرىسى تۇغۇلۇشىدىنلا يۇمشاق ئادەملەر كۆپىنچە ناھايىتى ئەدەپلىك سۆزلەيدۇ، تېرىسى يىرىك، مۇسكۇللىرى قوپال ئادەملەر قوپال، يۇقىرى ئاۋازدا سۆزلەيدۇ.

# ئالتىنچى باب

## سىز ھورۇنمۇ ياكى ئىشچانمۇ؟

سىز بىر ئايدا نەچچە يۈز يۈەندىن ئارتۇق كىرىم قىلىشنى خالامسىز؟ بىر ئادەمنىڭ ئىلگىرى شۇنداق كىرىمى بولۇپ باققان. ئافرۇي يېقىندا ماڭا خەت يازدى، خېتىدە: «بالكىم ئەپەندىم، مەن سىزگە رەھمەت ئېيتماقچى، يېقىندىن بېرى مال سېتىشتا نەتىجەم ناھايىتى ياخشى، ئىلگىرى بىر ئاي ئىچىدە ئېرىشكەن كۆرۈنەرلىك ئىلگىرىلەشكە بۇ قېتىم بىر ھەپتە ئىچىدىلا ئېرىشتىم. بۇنىڭ ھەممىسى خاراكتېرنى ئانالىز قىلىش ئۇسۇلىنى ئۆگەنگەنلىكىم ھەم ئۇنى خىزمىتىمدە ئەمەلىي ئىشلەتكەنلىكىمنىڭ نەتىجىسىدىن بولدى. دەل سىزنىڭ ياردىمىڭىز ماڭا بىر ئاي ئىچىدە 200 يۈەنلىك كىرىمنى ئاشۇرۇپ بەردى. مەن سىزنىڭ نەزەرىيەڭىزنى ئۆزۈمنىڭ خېرىدارلىرىمغا ئىشلەتتىم. مەسىلەن، مەن قانداق قىلىپ تېرىسى يىرىك، مۇستەقىل پىكىرلىك، پېشانىسى كەڭ خېرىدارغا مال سېتىشنى ئۆگىنىۋالدىم، سىزگە ھەقىقەتەن رەھمەت ئېيتىمەن» دەپتۇ.

**خاراكتېرنى ئىلمىي ئانالىز قىلىش ئۇسۇلى كىرىمىڭىزنىڭ ئۈنۈملۈك ئېشىشىدىكى قورال ئىكەنلىكى ئاللىبۇرۇن ئىسپاتلاندى.**

شىركەتتىكى ھەممە مال ساتقۇچىلار ئىچىدە ئافرۇينىڭ نەتىجىسى ئەسلى 21 ـ ئورۇندا تۇراتتى، ھازىر بولسا 2 ـ ئورۇنغا ئۆتتى. مەن ئوقۇرمەنلەرگە شۇنى ئىسپاتلىماقچى، مەن سىلەرگە قۇرۇق ئىلھام بەرمەيمەن، چۈنكى خاراكتېرنى ئىلمىي ئانالىز

قىلىش ئۇسۇلى ئۇنۇملۇك بولۇپ، چوقۇم كىرىمىڭىزنىڭ ئېشىشىدىكى قورال ئىكەنلىكى ئاللىبۇرۇن ئىسپاتلاندى. ئافرۇي ئۇنى ئىشلەتكەندىن كېيىن، بىر ئاي ئىچىدە كىرىمى 200 يۈەن ئاشتى. يەنە ئۇنى ئۆگەنگەن نۇرغۇن ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇپلا قالماي، بەلكى خۇشاللىق تاپتى. ئۇنداقتا، سىز ئۇنى ئىشلەتتىڭىزمۇ؟

هازىر يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن هالدا ئۆزىمىزنى ۋە باشقىلارنى چۈشىنىپ باقايلى. بۇ قېتىم بۇرۇننى كۆزىتىپ باقايلى، بۇرۇن بولسا يۈز قىسمىمىزدىكى ئەڭ گەۋدىلىنىپ تۇرىدىغان قىسىم، ئۇ نۇرغۇن نەرسىلەرگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

سىز ئافرىقىدىكى قارا تەنلىكلەرنىڭ بۇرنىغا سەپسېلىپ باققانمىدىڭىز؟ ئۇلارنىڭ بۇرنى قىسقا، ياپىلاق، بۇرۇن تۆشۈكچىسى كەڭ هەم چوڭ بولۇپ ئۆپكە قىسمىغا تۇتاشقان بولىدۇ. بىز بۇنداق ياپىلاق بۇرۇننى پېتىنغۇ بۇرۇن دەپ ئاتايمىز. بۇنداق بۇرۇن ئافرىقىدىكى قارا تەنلىكلەرنىڭ ئىسسىق بەلباغدا ياشىغانلىقىدىن شەكىللەنگەن. ئۇنىڭ ئەكسىچە، سوغۇق بەلباغ رايونىدا ياشىغان كىشىلەرنىڭ مەسىلەن، ساكسون دانىتىلىقلارنىڭ بۇرنىنىڭ شەكلى ئۇلاردىن زور پەرقلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇرنى ئۇزۇنراق بولۇپ، شالاڭ سوغۇق هاۋا بۇرۇنغا كىرگەندىن كېيىن سەل ئىللىنىپ ئاندىن ئۆپكىگە كىرىدۇ.

سىز ئوكسىگېننىڭ ئېنېرگىيە شەكىللىنىشتىكى ئاساسلىق هەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ئىكەنلىكىنى ئاللىبۇرۇن بىلىپ يەتكەنسىز. پويىز بېشىدىكى كۆمۈر ئوكسىگېن بىلەن كۆيۈپ ئاندىن پاراۋۇزنى هەرىكەتلەندۈرىدۇ. ئوكسىگېن بىلەن بېنزىن ئارىلىشىپ كۆيگەندىن كېيىن ئاندىن ماشىنا قوزغىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، دەل قېنىڭىز ۋە بەدىنىڭىزدىكى ئوزۇقلۇق ماددىلار ئوكسىگېن بىلەن ئارىلاشقاندىلا، ئاندىن سىز هەرىكەتلىنەلەيسىز. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئوكسىگېننى قانچە كۆپ سۈمۈرەلەيدىغان ئادەملەرنىڭ ئادەتتە ئېنېرگىيەسى شۇنچە كۆپ بولىدۇ.

سىز ئادەتتە ھۆرۈنمۇ؟ دائىم ھارغىنلىق ھېس قىلامسىز؟

ئۇنداقتا، چوڭقۇر نەپەس ئېلىشنى مەشىق قىلىڭ. ھەربىر نەپەسلەنگىنىڭىزدە يەتتە قەدەم مېڭىپ، نەپەس چىقارغاندىمۇ يەتتە قەدەم ئېلىپ مۇشۇ بويىچە تەكرار مەشىق قىلىڭ. چوڭقۇر نەپەس ئېلىشنى مەشىق قىلىش ئۇسۇلى پائالىيەت ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشنىڭ ئەڭ ئاددىي ئۇسۇللىرىنىڭ بىرىدۇر.

بىز يەنىلا ئادەمنىڭ بۆرىنىنى سۆزلەشكە قايتايلى. سىز كوچىدا بىر قاراپلا ئانداق ئادەمنىڭ ئاسان زۇكام بولىدىغانلىقىنى، بۆرىدىن ھاۋا ئۆتۈشمەيدىغانلىقىنى ياكى كانايچە ياللۇغى قاتارلىق كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولىدىغانلىقىنى كۆرەلەيسىز. ئۇنىڭ بۆرنى كىچىك ھەم ئىنچىكىمۇ، ياپىلاقمۇ ياكى تاتىراڭغۇ بۆرۈنمۇ؟ بۆرنى مۇشۇنداق ئادەملەر ھۆرۈن، ئۆپكە ئىقتىدارى ئاجىز كېلىدۇ. ھەر قېتىم سىز قاڭشىرى يوق، پاناق ئادەمنى كۆرىسىز. بۇ ئۇ ئادەمنىڭ ئىجادچانلىقىنىڭ كەم ـ كوتىسىز ۋە كۈرەش قىلىش ئىرادىسى ئاجىز ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق ئادەم ئىقتىدارسىز ھەم ھۆرۈن. بۇمۇ ئۇلارنىڭ پاسسىپ، تالانت ئىگىسى ئەمەسلىكىدىكى ئاساسلىق سەۋەب. بۇنداق ئادەمنىڭ ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى كەمچىل بولىدۇ، ھەممە يەرگە بېرىپ باقىدۇ، ئاسان ئاچچىقلىنىدۇ، لېكىن ھېچقانداق ئىشنى پۈتكۈزەلمەيدۇ.

ئەكسىچە، سىز قاڭشىرى ئېگىز، بۆرۈن تۆشۈكى چوڭقۇر كەلگەن رىملىقلارنىڭ بۆرنىدەك بۆرۈننى كۆرگىنىڭىزدە سىز بۇ ئادەمنىڭ خاراكتېرىنىڭ شوخ، ئىشچانلىقىنى خالىمايدىغان، كۈرەش قىلىشقا، ئالغا ئىلگىرىلەشكە ئامراق ھەم ھاياتىي كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلالايسىز.

ئۇنداق كىشى ئىش قىلالايدۇ. قىلالمىغان تەقدىردىمۇ ھامان بىرەر ئىش قىلىشنى ئويلايدۇ. لاۋرۇس دەل مۇشۇنداق بۆرۈنلۈق ئادەم بولۇپ، ئۇ ئىنتايىن ھەرىكەتچان. دەل مۇشۇنىڭغا ئوخشاش قەدىمكى دەۋردىكى گېنېراللار مەسىلەن، گاننىبال، كايسار، فۇشۇ

ۋە پورشىن قاتارلىق سەركەردىلەرنىڭ بۇرۇنلىرى رىملىقلارنىڭكىگە ئوخشاش قاڭشارلىق ئىدى. مېنىڭ بىلىدىغانلىرىمنىڭ ھەممىسى بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس؛ سىز كىچىك ھەم ياپىلاق بۇرۇنلۇق بىرەر داڭلىق گېنېرالنى مىسال كەلتۈرۈپ بېرەلەمسىز؟

يەنە بىر نۇقتا ئېنىقكى، بۇرنى ئېگىز، قاڭشارلىق كەلگەن ئەر ياكى ئايال بولسۇن، ھەممىسى مۇنازىرىلىشىشكە ئامراق، ئەمەلىيەتتە ئۇلار تاماق يېمىسە يېمەيدۇكى، مۇنازىرىدە چوقۇم يېڭىپ چىقىدۇ. مەن دائىم بەزى ئەخمەق مال ساتقۇچىلارنىڭ مۇشۇنداق ئادەملەر بىلەن مۇنازىرىلىشىپ كەتكىنىنى كۆرىمەن، بەزىلىرى بۇنداق ئادەملەرنى مات قىلالايدۇ، لېكىن سودىدا ئوخشاشلا مەغلۇپ بولىدۇ. بۇ خىل ئەھۋالغا دۇچ كەلگەندە مېنىڭ بېرىدىغان پىكرىم، ئالدى بىلەن سىز ئەڭ ياخشىسى بۇ تالاشقاق دوستىڭىزنىڭ پىكىرلىرىنى قوللاپ ماختاڭ، ئاندىن ئۆزىڭىز سۆزلىمەكچى بولغان تېمىغا يۆتكىلىڭ. بۇنداق تالاشقاق خېرىدار مەلۇم خىل مالنى ياخشى ئەمەس دەپ ھەتتا ئۇنى ھېچنېمىگە ئەرزىمەس نەرسىگە ئايلاندۇرۇۋەتكەندىمۇ سىز ئۇنىڭغا رەددىيە بەرمەڭ، ئەكسىچە، «شۇنداق، ئاقىلانە پىكرىڭىز ناھايىتى توغرا بولدى. بىراق، بىزنىڭ بۇ مەھسۇلاتىمىز يېقىندا ئىنتايىن كۆڭۈل قويۇلۇپ نۇرغۇن جەھەتلەردە ياخشىلاندى، ئورۇنسىز دەپ قارىسىڭىز يەنە بىر ئىشلىتىپ كۆرۈڭ؟» ئاۋۋال ئۇنى قوللاپ، ئاندىن ئۆزىڭىزنىڭ گېپىڭىزنى قىلىڭ.

ئادەتتە سىز ھۆرۈنمۇ؟ داۋاملىق ھارغىنلىق ھېس قىلامسىز؟ ھەربىر تىنىق ئالغاندا يەتتە قەدەم، ھەربىر تىنىق چىقارغاندا يەتتە قەدەم ئېلىشنى تەكرار مەشىق قىلىڭ. چوڭقۇر نەپەس ئېلىشنى مەشىق قىلىش — مەن بىلىدىغان ئەڭ ئاددىي پائالىيەت ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشنىڭ ئۇسۇلىدۇر.

سىز ھازىر پاناق ئادەملەر بىلەن قاڭشارلىق ئادەملەرنىڭ بەزىبىر خاراكتېرلىرىنى بىلىۋالدىڭىز. لېكىن، بۇرنى ئۇزۇن، ئىنچىكە، قاڭشارلىق ئادەملەر قانداق خاراكتېردە بولىدۇ؟ بۇ خىل بۇرۇن (گىرېتسىيەلىكلەر بۇرنى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ئىشەنمىسىڭىز ۋىناسنىڭ ئويما رەسىمدىكى بۇرنىغا ئىنچىكىلىك بىلەن قاراپ بېقىڭ. بۇنداق ئادەم سەنئەت كۆچىگە باي، گۈزەللىكنى سۆيىدۇ، غايىپەرەس، گۈزەل شەيئىلەرنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدۇ، گۈزەل نەرسىلەرگە ئىنتىلىدۇ. ناۋادا ئۇ بۇ نەرسىلەرگە ئېرىشەلمىسە ياكى ئىنتايىن ياخشى شارائىت ئاستىدا خىزمەت قىلالمىسا، بەلكىم ئۇ ئېچىنىشلىق ماسلىشالمىغۇچى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن، خۇددى يۇملاق ئىچىدىكى چاسا ياغاچتەك.



سېمىز بۇرنىنىڭ ئۇچى ئاستىغا قارىغان ئادەملەرنى ئۇچراتقانمۇ؟ ئۇ بىر ئۈمىدسىزلەنگۈچى، ئىنتايىن سۇرلۇك، ھەمىشە دۇنيادىن زارلىنىپ ئۆتىدۇ. ئۇنىڭچە ھەممە ئىشلار ياخشى بولمايدۇ، ئەھۋال بارا - بارا يامانلىشىدۇ، جەمئىيەتتىكى ھەممە نەرسە يوقىلىپ تۈگەيدۇ. بۇ ئۇنىڭ ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيدىغان دەپىنە ناخشىسى! بۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇشتىكى بىردىنبىر ئۇسۇل ئۈمىدۋارلىق بىلەن ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلماي، بەلكى ئامال قىلىپ ئۇنى تەسىرلەندۈرۈش، ئۇنىڭغا بارلىق نەرسىلەر ئۆزى ئويلىغاندىكىدەك قۇتقۇزغىلى بولمايدىغان نەرسە ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدۇرۇش. ئومۇمەن، ئەڭ ياخشىسى ئۇنىڭ ئۈمىدسىزلىك دەرىجىسىنى يەڭگىللىتىشىڭىز كېرەك.

ئەلۋەتتە، يەنە بىر خىل ئىنتايىن ئۈمىدۋار ئادەملەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ بۇرنىنىڭ ئۇچى ھەمىشە ئۈستىگە قارىغان بولىدۇ. بۇنداق

ئادەمنىڭ بىر مىنۇت ئىچىدە سورىغان سوئالىغا سىز بىر ئاي ئىچىدىمۇ جاۋاب بېرىپ بولالماسلىقىڭىز مۇمكىن. ئومۇمەن، ھەربىر كىچىك بالىنىڭ بۇرنىنىڭ ئۇچى ئۈستىگە قارىغان. كىچىك بالىدىنمۇ ئارتۇق سوئال سوراشقا ئامراق ئادەم بارمۇ؟ ئەگەر ياشلار ئارىسىدا مۇشۇنداق ئادەم بولسا، ئۇنداقتا ئۇ سوئال سوراشقا ئامراق ھەم مەڭگۈ ئۈمىدۋار ئادەم، بۇنداق ئادەملەرنىڭ كۆپىنچىسى ئاسانلا باشقىلار تەرىپىدىن مال سېتىۋېلىشقا يېتەكلىنىپ كېتىلىدۇ. مال ساتقۇچى ئۇلار بىلەن سودا ـ سېتىق قىلماقنىڭ ئەڭ ئاسان ئىكەنلىكىنى چوقۇم بىلىشى كېرەك.

خۇلاسىلەپ باقايلى.

قاڭشارلىق رىملىقلارنىڭكىدەك بۇرنى بار ئادەملەردە ئىپادىلەنگەن خاراكتېر قايسى خىل خاراكتېر؟ ئۇ بولسىمۇ كۈچ، ئىقتىدار، ئىلىشىش ۋە مۇنازىرىلىشىشكە ئامراق خاراكتېر.

پاناق بۇرۇن قايسى خىل خاراكتېرگە ۋەكىللىك قىلىدۇ؟ پاسسىپلىق ياكى ئىقتىدار كەمچىللىككە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

بۇرنى ئىنچىكە ھەم تۈز كەلگەن گىرېتسىيەلىك ۋىناس تىپىدىكىلەرچۇ؟ سەنئەتتىن ھۇزۇرلانغۇچىلار بولۇپ، گۈزەل نەرسىلەرنى ياخشى كۆرىدۇ.

بۇرنىنىڭ ئۇچى ئاستىغا قارىغانلارچۇ؟ خامۇش، جىددىي، ئۈمىدسىز كېلىدۇ.

بۇرنىنىڭ ئۇچى ئۈستىگە قارىغانلارچۇ؟ سوئال سوراشقا ئامراق، ئۈمىدۋار كېلىدۇ.

ئېسىڭىزدە چىڭ تۇتۇڭكى، بۇرۇننىڭ ئىشلىتىلىش ئورنى پەقەت پۇراش ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇشلا ئەمەس، بولۇپمۇ پىلنىڭ بۇرنى.

# يەتتىنچى باب

## ئېگەكنىڭ شەكلى ۋە خاراكتېر

يېقىندا مەن بىرقانچە ئاجايىپ غەلىتە ئادەملەرنى ئانالىز قىلدىم: بۇلارنىڭ بىرى رادىيو باشقۇرغۇچى، بىرى ئىلگىرى جىنايەت ئۆتكۈزگەن ئادەم، ئىككى ناخشىچى قىز، بىرى كىنو چولپىنى، بىرى ساقچى باشلىقى. مېنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا ئانالىز قىلغان ئادىمىم يېڭى بىر تەجرىبىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. جۇلىيە بولسا دېڭىز قىرغىقى قوغدىغۇچى ئەمەلدارنىڭ قىزى، جۇلىيەنىڭ دادىسى تىنچ ئوكيان قىرغىقىدىكى خەتەرلىك شامال رايونىنى قوغدايدۇ، نۇرغۇن پاراخوتلار بۇ ئەتراپتا خەتەرگە يولۇققان. ئانىسى تۇگەپ كەتكەندىن كېيىن ئۇ ئانىسىنىڭ ئورنىدا كىچىك كەنتتىكى ئىشلارنى باشقۇرغان.

**ھەربىر فىزىيولوگ يۈرەكنىڭ نېرۋا ئۇچلىرى ئېگەككىچە سوزۇلىدىغانلىقىنى، ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا، ئادەم بەدىنىدىكى نېرۋا تورى يۈرەك ئەتراپىدىن باشلىنىپ ئاندىن مۇسكۇللاردىن ئۆتۈپ ئېگەككىچە تارقىلىدىغانلىقىنى بىلىدۇ.**

«مەن بۇ يىل 26 ياشقا كىردىم، كىشىلەرنىڭ ھەممىسى مېنى چىرايلىق دېيىشىدۇ، مەن مۇشۇ چەت ـ ياقا جايدا تۇرىمەن، شۇڭا تاشقى دۇنيادىكى ئادەملەر بىلەن تونۇشۇش پۇرسىتىم ناھايىتى ئاز، بىراق، دادامنىڭ قول ئاستىدىكى ئىككىسى داۋاملىق مېنى كۆرگىلى كېلىدۇ. مەن بۇ ئىككىسىگە پۈتۈنلەي ئوخشاش مۇئامىلىدە بولىمەن، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مەنمۇ ئۇلارنى

كۆزىتىپ تەھلىل قىلىپ باقتىم، نەتىجىدە، ھەر ئىككىسىنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق ئارتۇقچىلىقلىرىنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلدىم، بۇ مېنى ئىنتايىن قىزىقتۇردى. ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ ئېگىكى ئۇزۇن، تۆت چاسا، چوقچىيىپ چىققان، يەنە بىرىنىڭ ئېگىكى قىسقا، بۇ نېمىنى ئىپادىلەيدۇ؟»

ھا، ھا، ھا، جۇلىيەنىڭ بۇ مەسىلىسىگە جاۋاب بېرىش ئەمەلىيەتتە ئىنتايىن ئاسان، بىرىنىڭ ئېگىكى كاجلىقىنى، باتۇرلۇقىنى، كەسكىنلىكىنى، يەنە بىرىنىڭ ئاسان روھلىنىپ تەسىرلىنىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئۇنداقتا، ئوقۇرمەن سىزنىڭ قايسىسىنىڭ قايسىغا تەۋە ئىكەنلىكىنى بىلگۈڭىز بارمۇ؟ ناھايىتى ياخشى! بەس ـ مۇنازىرىنى توختىتىپ، ماڭا بىر كۈنى دۇنيادىكى ئەڭ ھەيۋەتلىك نيۇيورك 42 ـ كوچىسى بىلەن 5 ـ كوچىسىنى ئايلىنىپ كېتىۋېتىپ كۆرگەن بىر ئىشنى سۆزلىۋېلىشىمغا ئىجازەت قىلىڭ. بۇ كۈنى ئورۇققىنە كەلگەن بىر ئايال يول ياقىسىدا قېتىپ تۇرۇپ قالغانىدى، چۈنكى ئۇ قورقۇپ كەتكىنىدىن ساراڭغىلا ئوخشاپ قالغانىدى. يولدا قويۇندەك كېلىپ ـ كېتىۋاتقان ئاممىۋى ئاپتوبۇسلارنىڭ سىگنال ئاۋازلىرى، تېز سۈرئەتتە مېڭىۋاتقان كىشىلەر، ئۇچقاندەك كېتىۋاتقان ماشىنىلار، قاتناش ساقچىلىرىنىڭ پات ـ پات چېلىپ تۇرىدىغان پۇشتەك ئاۋازلىرى ھەقىقەتەن بىر ئالدىراش مەنزىرىنى شەكىللەندۇرگەنىدى. بۇ ئايال شاۋقۇن ـ سۈرەنلەرنىڭ تەسىرىدە قورققىنىدىن ئېڭىكى توختىماي تىترەيتتى. مەن يېنىغا بېرىپ ئۇنى يۆلىۋېلىشنى ئويلاۋاتقان چېغىمدا يېنىدىكى بىر ياش يىگىت مەندىن چاققان چىقىپ ئۇنى يۆلىۋالدى. بۇ تېخىمۇ قىزىقارلىق كۆرۈنۈش بولدى ــ يىگىت ئۇنىڭ بىلىكىنى تارتقان ۋاقىتتا بۇ چوڭ ياشلىق ئايالنىڭ ئېگىكى دەرھال تىترەشتىن توختىدى.

بۇنى يەنە قانداق چۈشەندۇرۇش كېرەك؟ ئەمەلىيەتتە مۇنداق: ئادەمنىڭ پاسسىپ ھېسسىياتلىرى مەسىلەن، قورقۇنچاقلىق، توخۇ يۈرەكلىك (ياكى ئاكتىپ ھېسسىياتلىرى مەسىلەن، جاھىللىق،

باتۇرلۇق) ھېسسىياتلىرى بىلەن ئادەمنىڭ ئېڭىكىنىڭ قۇرۇلۇش ئالاھىدىلىكى ۋە ھەرىكىتى ئوتتۇرىسىدا زىچ مۇناسىۋەت بار. ھەربىر فىزىيولوگ يۈرەكنىڭ نېرۋا ئۇچلىرىنىڭ ئېڭەككىچە سوزۇلىدىغانلىقىنى، ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا، ئادەم بەدىنىدىكى نېرۋا تورى يۈرەك ئەتراپىدىن باشلىنىپ، مۇسكۇللاردىن ئۆتۈپ ئېڭەككىچە تارقىلىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. بۇ نۇقتا فىزىيولوگلارغا ئېنىق بولۇپلا قالماي يەنە بوكسچىلارغىمۇ ناھايىتى ئېنىق. ھەربىر بوكسچى ئېڭەكنىڭ ئەڭ ئاسان ھۇجۇمغا ئۇچرايدىغان ئاجىز نۇقتا ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. بىر ئادەمنىڭ ئېڭىكىنىڭ سول ياكى ئوڭ تەرىپىگە تۇيۇقسىز قاتتىق بىر مۇشت تەگسە، چوقۇم ئاۋۋال قولى بىلەن يۈرەك قىسمىنى تۇتىدۇ، كەينىدىن ئالدىغا دەلدەڭشىيدۇ. ئۇزاق يىل جەڭلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەن قوماندانمۇ ئەسكەرلەرنىڭ ئېڭىكىگە ياكى يۈرىكىگە ئوق تەگكەن ۋاقىتتا ھەممىسىنىڭ ئاۋۋال قولى بىلەن يۈرىكىنى تۇتۇپ ئاندىن يەرگە يىقىلىدىغانلىقىنى بىلىدۇ.

سىز كۆزىتىش ۋە سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئاسانلا بىلىۋالالايسىز. مەيلى ئوغۇل ياكى قىز بولسۇن، ئۇنىڭ ئاستىنقى چىش مىلىكى چوڭ ھەم تومپىيىپ چىققان بولسا ياكى ئېڭىكى ئولتۇرۇشقان بولسا، ئۇنداقتا ئۇنىڭ يۈرەك سوقۇشى ئادەتتە ناھايىتى كۈچلۈك ھەم رىتىملىق بولىدۇ. يۈرەك سوقۇشى بۇنداق ئادەم ئەلۋەتتە باتۇر، جاھىل ھەم چىدامچان بولۇش بىلەن بىللە مەسىلىلەرنى چوڭقۇر ھەم پۇختا مۇلاھىزە قىلىدۇ، ھەرىكىتىنى ئىدارە قىلىشقا ماھىر كېلىدۇ.

چىش مىلىكى تومپىيىپ چىققان، ئېڭەكنىڭ سىرتقى شەكلى ئولتۇرۇشقان بولسا، ئۇنداق كىشىلەر قارار چىقىرىشقا ماھىر كېلىدۇ. ئومۇمەن، ئولتۇرۇشقان ئېڭەكلىك ئادەملەرنىڭ ھەممىسى غەيرەتلىك كېلىدۇ. ئەگەر سىزنىڭمۇ ئېڭىكىڭىز مۇشۇنداق بولسا، ئۇنداقتا سىزنىڭ ئىرادىڭىز ئىنتايىن كۈچلۈك، باشقىچە قىلىپ ئېيتساق، سىز چوقۇم جاھىل.

كەينىگە تارتىلغان ئېڭەكنى بىز يەنە توڭكاي دەپمۇ ئاتايمىز. يۈزەكى بىلىمگە ئىگە خاراكتېر تەھلىل قىلغۇچىلار بۇنداق ئېڭەكلىك ئادەملەرنى قورقۇنچاق دېيىشى مۇمكىن، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس. مەسىلەن، ئامېرىكا ياشلار چويلا توپ ماھىرى بۈچ لوسۇف خانىم قاتارلىقلار مۇشۇ خىل ئېڭەكلىك بولۇپ ھەممىسى ئاكتىپ خاراكتېرگە ئىگە. ئەمما، ئۇلارنىڭ يۈرەك سوقۇشى بىردە ئاستا، بىردە ئىتتىك، قېنى قىزىق، يەنى يۈرەك سوقۇش قېتىم سانى كۆپ بولغانلىقتىن، ئۇلار ئاسانلا ھاياجانلىنىدۇ. ئۇلار ئادەتتە چەبدەس، ئىنكاسى تېز. بۇنىڭ قىسقا ھەم تومپىيىپ چىققان ئېڭەكلىك ئادەملەر بىلەن ئېڭىكى ئولتۇرۇشقان ھەم ئاسان ھاياجانلانمايدىغان ئادەملەرنى سېلىشتۇرغاندا، ئالدىنقىسى بىرقەدەر ئاسان ھاياجانلىنىدۇ ھەم ئاسان تەسىر قوبۇل قىلىدۇ. ناۋادا سىز ھەرىكىتى چەبدەس ياكى ھۈنەرگە پىششىق ئادەم ياللىماقچى بولسىڭىز، ئۇنداقتا سىز چوقۇم ئېڭىكى قىسقا ھەم تومپىيىپ چىققان ئادەمنى تاللىشىڭىز كېرەك.

بىز ئەمەلىيەت ئارقىلىق يۈرەك بىلەن چىش مىلىكى ئارىسىدىكى باغلىنىشلىق مۇناسىۋەتنىڭ رولىنى سىناق قىلىپ باقايلى. «قورقۇنچ ھېسسىياتى»نى مىسال قىلايلى. سىز ئىلگىرى باشقىلار تەرىپىدىن چۆچۈتۈلگەنمۇ؟ ئەگەر چۆچۈتۈلگەن بولسىڭىز، ئۇنداقتا سىز ناھايىتى ئاسانلا ئەينى ۋاقىتتا يۈرىكىڭىزنىڭ تۇيۇقسىز توختاپ قالغانلىقىنى، پۈتۈن بەدىنىڭىزدىكى مۇسكۇللىرىڭىزغا قارىتا كونتروللۇقىڭىزنى يوقىتىپ قويغانلىقىڭىزنى، تىزىڭىز تىترەپ، ئىككى پۇتىڭىز يۇمشاپ، ئېڭىكىڭىز تۆۋەنلەپ ئىككى قولىڭىز بىلەن مەيدىڭىزنى تۇتۇۋالغانلىقىڭىزنى، يۈزلىرىڭىز تاتىرىپ، چىشلىرىڭىز كاسىلداپ كەتكەنلىكىنى ئەسلىيەلەيسىز. بۇ ئالامەتلەرنىڭ ھەممىسى يۈرەك پائالىيىتىڭىزنىڭ تۇيۇقسىز قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىلگەنلىكى، قانلىرىڭىز ئاخىرقى نۇقتىلارغىچە راۋان ئاقالماي قالغانلىقىنىڭ سەۋەبى، ئېڭەك بولسا قان ئايلىنىشتىكى ئاخىرقى ئۇچلارنىڭ

بېرى.

بىر ئاتاقلىق خاراكتېر ئانالىز قىلغۇچى سىز قىلماقچى بولغان كەسىپنى كۆزىتىپ سىزگە كەسىپ تاللاشتىن ئاۋۋال ئۇ، سىزنىڭ چىدامچان ياكى ئالدىراقسان، ھەرىكىتىڭىز چەبدەسمۇ ياكى ئاستىمۇ، ئاسان تەسىرگە ئۇچرامدۇ ياكى ئۆزىنىڭ پىكرىدە چىڭ تۇرالامدۇ ـ يوق، مۇشۇلارنى بىلىشى كېرەك. بۇ ئامىللارنىڭ سىزنىڭ كەسپىڭىزگە قارىتا ناھايىتى زور باغلىنىشى بار ھەم سىزگە قايسى خىل ئىشنى قىلسىڭىز ئەڭ مۇۋاپىق بولىدىغانلىقىنى ھۆكۈم قىلىشتا ئاچقۇچلۇق ئورۇندا تۇرىدۇ.

ئۇنداقتا، تۆۋەندىكى ئەمەلىي ئىشلارنىڭ سىزگە ياردىمى بولامدۇ ـ يوق، شۇنى كۆرۈپ باقايلى:

جاسارەتلىك ھەم ئەقىللىك مال ساتقۇچىمۇ ئېغىز ئىپادىلەپ بەرگەن خاراكتېر ھەم بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ مال سېتىۋالغۇچىنىڭ مۇددىئاسىغا ماسلىشىشنى بىلىشى كېرەك. ئېغىزى قىسقا ھەم كەينىگە تارتىلغان خېرىدارلارنىڭ ھەرىكىتى چەبدەس بولىسىمۇ، ئەقىللىك مال ساتقۇچى بۇنداق ئەر ـ ئايال خېرىدارغا ئاغزىنى ئۇپراتماي تۇرۇپلا ئۇلارنى مال سېتىۋېلىشقا قىزىقتۇرالايدۇ. ئۇ مالنى ئېلىپ چىقىپ ئۇلارغا بىر كۆرسەتسە ھەم نەچچە ئېغىز گەپ قىلسىلا سودا پۈتتى دېگەن گەپ. ناۋادا ئۇ بىر ـ ئىككى قېتىم مالنى كۆرۈپلا ئالمىسا، ئۇنىڭ ئالمايدىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلالىسىڭىز بولىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ ياكى پۇلى يوق ياكى سېتىۋېلىشقا مادارى يەتمەيدۇ.

ناۋادا سىز ئۇچراتقان خېرىدارنىڭ ئېغىزى ئۇزۇن ھەم ئىنچىكە بولسا، سىز ئەڭ ياخشىسى سەۋرچان بولۇپ كۆپرەك ۋاقىت سەرپ قىلىشىڭىزغا توغرا كېلىدۇ. بۇ خىل ئادەملەر مەسىلىلەرنى سالماقلىق بىلەن مۇلاھىزە قىلىشقا ئادەتلەنگەن. سىز چوقۇم سەۋرچان بولۇشىڭىز، ھەرگىز ئالدىراقسانلىق قىلماسلىقىڭىز كېرەك. ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، ئېغىزى قانچىكى ئالدىغا سوزۇلغان ئادەم شۇنچىكى سالماق مۇلاھىزە قىلالايدىغان ئادەم، ئۇلار بىر

نەرسە سېتىۋېلىش ئۈچۈن قايتا ـ قايتا ئويلىنىدۇ، ئۇ دەرھاللا قارار قىلىپ سېتىۋېلىپ ماڭمايدۇ.

مال ساتقۇچى بۇنداق خېرىدارغا دۇچ كەلگەن ۋاقىتتا ھەرگىز ئالدىراقسانلىق، تەۋەككۇلچىلىك قىلماسلىقى، ئۇنى مۇلايىملىق بىلەن ئاستا ـ ئاستا مال سېتىۋېلىشقا كۆندۈرۈشى كېرەك.

## ئۈستى كۆپۈنگۈ، ئاستى پېتىنغۇ يۈز شەكلى

ئىجابىي تەرىپى — پىكىر قىلىشى تېز، ھەرىكىتى سالماق، ئەمەلىيەتچىل، جاسارەتلىك، باشقۇرۇش تەجرىبىسى مول، قابىلىيەتلىك كېلىدۇ.

سەلبىي تەرىپى — ئۆزىنىڭ بىلگىنىنى قىلىدۇ، ئىدارە قىلىشى كەمچىل، جاھىل.

## ئۈستى پېتىنغۇ، ئاستى كۆپۈنگۈ يۈز شەكلى

ئىجابىي تەرىپى — پىكىر قىلىشتا ئېھتىياتچان ھەم ھەرىكىتى تېز، ھۈنەرگە پىششىق.

سەلبىي تەرىپى — ئەمەلىيەتچىل ئەمەس، ئاسان ھاياجانلىنىدۇ، ئۆزلەشتۈرۈش ئىقتىدارى ۋە سەۋرچانلىقى كەمچىل.



ئۈستى پېتىنغۇ، ئاستى
كۆپۈنگۈ يۈز شەكلى



ئۈستى كۆپۈنگۈ، ئاستى
پېتىنغۇ يۈز شەكلى

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئېڭەكلىكى ئۇزۇن ۋە ئولتۇرۇشقان شەكىللىك ئەر ـ ئاياللار ئادەتتە جاھىل، چىدامىلىق، كەسكىن كېلىدۇ ھەم ئۆزىنىڭ سۆز ـ ھەرىكىتىنى كونترول قىلالايدۇ.

ئىككى تارتىلغان توڭكاي ئەر ـ ئاياللار ئادەتتە خاراكتېرى چەبدەس ۋە ھەرىكەتچان، ئاسان ھاياجانلىنىدۇ. ئەگەر سىز قىسقا ئىككىلىك ئادەمنى ئۇچراتسىڭىز، ئۇنداقتا سىز ئۇنىڭ ئىنتايىن ئاسان ھاياجانلىنىدىغان ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايسىز.

شۇڭا، ئەگەر ئۆزىڭىزنىڭ قابىلىيىتىڭىزنى مۆلچەرلەپ، كىرىمىڭىزنى ئاشۇرۇشقا قىزىقسىڭىز، بايا سۆزلەنگەن ئىككى ۋە خاراكتېر ساۋاتلىرىدىن پايدىلىنىپ ئۆزىڭىزگە مۇناسىپ كېلىدىغان خىزمەتنى تاللىسىڭىز ياكى باشقىلارنىڭ كەسىپ تاللىشىغا ياردەم بەرسىڭىز بولىدۇ.

ئەڭ ئاخىرىدا، بىز سىناق قىلىپ باقايلى. ئاۋۋال مۇسسۇلىنىنىڭ بىر پارچە سۈرىتىنى، ئاندىن يەنە روزۋېلتنىڭ بىر پارچە سۈرىتىنى ئېلىپ، ئىككى سۈرەتنى سېلىشتۇرۇپ كۆرەيلى. بىرىنىڭ ئىككى ئولتۇرۇشقان، يەنە بىرىنىڭ تومپىيىپ چىققان. ئۇلارنىڭ ئىككى ئىپادىلىگەن ئوخشاش بولمىغان خاراكتېر نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟

ئاخىرىدا، بىز مۇنداق بىر جۈملىنى ئېسىمىزدە تۇتايلى: «سىز بىر ئادەمنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسىنى بىلگىنىڭىز ئەمەلىيەتتە ھېچنېمىنى بىلمىگىنىڭىز، ئۇنىڭ خاراكتېرى، كۆڭلى، مەقسىتىنى بىلەلمەيسىز، ئەمما سىز بىر ئادەمنىڭ تەق ـ تۇرقىغا زەن سالغان ۋاقتىڭىزدا سىز خۇددى بىر كىتاب كۆرگەنگە ئوخشاش ئۇنىڭ كۆڭلىنى بىلىشكە قادىر بولالايسىز.»

ناۋادا سىز ئۇزۇن ھەم ئىنچىكە ئىڭەكلىك ئەر ـ ئايال خېرىدارنى ئۇچراتقىنىڭىزدا ئەڭ ياخشىسى سەۋرچان بولۇپ كۆپرەك ۋاقىت سەرپ قىلىڭ. بۇنداق ئادەم مەسىلىلەرنى چوڭقۇر تەھلىل قىلىشقا ئادەتلەنگەچكە، ئالدىراپ قارار چىقارمايدۇ. بىر قېتىم كۆرۈپ قويۇپ، قايتىپ كېلىپ يەنە كۆرىدۇ.

# سەككىزىنچى باب

## يان قىياپىتىڭىز نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟

بىرنەچچە يىل ئىلگىرى كېيىل ئەپەندى ئەقىل ـ پاراسەت توغرىسىدا بىر پارچە ماقالە ئېلان قىلغانىدى. ئۇنىڭ ماقالىسىدە ئىخچام ۋە ئۆتكۈر مۇنداق بىر جۈملە سۆز بار: «ئەگەر بىر ئادەم بىر خىل ئۇسۇل ياكى ماھارەت بىلسە، شۇ ئادەم شەيئىنىڭ ماھىيىتىنى بىلىۋېلىپلا قالماي، بەلكى يەنە ئەتراپىدىكى شەيئىدىن پايدىلىنالايدۇ. شۇڭا ئۇ ئادەتتىكى ئادەملەرنى بېسىپ چۈشىدۇ.» باشقىلارنى بېسىپ چۈشكەنلىك مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىق بولىدۇ.

مەن جەزم قىلىمەنكى، تاۋرويا گەرچە ئەمدىلا 20 ياشقا كىرگەن قىز بولسىمۇ، ئۇزاق ئۆتمەيلا مەلۇم رەسىملىك ژۇرنالنىڭ ئوبراز ۋەكىلى بولۇپ قېلىشى، نام قازىنىشى مۇمكىن. چۈنكى ئۇ ئۆزى ئۆگەنگەن بىلىملىرىنى ئىشلىتەلەيدۇ. ئىلگىرى ئۇ ماڭا مۇنداق بىر پارچە خەت يازغانىدى: «بالكىن ئەپەندىم، بىر ئاي ئىلگىرى مەن مەلۇم گېزىتتىن بىرقانچە گېزىت ـ ژۇرناللاردا تەڭلا بېسىلغان بىر پارچە ھېكايىڭىزنى ئوقۇدۇم، ھېكايىڭىزدە بىر قاراپلا مەلۇم بىر ئادەمنىڭ سۆزلەشنى ياقتۇرىدىغان ياكى ياقتۇرمايدىغانلىقىنى قانداق بىلگىلى بولىدىغانلىقىنى دەپسىز، گەرچە ھېكايىڭىزنىڭ مەنىسىنى تولۇق چۈشەنمىسەممۇ، ئەمما ئۇنىڭدىكى بىر نۇقتىنى ئېسىمدە تۇتۇۋالدىم، كۆزى پۇلتىيىپ چىققان ئادەم چوقۇم سۆزلەشكە ئامراق كېلىدۇ. مەن بولسام مەلۇم ھۆسن تۈزەش ئۆيىدە تىرناق ياسايدىغان ئايال خىزمەتچى، ئۆتكەن ھەپتە دېگەنلىرىڭىزنى ئىشلىتىپ بېقىش قارارىغا كەلدىم. جىن ئىسىملىك بىر ئەپەندىم مەلۇم تىياتىرخانىنىڭ غوجايىنى، ھەمىشە

بىزنىڭ دۇكاندا تىرناق ياسىتتىدۇ، بىزنىڭ خىزمەتچىلەر بىلەن ياخشى تونۇشىدۇ، لېكىن كۆپىنچىسى ئۇنى كۆرسىلا قاچىدۇ، ھەمدە ئالۋاستى، دەپ تىللايدۇ. دىققەت قىلسام، ئۇنىڭ كۆزى پۇلتىيىپ چىققاندى. بىركۈنى ئۇ ئۇستىلىمنىڭ ئالدىغا كەلدى، مەن ئۇنىڭدىن نۇرغۇن مەسىلىلەرنى سورىدىم، ھەمدە چاقچاق تەرىقىسىدە ئەمەس، بەلكى رەسمىي يوسۇندا سورىدىم. سورىغانلىرىم ئۇ ئىشلىگەن تىياتىرلار، ئائىلىسىنىڭ ئىشلىرى توغرۇلۇق ئىدى. دەرۋەقە، ئۇ بىر سۆزلىگىنىچە توختىمىدى، ئۆمۈرلۈك تارىخىنىڭ ھەممىسىنى ماڭا ئېيتىپ بەردى، تىرنىقىنى ياساپ بولغانغا قەدەر سۆزلەپ توختىمىدى. ئاخىرىدا ماڭا ئۆزى رېپېتىتسىيە قىلىۋاتقان ئۇسسۇللۇق ئوپېرادىكى بىر ناخشىچى قىزنىڭ رولىنى ئېلىپ سىناپ بېقىش پۇرسىتى بېرىشكە ماقۇل بولدى. بۈگۈن خېتىمدە سىزگە مۇشۇ ئىشنى دېمەكچىدىم، چۈنكى مەن دەل سىزنىڭ ھېلىقى ماقالىڭىزدىن مۇشۇنى سىناق قىلدىم. ئارقىدىن مەن بۇ پۇرسەتكە ئېرىشتىم.»

تاۋرويا، مانا بۇ ئەقىل ـ پاراسەت، كەلگۈسىدە كىرىمىڭىزنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇڭ! سىزنىڭ ئىقتىدارىڭىز، ئورنىڭىز كەلگۈسىدە ئۈزۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلسۇن!

ئىلگىرى ئۆگىنىپ بولغان نەچچە خىل ئاساسىي بىلىملەرنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈپ، ئۇلارنى ئىشلىتىپ، تېخىمۇ يېڭى، تېخىمۇ پايدىلىق سىناقلارنى قىلساق بولىدۇ، ئۆزىمىز ۋە تونۇش كىشىلەر ئارىسىدا ئىشلەتسەك بولىدۇ.

بىز ئالدىبۇرۇن پېشانە، كۆز، بۇرۇن، ئېغىز ۋەكىللىك قىلىدىغان ھەر خىل خاراكتېرنى مۇزاكىرە قىلىپ بولدۇق، نېمە ئۈچۈن ئىككى كۆزى پۇلتىيىپ چىققان ئادەمنىڭ سۆزلەشكە ئامراق ئىكەنلىكىنى، نېمە ئۈچۈن ئېغىزى قىسقا، كەيىنگە تارتىلغان ئادەملەرنىڭ ئاسان ھاياجانلىنىدىغانلىقىنى سۆزلەپ ئۆتتۇق، مەنمۇ سىز ئۈچۈن ئېگىز بۇرۇنلۇق ئادەملەرنىڭ خاراكتېرىنىڭ ئاكتىپ بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردىم، ئورا كۆز ئادەمنىڭ خاراكتېرى

ئىغىر - بېسىق، پېشانىسى كۆتۈرۈلۈپ چىققان ئادەمنىڭ غايىپەرەس ھەم خىيالپەرەس بولىدىغانلىقىنى، پاناق ئادەمنىڭ ئىقتىدارى كەمچىل بولىدىغانلىقىنى بىلىۋالدىڭىز.

كۆپۈنگۈ يۈزلۈك ئادەم ئەڭ ئاسان ئالاقە قىلالايدۇ، ھەمدە ئۆزىگە ۋە باشقىلارغا پايدىلىق بولسىلا، مەيلى خىزمەت ۋاقتى، مەيلى مۇلاھىزە قىلىۋاتقان ۋاقىت ياكى ھەرىكەت قىلىۋاتقان ۋاقىتتا بولسۇن، ئالاقىلىشىش سۈرئىتى ھەمىشە ناھايىتى تېز بولىدۇ، خۇددى يەل تاپان ئادەمدەك بەزىدە ھەرىكىتى بەك تېز بولىدۇ. ئۇلار ئۇچۇن قىيىن مەسىلە: تېرىقتەك ئىش ئۈچۈن باشقىلار بىلەن مۇنازىرە قىلىدىغان ئادىتىنى چەكلەش.

ئەمدى ئۇلاپلا ئىلمىي خاراكتېر تەھلىل قىلىشىنىڭ ئىككىنچى قەدىمىنى سۆزلەيمىز. ئالدى بىلەن بىلىپ بولغان بىرقانچە نۇقتىلاردىن پايدىلىنىپ ۋە سىناق قىلغاچ بەزى خۇلاسىلەرگە ئېرىشىمىز، بىرىنچى قەدىمى ئۆزىنى كۆرۈش ئارقىلىق باشقىلارنى كۆرۈش، سىز دوستلىرىڭىز بىلەن بىللە بىرنەچچە پارچە يانچە سۈرەتكە چۈشۈپ، سىز بىلەن بىللە تۇرغان ئادەملەرنىڭ يان شەكلىگە ئىنچىكىلىك بىلەن نەزەر سېلىڭ. ئېنىق كۆرگەنسىز، بەزىلەرنىڭ پېشانىسى قاش قىسمىدىن باشلاپ ناھايىتى روشەن ھالدا كەينىگە تارتىلغان ھالەتتىمۇ؟ ئۇ يانتۇ ھالەتتىمۇ؟ ئەگەر شۇنداق بولسا، خاراكتېر تەھلىل قىلغۇچىلار بۇ پېشانىنى دوقا ماڭلاي، دەپ ئاتايدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇنىڭ شەكلى ماشىنا چاقىنىڭ يان تەرەپتىن قارىغان چاغدىكى كۆرۈنۈشىگە ئوخشىشىپ قالىدۇ، ئەمما بۇنداق كەينىگە تارتىلغان پېشانىلىك ئادەملەرنىڭ تەپەككۇرى ئۆتكۈر، كۆزىتىش ئىقتىدارى كۈچلۈك بولۇپ، ھەرگىز ئىككىلەنمەيدۇ.

بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىلمىي پاكىت، مەن بۇ مەسىلىلەرگە قارىتا 25 يىل تەتقىقات ئېلىپ باردىم، بۇ پاكىتقا قارشى

ئىشلارنى، مىساللارنى بۇگۈنگە قەدەر ئۇچراتقىنىم يوق.
بىز يەنە بۇرۇنغا قاراپ باقايلى، ئۇمۇ ئىگىز بۇرۇنلۇق، ئەگرى سىزىق شەكىللەندۇرگەن — ۋىلىسىپىت چاقىنىڭ يان تەرەپتىن قارىغان چاغدىكى كۆرۈنۈشىگە ئوخشىشىپ كېتەمدۇ؟ ھا... ھا... بۇمۇ كۆپۈنگۈ شەكىللىك بۇرۇن — كۆچلۈك، ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان، مۇنازىرىلىشىشچانلىقنىڭ ئىنىق ئىپادىسى. يەنە ئېڭەك — ئۇ روشەن ھالدا كەينىگە تارتىلىپ بويۇنغا يېقىنلىشامدۇ؟ ھا... ھا... بۇ كۆپۈنگۈ شەكىللىك ئېڭەك، دەپ ئاتىلىدۇ — ئۇ ئاسان ھاياجانلىنىشقا ھەم ھەرىكەتنىڭ تېزلىكىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.
يۇقىرىدا يان تەرەپتىن كۆپۈنگۈ ھالەتتە كۆرۈنىدىغان ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئادەملەر بايان قىلىندى. ئۇلارنىڭ ھەرقايسى ئەزالىرى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان ھالەتتە بولىدۇ. پېشانىسى قىيپاش، بۇرنى ئىگىز ھەم ئەگرى، ئېڭىكى قىسقا، يان تەرەپتىن قارىغاندا چاققا ئوخشايدۇ. بۇنداق ئادەم ھەممە نەرسىگە ئەھمىيەت بېرىدۇ، خۇددى ئوقيادەك تېگىپ كەتسىلا ئېتىلىش ئالدىدا تۇرغان يا ئوقىغا ئوخشايدۇ.
كۆپۈنگۈ يۈزلۈك ئادەم ئەڭ ئاسان ئالاقە قىلالايدۇ. ئۆزىگە ۋە باشقىلارغا پايدىلىق بولسىلا، مەيلى خىزمەت ۋاقتى، مۇلاھىزە قىلىۋاتقان ۋاقىت ياكى ھەرىكەت قىلىۋاتقان ۋاقىتتا بولسۇن، ئالاقىلىشىش سۈرئىتى ھەمىشە ناھايىتى تېز بولىدۇ. ئۇلار خۇددى يەل تاپان ئادەمدەك بەزىدە ھەرىكىتى بەك تېز بولىدۇ. ئۇلار ئۇچۇن ئەڭ قىيىن مەسىلە: تېرىقتەك ئىش ئۈچۈن باشقىلار بىلەن مۇنازىرە قىلىدىغان ئادىتىنى چەكلەش، لېكىن كۆپ ساندىكى كەسىپلەر ئىجادچانلىققا، پائالىيەتچانلىققا، سەزگۈرلۈككە، ھوشيارلىق ۋە ئۆتكۈرلۈككە موھتاج. شۇڭا مەن بۇ خىل ئادەملەرنى ياخشى كۆرىمەن، تەجرىبىلىك دىرېكتورلار ۋە كەسىپ تاللاش مەسلىھەتچىلىرىمۇ بۇ خىل كىشىلەرنى ئىنتايىن قەدىرلەيدۇ.

پېشانىسى شەكىللىك يۈز ھىلال ئاينىڭ ئىچكى قىسمىغا ۋەياكى بىر تال ئەگرى بانانغا ئوخشايدۇ، شۇڭا پېشانىسى شەكىللىك پېشانىنىڭ چاچقا يېقىن قىسمى كۆتۈرۈلۈپ چىققان، قاش ئورنى تۈز، قاڭشىرى پاناق، ئېڭىكى ئالدىغا چىققان بولىدۇ.

يەنە يان تەرەپتىن ئۈچلۈق، يۈزى خۇددى يا ئوقىنىڭ ئۇچىدەك كۆتۈرۈلۈپ چىققان ئادەملەرمۇ بار. بۇنداق ئادەم چاققانلىقنى، چەبدەسلىكنى تەلەپ قىلىدىغان خىزمەتلەرنى قىلىشقا مۇناسىپ كېلىدۇ. ئۇلار ئومۇمەن تېز پىكىر قىلىش، ئەمەلىيەتچىل، ئۆزلەشتۈرۈشچان، قىزغىن، قابىلىيەتلىك، ھوشيار، چەبدەس ئالاھىدىلىكلىرى ئارقىلىق خىزمەتلەرنى ئادەتتە ناھايىتى ياخشى قىلىپ كېتەلەيدۇ. ئۇلار ئېلانچىلىق، تەنتەربىيە، قۇرۇلۇش، بىناكارلىق، ئېكسپېدىتسىيە، مۇخبىرلىق، ئادۋوكاتلىق، مال سېتىش، سەھنە لايىھەلەش، سىياسىي پائالىيەت، رول ئېلىش ۋە سانائەت تىرانسپورتى قاتارلىق كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىشنى ياخشى كۆرىدۇ. يۇقىرىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى پەقەت كەسىپ تۈرلىرى بولۇپ، بىز يەنە قايسى خىل ئادەمنىڭ قايسى خىل كەسىپنى قىلىشقا مۇناسىپ كېلىدىغانلىقىنى تەپسىلىي سۆزلەپ ئۆتىمىز.

بىز ئەمدى بۇ خىل يۈزلۈك ئادەملەرنىڭ ئەكسى بولغان پېتىنغۇ يۈزلۈك ئادەملەرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى سۆزلەپ ئۆتەيلى: پېتىنغۇ شەكىل يۈز ھىلال ئاينىڭ ئىچكى قىسمىغا ياكى بىر تال بانانغا ئوخشايدۇ. شۇڭا پېشانىنىڭ چاچقا يېقىن قىسمى كۆتۈرۈلۈپ چىققان، قاش ئورنى تۈز، قاڭشىرى پاناق، ئېڭىكى ئالدىغا چىققان بولىدۇ.

بۇ خىل يۈز قۇرۇلۇشىدىكى ئەر ـ ئاياللارنىڭ مىجەزى ئىنتايىن سۇس بولۇپ، سۆزلەش، پىكىر قىلىش سۈرئىتى ئاستا، ھەرىكىتىمۇ ئاستا بولىدۇ. گەرچە تېز بولۇشنى ئويلىغان بولسىمۇ، تېزلەتكىلى بولمايدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇنداق ئادەملەرنىڭ ئاجىزلىقىنى

تۇرمۇشتا ئالدى بىلەن ئۆلارنىڭ سۆز - ھەرىكىتىنىڭ ئاستىلىقىنى تونۇش كېرەك. ناۋادا سىز بۇ خىل ئېغىر - بېسىق پېتىنغۇ يۇزلۇك ئادەم بولسىڭىز، ئۇنداقتا چوقۇم ئۆزىڭىزگە ھەرقاچان ھەيدەكچىلىك قىلىپ تۇرۇڭ، سىز بۇنىڭغا ئېھتىياجلىق. سىزدە كەمچىل بولغىنى دەل ئۆزگىلەردىن قورقۇش. مىجەزىڭىز ياخشى، سىز ئاق كۆڭۇل، مۇئامىلىڭىز ئىللىق، چىدامچان بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلىرىڭىز بولسىمۇ، لېكىن ۋىجدان بىلەن سۆزلىگەندە سىز ئازراق ھورۇنمۇ - ئەمەسمۇ؟ سەھەر تۇرغان بىلەن ئاز - تولا ئىش قىلامسىز - قىلمامسىز؟ بىر ھەپتە ۋاقىتنى ھېچ ئىش قىلماي بىكار ئۆتكۈزۈۋېتەمسىز - قانداق؟

بىز ئەمدى پېتىنغۇ يۇزلۇك ئادەملەر قىلىشقا ئەڭ مۇناسىپ كېلىدىغان ئىشلارنى سۆزلەپ ئۆتەيلى. سىز سەۋر - تاقەت، خاتىرجەملىك، پۇختا ئويلىنىش ھەم ئۇزاق مەزگىللىك خىزمەتلەرنى قىلىشقا مۇناسىپ، بۇنداق خىزمەتلەر ناھايىتى كۆپ ھەم بىز بۇ توغرۇلۇق سۆزلەيدىغان، بولۇپمۇ باشقا بەدەن شەكلىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى سۆزلىگەن ۋاقتىمىزدا تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ توختىلىمىز. لېكىن ئومۇملاشتۇرغاندا تۆۋەندىكى بىرقانچە تۈردىن ھالقىپ كېتەلمەيدۇ: ئىجادچانلىق تەلەپ قىلىدىغان خىزمەتلەردە يازغۇچى، كاتىپلىق، مېھمانساراي كەسپى، قانۇن مەسلىھەتچىلىك تۈردىكى كەسىپ، مۇزىكانت، دىنشۇناسلىق ۋە ئىجتىمائىي ئىشلار قاتارلىق.

ئەگەر سىز دۇنيادىكى داڭلىق ئادەملەرنىڭ رەسىمىنى يىغىپ، پىرېزدېنتلارنىڭ يان كۆرۈنۈشىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرسىڭىز، كىشىنى ئىنتايىن ھەيران قالدۇرىدىغان ھادىسىنى بايقايسىز. ئومۇمەن، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ يۈز قۇرۇلۇشى يان تەرەپتىن ئۈستى كۆپۈنگۈ شەكىللىك، ئاستى پېتىنغۇ شەكىللىك كەلگەن. بۇ كىشىلەر مەمۇرىي ئىشلارنى قىلىشقا تېگىشلىك تىپىك ئادەملەر.

بىر ئادەم ئۆزى قىلىشقا ئەڭ مۇناسىپ كېلىدىغان خىزمەتنى قانداق تېپىش مەسىلىسىنى سۆزلىگىنىمىزدە بەلكىم بىز يېقىندا يۈز بەرگەن ئىنتايىن غەلىتە بىر ئىشقا دىققەت قىلىمىز.

بىرنەچچە ئاي ئىلگىرى، چاڭداۋ گېزىتىدە، شۇ يەرلىك بىر ئادەمنىڭ ئىنتايىن زور خەتەرگە يولۇققانلىقى بايان قىلىنغان. ئىلگىرى ئۇنىڭ يۈتقۇنچىقى ئوپېراتسىيە قىلىنغانىكەن. دوختۇر ئۇنىڭغا بىر ـ ئىككى سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى بىر كۆمۈش نەيچىنى نەپەس ئېلىشنى ياخشىلاش ئۈچۈن كېكىردەككە قويۇپ قويغان. سوغۇق ھاۋادا بۇ كۆمۈش نەيچە تۇيۇقسىز كېكىرتەكتىن سىيرىلىپ كېتىپ نەپەس يولى توسۇلۇپ قېلىپ سۆزلىيەلمەي ھەم نەپەس ئالالماي، كوچىدا قار دۆۋىسىگە يىقىلغان. بىر توپ ئادەم ئۇنى ئورىۋالغان، ھەممىسىنىڭلا ياردەم بەرگۈسى كەلگەن، لېكىن ياردەم بېرەلمىگەن. بۇ ۋاقىتتا بىر چارلاش ساقچىسى كىشىلەر توپىنى يېرىپ كىرگەن، گەرچە ئۇنىڭ تېبابەتتىن ھېچبىر خەۋىرى بولمىسىمۇ، خەتەر ئىچىدە قالغان بۇ ئادەمنىڭ قولى بىلەن بوغۇزىنى توختىماي كۆرسىتىۋاتقانلىقىنى ھەم شۇ كۆرسىتىۋاتقان جايدىن ئۇزۇلۇپ ـ ئۇزۇلۇپ نەپەس چىقىۋاتقانلىقىنى، نەپەسنىڭ ھېلىقى كۆمۈش نەيچە تەرىپىدىن توسۇلۇپ قالغانلىقىنى بايقاپ، دەرھال نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى بىلگەن. ئۇ سىياھ قەلىمىنى ئېلىپ تاپانچىسى بىلەن ئۇنى پارچىلاپ ئىچىدىكى رېزىنكە نەيچىسىنى چىقىرىپ قول ياغلىقى بىلەن ئۇنى پاكىز سۈرتۈپ ھېلىقى ئادەمنىڭ بوغۇزىغا قويغان. ھېلىقى ئادەمنىڭ نەپىسى دەرھال راۋانلاشقان. بۇ ۋاقىتتىلىق «كاناي ئىشچىسى» دوختۇرخانىنىڭ قۇتقۇزۇش ماشىنىسى كەلگەندىن كېيىن بۇ ئادەمنى ئوڭۇشلۇق ھالدا دوختۇرنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن. دوختۇر دەرھال ھېلىقى كۆمۈش نەيچىنى ئېلىپ ئەسلىدىكى ئورنىغا قويۇپ قويغاندىن كېيىن بۇ ئادەم خەتەردىن قۇتۇلغان.

بۇ مىسالدا چارلاش ساقچىسى تەپەككۇرىغا ھەم ھەرىكىتىنىڭ چەبدەسلىكىگە تايانغان. نۇرغۇن خىزمەتلەر مانا مۇشۇنداق چەبدەس ئادەملەرگە ئېھتىياجلىق، بۇنداق ئىشلار مۇشۇنداق ئالاھىدىلىك ۋە ئىقتىدارغا ئىگە بولغان ۋاقتىمىزدا ئۇچراپ تۇرىدۇ.

خاراكتېرنى ئىلمىي ئانالىز قىلىش ئۇسۇلىدا سىز بىلمەكچى بولغان ھەرقانداق يۈز تۈزۈلۈشى ياكى ئارىلاشما يۈز شەكلىدىكى ئادەملەرنى تاپالايسىز. سىز كۆپۈنچە يۈزلۈك ئەر ـ ئاياللارنىڭ خاراكتېرى ــ پىكىر قىلىشى تېز، ھەرىكىتى چاققان بولىدىغانلىقىنى، پېتىنىغۇ يۈزلۈك ئەر ـ ئاياللارنىڭ خاراكتېرى ــ پىكىر قىلىشى ئاستا، ھەرىكىتى سۇس بولىدىغانلىقىنىمۇ ئۆگىنىپ بولدىڭىز.


تەكشى يۈز شەكلى

ئۇنداقتا، يۈز قۇرۇلۇشى ھەم كۆپۈنكۇ، ھەم پېتىنىغۇ شەكىللىك بولمىغان ئادەمنىڭ خاراكتېرى قانداق بولىدۇ؟ پېشانە، كۆز، بۇرۇن، ئېغىز، ئېڭەكلىرى تۈز كەلگەن ئادەملەرنىڭ خاراكتېرى قانداق بولىدۇ؟ بۇنداق ئادەملەرنىڭ يان كۆرۈنۈشى ئادەتتە تۈز بولىدۇ.

**تەكشى يۈز شەكلى**

ئىجابىي تەرىپى ــ چوڭقۇر پىكىر قىلىدۇ، تىرىشچان.
سەلبىي تەرىپى ــ ئىككىلىنىپ بىر قارارغا كېلەلمەيدۇ.

تەكشى يۈزلۈك ئادەم ــ ئۇلارنىڭ يۈزى بىلەن ئومۇرتقىسى پاراللېل سىزىق ھاسىل قىلىدۇ. خاراكتېرى دەل كۆپۈنگۇ يۈزلۈك ئادەملەرنىڭ ئاسان ھاياجانلىنىدىغان تەرىپى بىلەن پېتىنىغۇ يۈزلۈك ئادەملەرنىڭ ئىككىلىنىدىغان خاراكتېرى ئارىلىقىدىكى خاراكتېر، بۇنداق ئادەم دائىم باشقىلارنىڭ سۆيلەپ تۇرۇشىغا ئېھتىياجلىق، شۇندىلا ئۇلار تېخىمۇ ئاكتىپ ئىشلارنى قىلالايدۇ.

بىز يەنە ئاربلاشما يۇزلۇك ئادەملەر ئۈستىدە توختىلايلى. يان كۆرۈنۈشىدىن ئۈستى تەرىپى پېتىنغۇ شەكىللىك، ئاستى تەرىپى كۆپۈنگۈ شەكىللىك ئادەملەر كۆپ كۆرۈلىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بىز ھەربىر بوۋاقنىڭ پېشانىسى دومباق، قېشى تۈز، بۇرنى پاناقراق، كالپۇكى سوزۇلغان، ئېڭىكى ئىچىگە كىرگەن قىياپىتىنى كۆرىمىز، بۇ دەل ئۈستى تەرىپى پېتىنغۇ، ئاستى تەرىپى كۆپۈنگۈ شەكىللىك ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۈرگەن.

ئەگەر سىز بۇ خىل يۈز تۈزۈلۈشىدىكى قۇرامىغا يەتكەن ئادەمنى كۆرسىڭىز، ئۇنداقتا سىز ئۇنىڭغا پىكىر قىلىشى ئاستا، ئەمما ھەرىكىتى تېز دەپ ھۆكۈم قىلىسىڭىز بولىدۇ. بۇنداق ئادەملەر ئاۋۋال ئىش قىلىپ، ئاندىن ئويلايدىغانلار، ئۇلارنىڭ باھانىسى دائىم «مەن ئويلاپ باقمىغان» — بۇنىڭ ئازراقمۇ يالغىنى يوق. بۇ خىل ئادەم ئۇزاق ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئاندىن كۆڭلىدە قارار چىقىرالايدۇ. ئۇلارنىڭ ئادەتتە كۆڭلى بىر جايىدا تۇرمايدۇ، ئىنچىكە، ئەمەلىيەتچىل، زېھنى يېتەرلىك ئەمەس. ئەمما ھەرىكىتى ناھايىتى چاققان ھەم ئاسان ھاياجانلىنىدۇ. بۇنداق ئادەمگە ھەرگىز قارار چىقىرىدىغان، مەسئۇلىيىتى ئېغىر، زېھنى كۈچ سەرپ قىلىدىغان ياكى ئەمەلىيەتكە ئەھمىيەت بېرىدىغان خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرماڭ. مەن يۇز شەكلى مۇشۇنداق ئادەملەرنىڭ يۇز شەكلىگە ئوخشىشىدىغان ئادەمنى ئۇچرىتىپ باقمىدىم.

ئەلۋەتتە، ئۇلارمۇ مەلۇم خىزمەتلەردە كىشىنى قايىل قىلارلىق نەتىجىلەرنى يارىتالايدۇ. مەسىلەن، پۇختا قول ھۈنىرى ۋە تېخنىكا تەلەپ قىلىدىغان خىزمەتلەر، خەت ئۇرۇش، ئوراش قاتارلىق مېخانىكىلىق خىزمەتلەر، زەرگەرچىلىك، باغۋەنچىلىك ھەم پارچە - پۇرات خىزمەتلەر، لېكىن ئۇلارنىڭ چوقۇم بىر قابىلىيەتلىك ئىجرا قىلغۇچىسى بولۇشى كېرەك.

ناھايىتى قىزىقارلىق مۇنداق بىر خاراكتېر ئانالىز تەجرىبىسى بار. ئەگەر سىز دۇنيادىكى مەشھۇر كىشىلەرنىڭ

رەسىمىنى يىغىسىڭىز، ئامېرىكىنىڭ ئىلگىرىكى پرېزىدېنتلىرىنىڭ يان كۆرۈنۈشىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرسىڭىز، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ھادىسىنى بايقايسىز. ئومۇمەن، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭلا يان تەرەپ كۆرۈنۈشى ئۈستى قىسمى كۆپۈنگۈ شەكىللىك، ئاستىنقى قىسمى پېتىنغۇ شەكىللىك بولۇپ، بۇ كىشىلەر مەمۇرىي ئىشلارنى قىلىشقا تېگىشلىك تىپىك ئادەملەر.

> **ئەقىللىك ئادەم ـــ ئىلمىي ئۇسۇلدا خاراكتېر ئانالىز قىلىشنى ھەقىقىي بىلىدىغان ئادەم. ئەقىللىك ئادەملەر ئادەمنى دەرھاللا خاراكتېرىنى ئۆزگەرتىشكە قىستىمايدۇ، ئەكسىچە ئۇ ئۆزىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىگە تايىنىپ بۇنداق ئادەمنىڭ خاراكتېرىدىن پايدىلىنىدۇ.**

پېشانىسى يانتۇ كۆپۈنگۈ شەكىل ھاسىل قىلغان ئادەملەر ئەمەلىيەتچىل كېلىدۇ، كۆزىتىش ئىقتىدارى بار ھەم چەبدەس، توغرا قارار چىقىرىشنى تەپەككۇر قىلالايدۇ. بۇرنى كۆپۈنگۈ شەكىللىك بولغىنى كۈچلۈك، ئاكتىپ، ئالغا ئىلگىرىلەيدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ئاغزى ھەم ئېڭىكى ئۇزۇن ھەم پېتىنغۇ شەكىل ھاسىل قىلغانلىرى ھەرىكىتى سالماق، ئۆزىنى ئىدارە قىلالايدىغان ھەم غەيرەتلىك، چىدامچانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

بۇنداق ئادەمنىڭ ئويلىنىشى تېز، ئەمما ھەرىكىتى ئاستا، ئۇ (مەيلى ئەر ياكى ئايال بولسۇن) ئادەتتە «مەن سىزنىڭ تەلىپىڭىزنى چۈشەندىم، ئەتە جاۋابىنى بېرىمەن» دېيىشكە ئادەتلەنگەن.

ئەقىللىك ئادەم ـــ ئىلمىي ئۇسۇلدا خاراكتېر ئانالىز قىلىشنى ھەقىقىي بىلىدىغان ئادەم. ئەقىللىك ئادەملەر ئادەمنى دەرھاللا خاراكتېرىنى ئۆزگەرتىشكە قىستىمايدۇ، ئەكسىچە ئۆزىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىگە تايىنىپ بۇنداق ئادەمنىڭ خاراكتېرىدىن پايدىلىنىدۇ: «بەك ياخشى بولدى، ئەتە ئەتىگەن سائەت 10 دە كېلىپ سىز بىلەن كۆرۈشىمەن، بولامدۇ؟»

ئۆزىڭىزنىڭ ئادىتىنى ئانالىز قىلىشقا ئادەتلىنىڭ. ئۆتمۈشتىكى مەغلۇبىيەتلىرىڭىزنى ئۇنتۇڭ، ئەگەر بىر ئادەمنىڭ كۆڭلى ئۆتمۈشتىكى ئەسلىمىلەر بىلەن توشۇپ كەتكەن بولسا، ئۇنداقتا ناھايىتى ئاسان قېرىپ كېتىدۇ؛ ئەگەر ئۈمىد ۋە ئارزۇ — ئىستەكلەر بىلەن تولغان بولسا، ئۇنداقتا ئاسانلا خىيالپەرەس بولۇپ قالىدۇ. ناۋادا كەسكىنلىك ۋە مەلۇم نىشان (مەقسەت) بىلەن تولغان بولسا، ئۇنداقتا چوڭراق نەتىجە قازىنىش مۇمكىنچىلىكى تېخىمۇ چوڭ بولىدۇ.

ئالدىدا تەسۋىرلەنگەنلەرنى يىغىنچاقلىغاندا، ئادەملەرنىڭ يۈز شەكلى كۆپۈنگۈ شەكىللىك، پېتىنغۇ شەكىللىك، تەكشى شەكىللىك ياكى ئارىلاشما شەكىللىكتىن ھالقىپ كېتەلمەيدۇ. ئەگەر سىز ئۆزىڭىزنىڭ يۈز شەكلىڭىزگە ھۆكۈم قىلالمىسىڭىز، دوستىڭىزدىن سوراپ باقسىڭىز بولىدۇ ياكى ئەينەككە قاراپ، ياكى سايىڭىزنى تامغا چۈشۈرۈپ كۆرسىڭىز ۋە ياكى يان كۆرۈنۈشىڭىزنى سۈرەتكە تارتىپ كۆزىتىپ باقسىڭىز بولىدۇ.

ھازىر ھەر خىل چىراي شەكىللىرىنىڭ ھەر خىل ئاكتىپ ۋە پاسسىپ خاراكتېرى ۋە ئۇلار قىلىشقا مۇناسىپ كېلىدىغان خىزمەتلەرنى تۆرگە ئايرىپ كۆرەيلى.

كۆپۈنگۈ يۈز شەكلى — پېشانىسى كەينىگە يانتۇ، قاش سۆڭىكى ئېگىز، قاڭشىرى ئېگىز، لېۋى توم، ئېڭىكى قىسقا كېلىدۇ. ئاكتىپ خاراكتېرى ۋە ئالاھىدىلىكى: پىكىر قىلىشى تېز، مول كۆزىتىش ئىقتىدارىغا ئىگە. ئىجادچان، ھەرىكىتى تېز. پاسسىپ خاراكتېرى ۋە ئاجىزلىقى: مەسخىرە قىلىش، ئاسان ئاچچىقلىنىش ۋە ھەرىكەتچان خاراكتېرگە ئىگە. سەۋر - تاقەتى ۋە ئىزچىللىقى كەمچىل. ماس كېلىدىغان كەسىپ: ئەمەلىيەتچانلىق ۋە سۈرئەت تەلەپ قىلىدىغان خىزمەتلەر.

پېتىنغۇ يۈز شەكلى — پېشانە ئۈستى قىسمى كۆتۈرۈلۈپ چىققان، قاش سۆڭىكى تۈز ياكى ئىچىگە كىرگەن، بۇرنى پاناق،

لېۋى نېپىز، ئېڭىكى ئالدىغا چىققان. ئاكتىپ خاراكتېرى ۋە ئارتۇقچىلىقى: تەپەككۇر قىلىشقا ئامراق، مۇلايىم، چىدامچان، پىكىر قىلىش ۋە ھەرىكەتتە ئېھتىياتچان. پاسسىپ خاراكتېرى ۋە كەمچىلىكى: بەك سوس، ئەمەلىيەتچىل ئەمەس، ھورۇن ۋە جاھىل. ماس كېلىدىغان كەسىپ: ئېھتىياتچانلىق، سەۋر - تاقەت، غەيرەت تەلەپ قىلىدىغان خىزمەتلەر.

تەكشى بولغان يۈز شەكلى — پېشانىسى تۈز، بۇرنى تۈز، ئاغزى بىلەن ئېڭىكى تەكشى چۈشكەن بولىدۇ.

ئاكتىپ خاراكتېرى: تەپەككۇر قىلالايدۇ، ھەرىكەتچان.

پاسسىپ خاراكتېرى: ئاسان ئىككىلىنىپ قارار چىقىرالمايدۇ.

ماس كېلىدىغان كەسىپ: ئادەتتىكىدەك ئىقتىدار ۋە ھەرىكەت تەلەپ قىلىدىغان خىزمەتلەر.

ئۈستى قىسمى كۆپۈنگۈ، ئاستى قىسمى پېتىنغۇ شەكىللىك يۈز شەكلى — پېشانىسى يانتۇ، قاش سۆڭىكى ئېگىز، قاڭشىرى ئېگىز، كالپۇكى نېپىز، ئېڭىكى ئۇزۇن ھەم ئالدىغا چىققان.

ئارتۇقچىلىقى: پىكىر قىلىشى تېز، ئەمەلىيەتچان، زېھنى قۇۋۋەتكە ئىگە، ئېھتىياتچان.

كەمچىلىكى: ئۆز بېشىمچى، جاھىل.

ماس كېلىدىغان كەسىپ: رەھبەرلىك قىلىش، ئىجرا قىلىش ئىقتىدارى كۈچلۈك، مەسئۇل بولۇش ۋە ھۆكۈم قىلىشنى تەلەپ قىلىدىغان خىزمەتلەر.

ئۈستى قىسمى پېتىنغۇ، ئاستى قىسمى كۆپۈنگۈ شەكىللىك يۈز شەكلى — پېشانىسىنىڭ ئۈستى قىسمى كۆتۈرۈلگەن، قاش سۆڭىكى تۈز ياكى سەل ئولتۇرۇشقان، بۇرنى پاناق، لېۋى توم، ئېڭىكى قىسقا.

ئارتۇقچىلىقى: پىكىر قىلىشتا ئېھتىياتچان، ئىشچان، ھۈنەرگە پۇختا.

يېتەرسىزلىكى: ئەمەلىيەتچىل ئەمەس، ئاسان ھاياجانلىنىدۇ. ئۆزلەشتۈرۈش ئىقتىدارى ۋە سەۋر ـ تاقىتى كەمچىل.

ماس كېلىدىغان كەسىپ: چەبدەسلىكنى تەلەپ قىلىدىغان، ئەمما بەك ئەمەلىي ياكى پىكىر قىلىش تېزلىكى تەلەپ قىلىنمايدىغان خىزمەتلەر.

كىشىلەرنىڭ يۈزى كۆپىنچە شەكىللىك، پىتىنچە شەكىللىك، تەكشى شەكىللىك ياكى ئارىلاشما شەكىللىكتىن ھالقىپ كېتەلمەيدۇ. ئەگەر سىز ئۆزىڭىزنىڭ يۈز شەكلىگە ھۆكۈم قىلالمىسىڭىز، دوستىڭىزدىن سوراپ باقسىڭىز، ئەينەككە قاراپ كۆرۈپ، سايىڭىزنى تامغا چۈشۈرۈپ كۆزەتسىڭىز ۋە ياكى يان كۆرۈنۈشىڭىزنى سۈرەتكە تارتىپ كۆرۈپ باقسىڭىز بولىدۇ.

# توققۇزىنچى باب

## سىز مۇتەپەككۇرمۇ، ئەمەلىيەتچىلمۇ ياكى باشقۇرغۇچىمۇ؟

چەكلەش ئەڭ قىيىن بولغان ئىشلارنىڭ بىرى ئىنسانلارنى باشقىلارنىڭ ئىشىغا ئارىلىشىۋېلىش تەبىئىتىدىن قول ئۈزدۈرۈش، بولۇپمۇ بىز ئۆزىمىزنىڭ ھەقىقەتەن توغرا ئىكەنلىكىنى بىلگەن ۋاقتىمىزدا. شۇڭلاشقا، مەن تونۇيدىغان بىر جۈپ ئەر ـ ئايالنىڭ تەكەببۇرلۇق بىلەن ماڭا ئۆزلىرىنىڭ 11 ياشلىق ئوغلىنى سىرتقا چىقىپ باشقا باللار بىلەن ئويناشقا بۇيرۇغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگىنىدە مەن چىشىمنى چىشلەپ گەپ قىلمىدىم.

ئۇلارنىڭ ئۆز بالىسىغا كۆيۈنىدىغانلىقىنى چۈشىنىمەن، ئۇ بالا ئانچە قاۋۇل ئەمەس، يەنە كېلىپ بەدەن ساپاسى باللار بىلەن ئويناشقا ماس كەلمەيتتى. ئۇ كىتاب ئوقۇشقا بەك ئامراق، كەسكىن ئويۇنلارنى ياخشى كۆرمەيدۇ. ئەمما ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى قاتتىقلىق بىلەن ئۇنى باشقا تەرەپتىن ئوڭشاشنى ئويلىغان. ئۇ دانىشمەن تىپىغا، يەنى بىر مۇكەممەل مۇتەپەككۇر بولۇشقا مەنسۇپ. گەرچە ئانىسى ئالىي مەكتەپتىكى ۋاقتىدا كىمە ھەيدەش ماھىرى بولسىمۇ، ئانىسى ھەر يەكشەنبە كۈنى پۇرسەت تاپسىلا گولف توپ ئوينىسىمۇ، ئەمما ئوغلىنى تەنھەرىكەتچى قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. مەجبۇريي پۇتبول ئويناش ئۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتقاندا، پەقەت بىر خىل ئازاب، خالاس. ئەمەلىيەتتە، پەقەت باغچىغا كىرىپ سەيلە قىلىش ياكى يېرىم سائەت سۇ ئۈزۈشلا ئۇنىڭغا نىسبەتەن زۆرۈر تەنھەرىكەت ھېسابلىناتتى. ھازىرقى زامان پىسخولوگلىرى كۆپىنچە بۇنداق ئاتا ـ ئانىلارغا مۇنداق مەسلىھەت بېرىدۇ: سىلىق بولۇش،

ھەرگىزمۇ جىسمانىي جەھەتتىن مەجبۇرلىماسلىق ياكى مەجبۇرىي ھالدا تەن مەشقى قىلدۇرماسلىق، بولمىسا نېرۋا سىستېمىسى ناھايىتى ئاسانلا زەخىملىنىپ، مۇتەپەككۇرمۇ، ئەمەلىيەتچىلمۇ بولالمايدۇ.

بۇ يەردە، سىزگە قانداق قىلغاندا مۇشۇنداق خاتالىقنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىمەن — ئوغۇل - قىز ياكى بالىلارنىڭ ئەقىل - پاراسەتلىك، ئەقىللىك ياكى زېرەك تېپىغا كىرىدىغانلىقىنى، مۇتەپەككۇر، ئەمەلىيەتچىل ياكى باشقۇرغۇچى بولىدىغانلىقىنى قانداق قىلىپ ئېنىق ھەم توغرا بىلگىلى بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىمەن.

بىرقانچە يىلنىڭ ئالدىدا، مەن ياۋروپالىق بىر ياش قاچقۇننى تەھلىل قىلىپ باققان، بۇ ياش ئەسلىدە ئالىي مەكتەپتە ئوقۇشقا تەييارلىق قىلىۋاتقان بولۇپ، سىياسىي زىيانكەشلىك سەۋەبىدىن ۋەتىنىدىن قېچىپ چىقىپ ئامېرىكىغا كېلىشكە مەجبۇر بولغان.

ئۇ نيۇيوركقا كەلگەندىن كېيىن، جان بېقىش كويىدا تىككۈچى بولۇپ ئازغىنە تاماق پۇلى تاپقان. ئۇ بۇ خىزمەتتىن ناھايىتى سەسكەنگەنلىكتىن مەلۇم يىللاردىن كېيىن مېنى ئىزدەپ كېلىپ مەندىن ئازابلىق يىللاردىن قۇتۇلۇشنىڭ ئامالى بار - يوقلۇقىنى، باشقا مۇۋاپىق خىزمەت تاپقىلى بولىدىغان - بولمايدىغانلىقىنى سورىدى. ئۇ كالىسىنىڭ بىللە ئىشلەۋاتقان ھەربىر خىزمەتدىشىدىن ئۆتكۈر ئىكەنلىكىنى بىلەتتى، لېكىن ئۇ ھەرقانچە تىرىشىپمۇ يەنىلا «قورقۇنچلۇق» بۇ خىزمەتتىن قۇتۇلالمىغان.

مەن بىرلا قاراپ ئۇنىڭ ناھايىتى ئەقىللىك، دانىشمەن تىپىدىكى ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدىم. ئۇنىڭ بېشى ناھايىتى چوڭ، پېشانىسى ئېگىز ھەم كەڭ، ئىككى مەڭزى ئولتۇرۇشقان، ئېڭەكلىرى كۆتۈرۈلۈپ چىققان، ۋۇجۇدى، بارماقلىرى نازۇك، قول - پۇتلىرى كىچىك، ئاۋازى يۇقىرى ھەم ئىنچىكە ئىدى. ئۇنىڭ بەدەن سۈپىتى ئاجىزراق، ئەمما ئەقلىي قابىلىيىتى ئۈستۈن ئىدى. مانا بۇ بىر ھەقىقىي مۇتەپەككۇر تىپىدىكى ئادەم. ئۇنىڭ ئالاقە

ئىقتىدارى كەمچىل بولغاچقا، دوختۇر، تەلىم ـ تەربىيە بەرگۈچى ياكى مائارىپچى بولۇشقا ماس كەلمەيدۇ. ئۇ سەنئەتچى بولۇشقىمۇ ماس كەلمەيدۇ، ئۇنىڭ يازغۇچى، سەنئەتكار ياكى لايىھەلىگۈچى بولۇشتا تۇغما ئىقتىدارى يوق. شۇنداق بولسىمۇ ئۇنىڭ كىشىنى هەيران قالدۇرىدىغان ئالىڭ ـ سەۋىيەسى، ئۆتكۈر كۆزىتىش، ئەقلىي خۇلاسە چىقىرىش ۋە تەنقىد قىلىش ئىقتىدارى، هەمدە پۇتۇن زېهنىنى يىغالايدىغان ئالاهىدىلىكى بار.

**دانىشمەن تىپ**



بەدەن تۈزۈلۈشى ــ ئەقىل ـ پاراسەتلىك تۈرىگە كىرىدۇ.

ئىجابىي تەرىپى ــ كاللىسى ئۆتكۈر، ئەقىل ـ پاراسەتلىك، كىتاب ئوقۇشقا هېرىسمەن، تىرىشچان، ئەقلىي خۇلاسە چىقىرىش كۈچىگە باي.

سەلبىي تەرىپى ــ بەدەن ساپاسى ئاجىز، هاياتىي كۈچى كەمچىل، هۇرۇنراق كېلىدۇ.

دانىشمەن تىپ

ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈرۈش ئانالىزىدىن كېيىن، ئەينى چاغدىكى ئۆزۈمنىڭ تەتقىقات ئارخىپلىرىمنى ۋاراقلاپ تەپسىلىي يېزىلغان 1602 خىل ئوخشاشمايدىغان كەسىپلەردىن زادى قايسى خىلى ئۇنىڭ ئالاهىدە قابىلىيىتىگە ماس كېلىدىغانلىقىنى، هەمدە ئۇنىڭ كەمچىلىكلىرىدىن ساقلانغىلى بولىدىغانلىقىنى كۆرۈپ چىقتىم. ئەڭ ئاخىرىدا مەن ئۇنىڭغا جاننى ئالىقانغا ئېلىپ قويۇپ، بالدۇرراق خىزمەت ئالماشتۇرۇش، بەك كېچىكىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەكلىپىنى بەردىم. مەن ئۇنىڭ ئۆسمۈرلۈك پاتولوگىيەسىنى ئۆگىنىپ، ئۆسمۈرلۈكلەردىكى هەر خىل پاتولوگىيەنى تەتقىق قىلىش توغرىسىدا مەسلىهەت بەردىم. ئۇ بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلدى.

شۇنداق قىلىپ، ئۇ بىر ناھايىتى ياخشى يېزا ئىگىلىك مەكتىپى (مىچىگان يېزا ئىگىلىك ئالىي مەكتىپى)دە ئوقۇدى. دەسلەپكى ۋاقىتلاردا تىككۈچىلىك خىزمىتىنى قىلغاچ تۇرمۇشىنى قامدىدى، كېيىن ئۇ مەخسۇس كەسىپتىكىلەر ئىچىدىكى ئەڭ مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. گەرچە ئۇ باي بولۇپ كەتمىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۆزى ناھايىتى خۇشال بولدى. ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىدىكى سەۋەب ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان خىزمەتنى قىلغانلىقىدا. بۇ بارلىق خۇشاللىقلارنىڭ جەۋھىرىدۇر.

مەن ئۇنىڭ دانىشمەن ياكى مۇتەپەككۇر تىپىدىكى ئادەم ئىكەنلىكىنى قانداق بىلدىم؟ سىز ئۇنى كۆرسىڭىز سىز قانداق ھۆكۈم قىلىسىز؟ ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا، چۈنكى مەن بەدەن تۈزۈلۈشىنىڭ ئىككىنچى ئالاھىدىلىكىنى چۈشىنىمەن. ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئادەملەرنى ئوخشاش بولمىغان ئۈچ خىل تۈزۈلۈش شەكلىگە ئايرىغىلى بولىدۇ:

1. مۇتەپەككۇر ياكى دانىشمەن تىپىدىكىلەر (بۇنداق ئادەم چوڭقۇر ئويلىنىدۇ، يېڭىلىق يارىتىدۇ، پىلانلايدۇ، ئەقلىي خۇلاسە چىقىرىدۇ، يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ).

2. ئەمەلىي ئىش قىلغۇچىلار (بۇنداق ئادەملەر جىسمانىي كۈچىنى ئىشلىتىپ، مۇتەپەككۇرلار پىلانلىغان ئەمەلىي ئىشلارنى قىلىدۇ).

3. ئەمەلىيەتچىل تىپى (بۇنداق ئادەملەر مۇتەپەككۇر ياكى ئەمەلىيەتچىل كىشىلەرنىڭ خىزمىتىنى نازارەت قىلىدۇ ياكى ياردەم بېرىدۇ).

مەن يەنىمۇ ئىنچىكىلىك بىلەن سىزگە دەپ بېرەي، سىز دانىشمەن تىپىدىكى ئادەملەرنى قانداق پەرقلەندۈرەلەيسىز؟ ئەگەردە سىز دانىشمەن تىپىغا مەنسۇپ بولسىڭىز، بېشىڭىز چوقۇم چوڭ، يۈزىڭىز بىلەن بەدىنىڭىز كىچىك بولىدۇ. سىز ئەنگلىيەنىڭ بالا

چولپىنى بارىسلومنى كۆرۈپ باققانسىز؟ دىققەت بىلەن قارىسىڭىز، ئۇ دەل دانىشمەن تىپىدىكىلەرنىڭ ئەڭ ياخشى ۋەكىلى.

ئۇ بىر ئەڭ ياخشى يېزا ئىگىلىك مەكتىپىگە باردى (مىچىگان يېزا ئىگىلىك ئالىي تېخنىكومى)، ئۇ يەنىلا تىككۈچىلىك بىلەن تۇرمۇشنى قامدىدى. كېيىن ئۇ مەخسۇس كەسىپتىكىلەر ئىچىدىكى ئەڭ مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. ئۇ بېيىپ كەتمىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئىنتايىن خۇشال ئىدى. ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىدىكى سەۋەب ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان خىزمەتنى قىلغانلىقىدا. بۇ بارلىق خۇشاللىقلارنىڭ جەۋھىرىدۇر.

يەنە سۇپىز، مارى ھېيوست قاتارلىق ئاياللار چولپانلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇنداق تىپقا كىرىدۇ. مۇشۇك بىلەن چاشقان قاتارلىق ھەجۋىي رەسىملەرنى لايىھەلەپ چىققان ماھىر رەسسام دىسنىغا قاراپ بېقىڭ، يېقىن دوستلىرىڭىزنى كۆزىتىپ بېقىڭ. سەنئەتكار، يازغۇچى، پەيلاسوپ، پىروفېسسور، ئېلان لايىھەلىگۈچى، بوغالتىرلىق قاتارلىق مېڭە ئىشلىتىشنى تەلەپ قىلىدىغان خىزمەت بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار، سىز ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ① بېشى چوڭ، پېشانىسى كەڭ؛ ② يۈزى كىچىك، بۇرنى ئىنچىكە، ئېڭىكى ئالدىغا چىققان؛ ③ بەدەن ساپاسى ئاجىز؛ ④ مۇرىسى تار؛ ⑤ بارماقلىرى ئىنچىكە، ئۇزۇن؛ ⑥ ئاۋازى ئىنچىكە ھەم يۇقىرى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايسىز.

بۇ خىل تىپتىكى ئادەملەرنى ئايرىۋېلىشنىڭ ئەڭ ئاسان ئۇسۇلىنى ئەستە چىڭ تۇتۇڭ: ئۇلارنىڭ يۈزى بىر تال نەشپۈتنى دۈم قىلىپ سايىقىنى ئاستىغا قاراتقانغا ئوخشىشىدۇ. بەك ئاسانمىكەن؟ توغرا! يۈزى نەشپۈت شەكىللىك، بېشى چوڭ، يۈزى ۋە بەدىنى كىچىكرەك بولسا، بۇ ئېنىقكى دانىشمەن تىپىدىكى ئادەم. بۇنداق ئادەملەر مېڭە ئىشلىتىشنى ياخشى كۆرىدۇ. چۈنكى سىلىشتۇرۇپ كەلگەندە ئۇلارنىڭ بېشى بەدەن تۈزۈلۈشىدىكى ئەڭ چوڭ بىر بۆلەك.

سىز پىرېزىدېنت ۋىلسوننىڭ سۈرىتىنى كۆرۈپ بېقىڭ، شېكىسپېر، ئورىنبۇرگ، ستېفىن سون، سوبۇنا، پېتېررىنىد، ئېينىشتېين ھەمدە كىنو چولپىنى لى سىلىيەن، خۇخۇالار. ئۇلارنىڭ ھەممىسى خىيال قىلىشنى، پىلانلاشنى ياخشى كۆرىدىغان زاتلار، ئۇلارنىڭ يۈز شەكلى دۈم كۆمتۈرۈلگەن ئۈچ بۇلۇڭغا ئوخشايدۇ.

ئەگەردە سىزمۇ مۇشۇ خىل ئادەم بولسىڭىز، كۆپ ھاللاردا ئەقلىي جەھەتتە جانلىق، جىسمانىي جەھەتتە ھۇرۇن كېلىسىز، سىز كاللا قاتۇرىدىغان خىزمەتنى بەك ياخشى كۆرىسىز، جىسمانىي جەھەتتە كۈچ كېتىدىغان خىزمەتلەرنى قايتۇرمايسىز.

سەنئەت ئۆيىدە، مۇزىكا زالىدا سىز ناھايىتى ئاسانلا بۇنداق ئادەملەرنى كۆرەلەيسىز، مەكتەپتە ئەلاچى ساۋاقداشلىرىڭىز ئىچىدىنمۇ بۇنداق ئادەملەرنى تاپالىشىڭىز مۇمكىن. بۇنداق ئادەملەر كۆپىنچە كاللا ئىشلىتىدىغان خىزمەتلەرنى قىلىدۇ. ئۇلارنى تەجرىبىخانىدا، ئېلان بۆلۈمىدە كۆرەلىشىڭىز مۇمكىن.

بۇنداق ئادەملەر كىتاب ئوقۇش، ئۆگىنىشكە ھېرىسمەن كېلىدۇ، ئەگەردە سىزنىڭ بالىڭىز شۇنداق بولسا، ئۇنى چوقۇم ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەنگە قەدەر ئوقۇتۇشنى ئويلىشىڭ، ھەمدە ئۆز بىلىمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە ئۈندەڭ. ئەلۋەتتە مەن سىزنى بۇنداق قىلىشقا بەك مەجبۇرلاپ كەتسەم بولمايدۇ، ئادەم ھاياتىدىكى ئەڭ ئېچىنىشلىق ئىش دانىشمەن ياكى مۇتەپەككۇر تېپىدىكى ئادەملەرنى بالدۇرلا مەكتەپتىن چىقىرىۋېلىپ ئۇلارنى تېخىمۇ كۆپ تەربىيەلىنىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قالدۇرۇشتۇر.

سىز ئۇلارنىڭ ھەمىشە تالانتى تونۇلماي قالغان، كۆڭلى يېرىم، ھاياتىدىن رازى بولمىغان، ناھايىتى ئۈمىدسىز ئىكەنلىكىنى بايقايسىز. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارى تولۇق مەشىق قىلدۇرۇشقا ئېرىشەلمەي، مەجبۇرىي ھالدا جىسمانىي ئەمگەك قىلدۇرۇلغان، چۈنكى ئۇلارنىڭ جىسمانىي كۈچى كۆپىنچە ئاجىز كەلگەچكە بۇ خىل خىزمەتنى ئۆچ كۆرىدۇ.

ئەگەر سىز دانىشمەن تىپقا مەنسۇپ بولسىڭىز، سىزنىڭ بېشىڭىز چوڭ، يۈزىڭىز كىچىك، بەدىنىڭىز ۋىجىك بولىدۇ.

تامامەن مەغلۇبىيەت تۇيغۇسى ۋە ئىشلىرىنىڭ نەتىجىسىز بولۇشى بىلەن ئۇلاردا دۇنيادىن زارلىنىش ياكى دۇنيادىن نەپرەتلىنىش پسىخىكىسى پەيدا بولغاندا، ئۇلار جەمئىيەتتىن ئۆچ ئالىدۇ. نۇرغۇن پاكىتلار ئىسپاتلىدىكى، ئۇلار كۆپ ھاللاردا رېئاللىقتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، جىنايەت يولىغا كىرىپ قالىدۇ. ئۇلار ئەقلىي جەھەتتىكى خىزمەتلەرنىڭ ھۇزۇرىنى سۈرەلمەيدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ كاللىسى تەرەققىي قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىگەن.

سىزنىڭ كىتاب ئوقۇشقا، پىلانلاشقا، تەسەۋۋۇر قىلىشقا ھېرىسمەن بالىڭىز بولسا سىز ئۇنى سىرتقا چىقىپ تەنتەربىيە ھەرىكەتلىرى بىلەن توپ تېپىشقا، يۈگۈر ـ يېتىم ئىشلارنى قىلىشقا، ئۆي يىغىشتۇرۇشقا، دەرەخ كېسىش ياكى باشقا جىسمانىي كۈچ كېتىدىغان خىزمەتلەرگە سالامسىز؟ ئۇنىڭغا ئەقلىي ئىقتىدارىنى تولۇق ئىشلىتىش پۇرسىتى بەرمەمسىز؟ ئەگەر مۇشۇنداق بولسا، سىز ئەڭ ياخشىسى ھازىردىن باشلاپ توختىتىڭ، تەڭرىگە رەھمەت ئېيتىڭ. چۈنكى ھازىردىن باشلاپ بالىڭىزنى ئۆزىگە ماس كېلىدىغان يولدا ماڭدۇرسىڭىز، ئانچە كېچىككەن بولمايسىز!

ئەگەردە سىزنىڭ بالىڭىز نەشپۈت يۈزلۈك، بەدىنى ئاجىز بولسا، ئۇنداقتا سىز ئۇنى چوقۇم مەكتەپتە ئوقۇتۇڭ، پىلان تۈزدۈكۈزۈڭ، ئۆگىنىشكە ئىلھام بېرىڭ. شۇنداق ئۇ ئۆزۈكسىز ھالدا ئەقلىنى ۋە قابىلىيىتىنى ئۆستۈرەلەيدۇ. ئەلۋەتتە، ئۇمۇ چوقۇم مۇۋاپىق تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى ۋە ئارام ئېلىش بىلەن شۇغۇللىنىشى، جىسمانىي كۈچىنى ساقلىيالىشى كېرەك.

ئەگەردە سىز مۇشۇ تىپتىكى ئادەم بولسىڭىز، بايىقىدەك جىسمانىي كۈچىنى بەك خورىتىدىغان خىزمەتلەرنى قىلىشتىن ساقلىنىش بىلەن بەدىنىڭىزنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە سەل قارىماڭ. بىشى ئالاھىدە چوڭ بولغان ئادەملەرنىڭ بەدىنىمۇ چوقۇم ساغلام تۇرۇشى كېرەك. ئائىلە ئايالى بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن ئەگەردە سىز يولدىشىڭىزنىڭ بۇ خىل ئادەم ئىكەنلىكىنى چۈشەنسىڭىز، ئۇنى يەنە ماڭا ياردەملىشىپ ئۆينىڭ ئۇششاق - چۈششەك ئىشلىرىنى قىلىشىپ بەر دېمەڭ. ئۆيىڭىزدىكى ئۇستەل - ئورۇندۇق بۇزۇلسا، سۇ تۇرۇبىسى يېرىلىپ كەتسە، يولدىشىڭىزغا ياساپ بېرىڭ دېمەڭ، سىزنىڭ خۇشاللىقىڭىزنىڭ ھەممىسى يولدىشىڭىزنىڭ كاللىسىنى كۆپ ئىشلىتىپ، مۇسكۇللىرىنى ئاز ئىشلەتكەنلىكىدە. قىزچاق، ئەگەردە سىزنىڭ دوستىڭىز نەشپۈت يۈزلۈك بولۇپ، يۈزىنىڭ ئۈستى چوڭ، ئاستى كىچىك بولسا، ئۇنى كىتاب ئوقۇشقا ئۈندەڭ، ئۇنىڭ غايىسىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاڭ ھەم ئۇنى ئىلھاملاندۇرۇڭ، ھامان بىركۈنى ئۇ كەسپتە ئىنتايىن قىممەتلىك يېڭىلىقلارنى يارىتىدۇ.

بىز ھازىر دانىشمەن تىپىدىكى ئادەملەرنىڭ ئىقتىدارىنى قانداق تونۇش ۋە مۆلچەرلەشنى بىلمۇالدۇق. ئۇنداقتا بىز يەنە بىر خىل تىپتىكى ئادەملەرنىڭ خاراكتېر ئوبرازىنى تەھلىل قىلىپ باقايلى، يەنى سىز بىلمەكچى بولغان پائالىيەتچان، ھەرىكەتچان، ئەمەلىيەتچىل تىپىدىكى ئادەملەر.

دانىشمەن تىپىدىكى بىر ئايال ھەرىكەتچان بىر ئەر بىلەن تۇرمۇش قۇرۇپتۇ، مەلۇم بىركۈنى ئۇ (ئايال) ئاۋۋال كېلىپ ماڭا: بالكىم ئەپەندىم، مېنىڭ يولدىشىم بىر كان ئىنژېنېرى ئىدى. ئۇ ھەر كۈنى خىزمەت قىلىپ ھېرىپ كېتىدۇ، ئەسلىدە ئاخشىمى ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن جىمجىت ئارام ئېلىشى كېرەك ئىدى، بىراق ئۇ ئۇنداق قىلمىدى، ئۇ مەڭگۈ مۇشۇنداق ئۆتىدۇ. ئۆيدە ئالدىراشلا يۈرىدۇ، ئەگەر ئۇ قىلغۇدەك ئىش تاپالمىسا

«ماشىنا بىلەن دوستلارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئويناپ كېلەيلىمۇ» ياكى «سىرتقا چىقىپ سەيلە قىلىپ كىرەيلىمۇ» دەيدۇ.

پرېزىدېنت ۋېرسون، شېكىسپىر، ئورېنبورگ، ستىيفىن سون، سوبونا، پېتىررىند، ئېينشتېين، لى سلىيەن. خوخۇالارنىڭ ھەممىسى پىكىر يۈرگۈزۈشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇلار پىلان تۈزىدىغان دانىشمەن زاتلار، ئۇلارنىڭ يۈز شەكلى دۈم كۆمتۈرۈلگەن ئۈچ بۇلۇڭغا ئوخشىشىدۇ. ئەگەردە سىز مۇشۇنداق ئادەم بولسىڭىز، كۆپ ھاللاردا ئەقلىي جەھەتتە ئۆتكۈر، جىسمانىي جەھەتتە ھورۇن كېلىسىز، كاللا ئىشلىتىدىغان خىزمەتنى ئىنتايىن ياقتۇرىسىز، جىسمانىي كۈچ كېتىدىغان خىزمەتنى ئۆچ كۆرىسىز.

«مېنىڭ بىردىنبىر خىزمىتىم ئۆي ئىشلىرىنى باشقۇرۇش بىلەن تۆت ياشلىق قىزىمغا قاراش، ئەمما، بالكىم ئەپەندىم، بۇ كىچىككىنە ئىشلار مېنى ھاردۇرۇۋەتتى. ھەر كۈنى كەچ كىرىشكىلا كارىۋاتقا چىقىپ يېتىشنى ئويلايمەن، بىر كىتابنى ئېلىپ ئوقۇيمەن. بۇ ئىشلار ماڭا ناھايىتى ئۇششاق ئىشتەك تۇيۇلسىمۇ، بىراق بىز ئىككىمىز خۇشال بولالمىدۇق، بىر - بىرىمىزدىن رازى ئەمەس. سىز مېنىڭ يولدىشىم جېمنى كۆرگەن. بىزگە قانداق ياخشى كۆرسەتمىڭىز باركىن؟»

خاراكتېر تەھلىل قىلىش نۇقتىئىنەزىرىدىن ئېيتقاندا، بۇ ئەر بىز دەل مۇشۇ بابتا مۇزاكىرە قىلىدىغان ئەڭ پائالىيەتچان تىپتىكى ئادەم. ئۇنىڭ تاشقى قىياپەت تۈزۈلۈشى ھەرىكەتچان ئادەمنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ، ئازراق زىددىيەت ھالىتىمۇ يوق، بۇ ئايال بولسا تامامەن ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنىدىغان دانىشمەن تىپىدىكى ئايال، ئۇ جىسمانىي ئەمگەكنى ياخشى كۆرمەيدۇ. يولدىشى بولسا ئۇ دېگەن تۇرمۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى، دەپ قارايدۇ. مۇشۇنداق مەسىلىلەرنىڭ جاۋابى شۇكى، بەختلىك نىكاھ رىئايە قىلىدىغان ھادىسە ــ بەرمەك ئالماق، ئالماق بەرمەك. مەسىلەن، سىز ئادەتتە

ئۇنىڭغا كۆپرەك ھەمراھ بولۇپ جىسمانىي پائالىيەتلەرنى قىلىڭ، يولدىشىڭىزغا ئارام ئېلىش، چارچاپ كەتمەسلىك ھەققىدە نەسىھەت قىلىڭ. شۇنىڭدا ئىككىڭلار ئازراق ئورتاقلىشالايسىلەر، خۇشاللىق ھېس قىلالايسىلەر.

ئەلۋەتتە، سىزنىڭ تېخىمۇ كۆپ ئۇسۇللىرىڭىز بولۇشى مۇمكىن. ئەقىللىك بىر ئايال قوتۇرماچ بولسىمۇ يېيەلەيدۇ. بۇ خىل تىپتىكى ئەر ئۆيدە تىنىم تاپماي ئىشلەشنى ياخشى كۆرىدۇ. مەسىلەن، ئۆي سايمانلىرى ياساش، پاراخوت مودېلىنى ياساش، سۈرەتكە تارتىش ياكى تام سىزىش قاتارلىق ئىشلارنى قىلىدۇ. نۇرغۇن ئىنژېنېرلار مۇشۇنداق قىلىپ ئىشتىن سىرتقى قولى ئەپچىل ھەيكەلتىراشلارغا ئايلانغان.

تۆۋەندىكى بۇ خىل خاراكتېر تەھلىل قىلىشنىڭ تەلىپى، ئۆيىڭىزدىكى ياكى دوستلىرىڭىز ئارىسىدىكى مۇشۇنداق تىپقا كىرىدىغان، يەنى تىپىك پائالىيەتچان ئادەملەرنى تېپىشتا دىققەت قىلىڭ: ① چاسا شەكىللىك ئېغىز؛ ② چاسا شەكىللىك پېشانە؛ ③ مەڭز سۆڭىكى ئېگىز؛ ④ قاڭشارلىق؛ ⑤ ئاۋازى پەس؛ ⑥ مۇسكۇللۇق ۋە سۆڭەكلىك — پۇت - قولى چوڭ؛ ⑦ مۇرىسى كەڭ ھەم چاسا شەكىلدە، قولىمۇ چاسا شەكىلدە.

سىز لىنكولن ياكى گېنېرال گىراندنىڭ رەسىمىنى كۆرۈپ باققانمۇ؟ لىنكولن ئېگىز ھەم ئورۇق، گىراند پاكار ھەم سېمىز. ئەمما سىزمۇ ئۇلارنىڭ ئېڭىكىنىڭ چاسا شەكىلدە، مۇسكۇللىرى بۆرتۈپ چىققان، بۇرنى ئېگىز ھەم ئىنچىكە، پېشانىسىنىڭ يۇقىرى قىسمى چاسا شەكىلدە، مۇرىسى بىلەن قولىمۇ چاسا شەكىلدە، ئۇلارنىڭ يۈزى بىلەن بەدەن تۈزۈلۈشىمۇ چاسا شەكىلدە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايسىز.

سىز ئۆزىڭىزمۇ مۇسكۇل ۋە سۆڭەكلىرى تۆت چاسا كەلگەن ئادەممۇ؟ ئۇنداقتا، بۇ سىزنىڭمۇ پائالىيەتچان، ئەمەلىيەتچىل ئىكەنلىكىڭىزنى چۈشەندۈرىدۇ. سىزنى ئاگاھلاندۇرايكى، ئۆزىڭىزنى ھەمىشە بەزى ھەرىكەتلەرنى قىلىشقا ئۈندەڭ. ھەرگىزمۇ ئۆيگە

بېكىنىۋېلىپ كۆندىلىك ئىشلارنى قىلماق ياكى ھەر ۋاقىت كىتاب ئوقۇش، كۆچۈرۈپ يېزىش ياكى ئىشخانىدا ئۇستەلنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ خىزمەت قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىپ تۇرۇۋالماق. ئۆزىڭىز ياقتۇرىدىغان خىزمەتلەرنى، مەسىلەن، قورۇلۇش، ياساش، كان قېزىش، كۆچەت تىكىش، سانائەت ياكى يول توشۇش دېگەندەك ئىشلارنى قىلىڭ. جىسمانىي جەھەتتىكى ئارزۇ ـ ھەۋەس پائالىيەتچان ئادەمنى «چېنىقتۇرۇپ» ئېكسپېدىتسىيەچى، ھەربىي ياكى ئالىي تەنھەرىكەتچى قىلىپ چىقىرىدۇ.

**ھەرىكەتچان تىپ**

بەدەن تۈزۈلۈشى ــ ھەرىكەتچان.

ئىجابىي تەرىپى ــ مۇستەقىل ھەرىكەت قىلىدۇ، زېھنىي كۈچى يېتەرلىك، يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىغا ئىگە، دالا تۇرمۇشىنى ياخشى كۆرىدۇ، ئەركىنلىكنى خالايدۇ، ھەرىكەت قىلىشقا ئامراق.

سەلبىي تەرىپى ــ زېھنىنى بىر يەرگە يىغالمايدۇ، ئوقۇشنى خالىمايدۇ.

مەن ئەزەلدىن داڭ چىقارغان پۇتبول ماھىرى ياكى تەنھەرىكەت چېمپىيونلىرىنىڭ ھەرىكەتچان تىپقا كىرمەيدىغانلىقىنى كۆرۈپ باقمىدىم. مەسىلەن، بوكسچى جون لۇيىس، شۈمولىن، تۇپۇسەي؛ گولف توپ ماھىرى تىردىڭ، بۇچ، ۋاينىس، فەنلېي قاتارلىقلار. ئەمەلىيەتتە مەن يەنىلا ئەزەلدىن بۇ كۆزىتىشىمگە قارشى كېلىدىغان بىرمۇ مىسالنى ئۇچراتمىدىم.

ھەرىكەتچان ئادەم ئەرلەر ئىچىدە ئەڭ كۆپ، ئاياللار ئىچىدە ئازراق، چۈنكى ئەرلەر ئاياللارغا قارىغاندا تۇغما ھەرىكەتچان كېلىدۇ. ئەمما سىز بىر ھەرىكەتچان ئاياللىنى كۆرسىڭىز، ئۇمۇ ئوخشاشلا ئەركىن بولۇشنى ياخشى كۆرىدۇ. مۇستەقىل ھەرىكەت قىلىدۇ، زېھنىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرىدۇ، تەنتەربىيەنى ياخشى

كۆرىدۇ. مەسىلەن، ئايال ئۇچقۇچى، ئايال سۇ ئۈزۈش ماھىرى، ئايال گولف توپ ماھىرى، مودېل خانىم، تەنھەرىكەتنى تەشەببۇس قىلىدىغان سانگو خانىم. بۇ ئاياللارنىڭ سۆڭەك مۇسكۇل تۈزۈلۈشى مۇستەھكەم بولۇپ، ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرىدۇ.

سىزنىڭ بالىڭىز مۇشۇنداق ھەرىكەتچانمۇ؟ شۇنداق بولسا، ئۇ ئەقلىي كۈچىنى ئانچە ئىشلەتمەيدۇ، مۇشۇ سەۋەبتىن ئۇ مەكتەپتىن قېچىشى مۇمكىن. ئۇ ھەر كۈنى سىنىپتا قامىلىپ ياشاشنى خالىمايدۇ، ئەمما ئۇ چوقۇم ئەقلىي جەھەتتە تەرەققىي قىلىشى ھەمدە ئۆزىگە مۇۋاپىق بولغان تەربىيەنى قوبۇل قىلىشى كېرەك، بولمىسا ئۇ كەلگۈسىدە جىسمانىي كۈچىنى سېتىپ ياشايدىغان ئىشچى بولۇپ، ناھايىتى ئاز كىرىم قىلىشى مۇمكىن. نۇرغۇن ئەمەلىي مىساللار ئىچىدە بىر ئورەك كولايدىغان ئىشچى بىلەن ئامىمۇۋى قۇرۇلۇش ئىنژېنېرىنىڭ ئوخشاشمايدىغان يېرى شۇكى، پەقەت ئەقلىي ئىقتىدارىنى تەرەققىي قىلدۇرغان ياكى قىلدۇرمىغانلىقىدا.


ھەرىكەتچان تىپ

بىر ياش توغرۇلۇق مۇنداق بىر ئەمەلىي مىسال بار. ئۇ ئەسلىدە پاراخوتتىكى يۈك توشۇيدىغان ياردەمچى بولۇپ، پاراخوت پالۋېسىنى سۈرتۈش، مىسكەرچىلىك قىلىش قاتارلىق ئېغىر ئىشلارنى قىلاتتى. ئالتە يىل ئىلگىرى ئۇ مېنىڭ قېشىمغا كېلىپ ئۆزىگە ماس كېلىدىغان كەسىپ ئۈستىدە تەھلىل قىلىپ بېرىشىمنى ئۆتۈندى. ئۇ ئۆز خىزمىتىدىن ناھايىتى زېرىكىش ھېس قىلىپ، خىزمەت ئالماشتۇرۇشنى ئويلاشقان. مەن ئۇنىڭغا خىزمىتىدىن ۋاز كەچمەسلىكنى ھەم خىزمىتىگە دەخلى يەتكۈزمىگەن ئاساستا ترانسپورت مەكتىپىگە بېرىپ ھېساب، قۇرۇلۇشقا ئائىت كىتابلاردىن سېتىۋېلىپ ئۆگىنىش توغرىسىدا مەسلىھەت بەردىم. ئۇ كېيىن مېۋە ـ چېۋە توشۇش كېمىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ قالدى. ئۇ ناھايىتى خۇشال بولدى.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ھەرىكەتچان، يۈزى چاسا، مۇسكۇل ۋە سۆڭەكلىرى چىدامىلىق ئەرلەر ياكى ئاياللار بولسۇن جىم ئولتۇرۇشنى خالىمايدۇ، ئۆزىنى تېتىك، كۈچلۈك سېزىدۇ، مۇستەقىل ياشاشنى، ماشىنىسازلىقنى، دالا تۇرمۇشىنى، ئەركىن يۈرۈشنى ياخشى كۆرىدۇ، جاپادىن قورقمايدۇ. ئەمما بەزى ۋاقىتلاردا كەسىپ ئۆگىنىشكە سەل قارايدۇ. ئۇلارنىڭ جىسمانىي كۈچى تولۇپ تاشقان بولۇپ، تىنىم تاپماي ئىشلەيدۇ، بىراق ئەقلىي ئەمگەك قىلىشقا ھۇزۇر كېلىدۇ. ئەقلىي جەھەتتە زېھنىنى يىغالمايدۇ. ھەرىكەتچان كىشىلەر بۇ ئاجىزلىقلىرىنى ئېنىق تونۇپ يېتىپ، كۈچلۈك ئادەملەرگە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى ئېسىدە تۇتۇشى، ئەقلىي ئىقتىدارىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ تۇرۇشى كېرەك. مەن سىلەرگە تۆۋەندىكى بىرقانچە خىل كەسىپنى ئىگىلەش - بېسىقلىق بىلەن ئۆيلىنىپ بېقىش تەكلىپىنى بېرىمەن: ترانسپورت، تۆمۈريول، ھاۋا بوشلۇقى، قۇرۇلۇش، ئېكسپېدىتسىيە، ماشىنىسازلىق، يېزا ئىگىلىك، سۇ ترانسپورتى، ياساش، تەنتەربىيە، مال سېتىش قاتارلىقلار، ئەمما مۇشۇلار بىلەنلا ئۆزىڭىزنىڭ ئىقتىدارىنى مۆلچەرلەپ، بىر پىداكار جىسمانىي ئەمگەك قىلىدىغان ئىشچى بولىسىڭىز بولمايدۇ. سىز چوقۇم ئۆزىڭىزدىكى ئالاھىدە ھەرىكەتچان خاراكتېرىڭىزنى مۆلچەرلەپ، ئەقلىي ئىقتىدارىڭىزنى چېنىقتۇرۇپ، مۇتەپەككۇر، قوشۇمچە ئەمەلىي ئىش قىلغۇچى ئادەم بولالايسىز. بۇ سىزنىڭ كىرىمىڭىزنى ئاشۇرۇشنىڭ بىردىنبىر يولى.

بۇ يەردە مەن ھەرىكەتچان، قاۋۇل كەلگەن ئادەملەرنىڭ مۇنداق بىر پاكىتنى تونۇپ يېتىشى كېرەكلىكىنى ئويلاپ قالدىم. جالى بولسا بالون شىركىتىنىڭ مال ساتقۇچىسى. ئۇ ناھايىتى قابىلىيەتلىك، مال سېتىش ئۇنۇمىمۇ ئىنتايىن ياخشى، ئەمما مەلۇم شەھەردىكى بىر خېرىدارغا تاقابىل تۇرۇشى ھەققىدە تەسكە توختىغان. جالى نەچچە قېتىم ئۇ خېرىدارنى زىيارەت قىلغان بولسىمۇ، ئاقىۋەتتە يەنىلا مۇۋەپپەقىيەتلىك بولمىغان. ئۇ

ئاۋۋالقىدەكلا باشقا شىركەتنىڭ بالونلىرىنى سېتىۋالغانىدى. مەن بىر قېتىم بۇ شىركەتنىڭ باش دىرېكتورىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن ئۇنىڭ خىزمەتچىلىرىگە خاراكتېر تەھلىلى ئارقىلىق تاۋارلارنى قانداق سېتىش توغرىسىدا سۆزلەپ بەردىم. نۇتۇق سۆزلەش جەريانىدا مەن بۇ خىل ھەرىكەتچان تىپىدىكى ئادەملەرنى سۈپەتلەپ بەرگەنىدىم. جالى ناھايىتى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى:

«ھېلىقى ئادەمنىڭ قىياپىتى دەل شۇنداق، بالكىم ئەپەندىم، مەن زادى قانداق قىلىپ بۇ خىل تىپتىكى خېرىدارنىڭ كۆڭلىنى ئۇتالايمەن؟»

سىز لىنكولن ياكى گېنېرال گىراندنىڭ سۈرىتىنى كۆرۈپ باققانمۇ؟ لىنكولن ئېگىز ھەم قاۋۇل، گىراند پاكار ھەم سېمىز، ئەمما سىزمۇ ئۇلارنىڭ ئىككىسى چاسا شەكىلدە، مەگىز سۆڭىكى ئېگىز، بۇرنى قاڭشارلىق ھەم ئىنچىكە، پېشانىسى دوقا كەلگەن، يۈزى، مورە ۋە قوللىرى چاسا شەكىلدە، بەدىنى يالپاق ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايسىز.

«جالى ئەپەندىم، بۇ بەك ئاسان، بۇ خىل ئادەملەر دالا تۇرمۇشىنى ياخشى كۆرىدۇ. تەنھەرىكەت ئويۇنلىرى مەسىلەن، ئوۋ ئوۋلاش، بېلىق تۇتۇش، توپ ئويناش قاتارلىقلارغا ھەۋەس قىلىدۇ. ئۇلار ماشىنا سانائىتىنى بىلىدۇ. ئۇلارغا شىركىتىڭىزنىڭ ئىشەنچلىكلىكى، ئورنى، مۇلازىمىتى جەھەتلەردە ناھايىتى ياخشى ھەم چوڭقۇر تەسىر قالدۇرسىڭىز بولىدى، بۇنى چۈشىنەلەيدۇ» دېدىم. جالى جاۋابەن: «بەك توغرا بولىدى، كېلەر قېتىم ئۇنى ئۇچراتقىنىمدا سىناق قىلىپ باقاي» دېدى. جالى دەرۋەقە مۇشۇنداق قىلدى. گولف توپ، پۇتبول، كېمە ھەيدەش توغرىسىدا پاراڭ قىلدى، لېكىن قارشى تەرەپ ئىنكاس بىلدۈرمىدى. كېيىن ئۇ يەنە: «شەھەر سىرتىغا چىقىپ ئوۋ ئوۋلاش بەك مەنىلىك، مىلتىق ئېلىۋېلىپ ئوۋ ئوۋلاپ كەلمەيلىمۇ» دېگەندە، ھېلىقى ئادەم

راستتىنلا: «ھە، مەن ئوۋ ئوۋلاشقا ماھىر ئەمەس، بىراق مەن كەنتتە (ئورەك كولاپ ھايۋان تۇتۇش) مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

جالى ياۋايى ھايۋانلارنى ئوۋلاش جەھەتتە ئازراقمۇ ساۋاتى بولمىغاچقا، كۆپ سۆزلىمەيلا خوشلاشتى. نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ بىر تەنھەرىكەت بۇيۇملىرى ماگىزىنىغا كىرىپ، بىر مال ساتقۇچىدىن: ياۋايى ھايۋانلارنى قانداق جەلپ قىلىش، يېڭى تىپتىكى ئوۋ ئوۋلاشقا مۇناسىۋەتلىك بىلىملەرنى سورىدى. ئۇ يەنە ئوۋ ئوۋلاشقا ئائىت كىتاب - ژۇرناللارنى سېتىۋېلىپ تەپسىلىي كۆرۈپ چىقتى. ئوۋ ئوۋلاشنىڭ مول بىلىملىرىنى ھازىرلاپ بولغاندىن كېيىن، ھېلىقى ئادەمنى يەنە زىيارەت قىلدى.

ئۇنىڭ ئىشخانىسىغا كىرگەندىن كېيىن، جالى بىر خالتا ملتىق ئوقىنى ئۈستەلگە قويۇپ: «دىلى ئەپەندىم، كېلەر قېتىم ئوۋغا چىققاندا بۇنى سىناپ بېقىڭ. بۇ ئەڭ يېڭى تىپتىكى ئوق، ئۇنىڭ كۈچى كونا تىپتىكى ئوقتىن كۆپ ياخشى، مېنىڭ چۈشەندۈرۈشۈمگە قۇلاق سېلىڭ...»

ھېلىقى ئادەم يېڭى تىپتىكى ئوقنى كۆرۈپ دەرھال ناھايىتى خۇش بولدى ھەمدە جالىنى چۈشلۈك تاماققا تەكلىپ قىلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇلاردا ياخشى دوستلۇق ئورنىتىلدى. ئۈچ ھەپتىدىن كېيىن ئۇ جالىغا بىر تۈركۈم بالون ياساپ بېرىشنى ئۆتۈندى. جالى دەرھال زاۋۇت بىلەن ئالاقىلىشىپ بالوننى يەتكۈزۈپ بەردى. بۇ بىر يىلدا ئۇ جەمئىي 60 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك بالون ساتتى.

بۇ خاراكتېر تەھلىل قىلىش ئۇسۇلىنى مۇۋاپىق قوللىنىش نەتىجىسىدە كىرىمنى ئاشۇرغان بىر مىسال. ئەستە ساقلىۋالدىڭىزمۇ؟ جالى قارشى تەرەپنىڭ دالادا ھەرىكەت قىلىشقا قىزىقىدىغانلىقىنى بىلىۋالغاندىن كېيىن شۇ ھەقتە ئازراق مەبلەغ سېلىپ، ئۆزئارا ھېسسىيات ئورناتتى ھەمدە سودىدا مۇۋەپپەقىيەت قازاندى.



هاياتىي كۈچ ئۇرغۇپ تۇرىدىغان تىپ

ئەگەردە سىز باياشات تۇرمۇشىدىن قانائەتلەنگەن ئادەمنى ئىزدىمەكچى بولسىڭىز، سىمىز ئادەملەرنى ئىزدەڭ. بىز دائىم سىمىز ئادەملەرنى تامامەن هاياتىي كۈچ ئۇرغۇش تىپىدىكى ئادەملەر دەيمىز. چۈنكى ئۇلارنىڭ بەدەن سىغىمى چوڭ بولۇپ، هاياتىي كۈچى بار. مەن دەۋاتقان «هاياتىي كۈچ» تىنچ يوشۇرۇن هالەتتىكى ئىقتىدار بىلەن ئەسلىگە قايتالايدىغان كۈچ (هاياتىي كۈچ ئۇرغۇش تىپىدىكى ئادەملەر كۆپىنچە هاللاردا كۆپرەك ئىنېرگىيە ياكى هەرىكەت ئىقتىدارىغا ئېهتىياجلىق بولىدۇ)نى كۆرسىتىدۇ.

هاياتىي كۈچ ئۇرغۇش تىپىدىكى ئادەملەرنىڭ پەرقلەندۇرۇش ئىقتىدارى ناهايىتى ياخشى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ يۈزى بىلەن بەدىنىنىڭ تۈزۈلۈشى ئاساسەن يۇمىلاق بولىدۇ: ① يۈزى يۇمىلاق؛ ② ئىككى مەڭزى تولغان؛ ③ بۇرۇن تۆشۈكى كەڭ؛ ④ ئېڭىكى سىمىز هەم قوش ئېڭەك؛ ⑤ بەدىنى يۇمىلاق، بەدىنىنىڭ ئوتتۇرىسى ئەڭ سىمىز، ئاستى - ئۈستى سەل تارراق بولۇپ، پىۋا بوتۇلكىسىنىڭ شەكلىگە ئوخشاش؛ ⑥ قولى گۆشلۈك، قىلىن.

ئەگەردە سىز بىر هەجۋىي رەسسام بولسىڭىز، راهەت - پاراغەتتىن هوزۇرلىنىدىغان، يېمەك - ئىچمەك، تۇرالغۇغا ئەهمىيەت بېرىدىغان، باشقىلار بىلەن جاراڭلىق ئاۋازدا سۆزلىشەلەيدىغان ئادەمنى سىزىسىز. سىز ئورۇق، ۋىجىك، ئاچلىقتىن ئېچىرقاپ كەتكەن بىر ئادەمنى سىزىشنى خالامسىز؟ سىز جەزمەن خالىمايسىز. سىز چوقۇم دوغىلاق كەلگەن، ئىككى مەڭزى چوڭ هەم ئېغىزىنى چوڭ ئېچىپ كۈلىدىغان ئادەمنى سىزىپ چىقىسىز، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

سىمىز ئادەملەر ياخشى نەرسىلەرنى يېيىشكە ئامراق بولىدۇ. ئۇلار تۇرمۇشتا راهەت - پاراغەتكە ئىنتىلىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ سەمرىپ كېتىشىدىكى سەۋەب. ئەگەردە سىز هوللىۋودقا بارسىڭىز هەم كالا

گۆشىنىڭ قايسى ئاشخانىدا ئوخشايدىغانلىقىنى بىلمەكچى بولسىڭىز، كىمدىن مەسلىھەت سورايسىز؟ بىرىپ لى سىلىيەن خۇخۇادىن مەسلىھەت سورامسىز ياكى سىمىز ئېدىۋارد يانودتىن مەسلىھەت سورامسىز؟ ئەگەر سىز قايسى ئاشخانىنىڭ قورۇمىلىرىنىڭ ئوخشايدىغانلىقىنى بىلمەكچى بولسىڭىز، ئاشخانا غوجايىنىغا قارىسىڭىز كۇپايە. ئەگەردە ئاشخانا غوجايىنى سىمىز ھەم يۇمىلاق، كۆلۈمسىرىگەن بولسا، ئۇنىڭ سودىسى جەزمەن ناھايىتى ياخشى، خېرىدارلىرى چوقۇم كۆپ، بۇنداقتا سىز كىرىپ تويغۇچە بىر ۋاق تاماق يەۋېلىڭ.

سىمىز ئادەملەر مەڭگۈ چىقىشقاق، قىزىقچى، يېقىملىق بولىدۇ. پەقەت بىر يېرى ئاغرىمىسىلا ياكى كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالمىسىلا، ئۇ تۇرمۇش كەچۈرۈشنى ئوبدان بىلىدۇ. ئۇ دانىشمەن تىپىدىكى ئادەمنىڭ ئاللىقاچان بارلىق ئىشلارنى ئويلاپ بولغانلىقىنى چۈشىنىدۇ.

**بەدەن تۈزۈلۈشى — ھاياتىي كۈچ ئۇرغۇش تىپى**

ئىجابىي تەرىپى — باشقۇرۇشقا ماھىر، مەمۇرىي، قانۇن، مالىيەنى باشقۇرۇش ئىقتىدارى ئىنتايىن ئۇستۇن، قورساقبا ئامراق، ھاياتىي كۈچى تولۇپ تۇرىدۇ.

سەلبىي تەرىپى — ھۇزۇرلىنىشقا بېرىلىدۇ، نەتىجىدە روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتە ھورۇن كېلىدۇ.

ھەرىكەتچان تىپىدىكى ئادەم بارلىق جىسمانىي پائالىيەتلەرنىڭ ھەممىسىنى قىلىپ بولدۇم، بولدى، يەنە نېمە ئىشلار بار؟ دەپ تۇرىدۇ. سىمىزلار بولسا ئاغزىدا گېپى بولىدۇ.

باشقىلارنى يېتەكلەش جەھەتتىن ياردەم بېرىش ۋە نازارەت قىلىشتەك رەھبەرلىكنى قاملاشتۇرىدۇ.

خوش، ئۇ مېنىڭ خىزمىتىم دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىر نازارەتچى — باشقۇرغۇچىغا ئايلىنىدۇ. يەنە كېلىپ باشلىق بولۇشقا ئەڭ ماس كېلىدىغان ئادەممۇ شۇ.

**پائالىيەتچان تىپىدىكى ئادەملەردىن ئەرلەر ئىچىدە كۆپ، ئاياللار نىسبەتەن ئازراق، چۈنكى ئەرلەر ئاياللارغا قارىغاندا ھەرىكەتچان كېلىدۇ. ئەمما ئەگەر سىز بىر ھەرىكەتچان ئايالنى كۆرسىڭىز، ئۇمۇ ئوخشاشلا ئەركىن ھەم مۇستەقىل بولۇشنى ئويلايدۇ. ھەمدە ھەرىكەتچان، زېھنى ئۆتكۈر بولۇپ، تەنتەربىيەگە قىزىقىدۇ.**

سىمىز ئادەملەر تەبىئىتىدىنلا راھەت تۇرمۇشنى — ياخشى يېيىش، ياخشى كىيىش، ھۇزۇرلىنىپ ئۇخلاش، ئويۇن - تاماشا قاتارلىقلارنى ياخشى كۆرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مۇشۇلارنى چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىدۇ. ئۇ بۇلارغا بەك كۆڭۈل بۆلىدۇ ھەمدە بىر ئامال قىلىپ ئۇنىڭغا ئېرىشىشنى ئويلايدۇ. جىسمانىي كۈچ بىلەن ئەقلىي كۈچتىن مەڭگۈ خاتىرجەم بەھرىلىنىدۇ. ئۇلار مۇتەپەككۇر ياكى دانىشمەن تىپىدىكى ئادەملەردەك كاللىسىنى ھەددىدىن زىيادە ئىشلىتىدىغان ھەمدە بەدەن ساپاسى ئاجىزلىشىشتەك ئازابلارنى تارتمايدۇ. ئۇلار ئەمەلىيەتچىل ياكى ھەرىكەتچان تىپىدىكى ئادەملەردەك دەم ئالماي جىسمانىي ئەمگەك قىلىشتەك جاپالارنى تارتمايدۇ.

شۇڭا، سىمىز ئادەم باشلىق بولىدۇ، ئۇلار ناھايىتى ئېغىر - بېسىق بولۇپ، ھېسسىياتقا ئاسان بېرىلمەيدۇ ھەتتا ئىنكاسى ئاستا بولىدۇ. ھەرىكەتچان تىپىدىكى ئادەملەر ناھايىتى خاتىرجەم، بەھۇزۇر يۈرۈشنى ياخشى كۆرىدۇ، شۇڭا ئىشلىرىنى كۆرسەتمىسى بويىچە دائىم باشقىلار ۋاكالىتەن قىلىپ بېرىدۇ. ئۇلار مۇتەپەككۇر بىلەن ئەمەلىيەتچىل ئادەملەرنىڭ ئارقىسىدا پايدىغا ئېرىشىدۇ. مۇتەپەككۇرلارنىڭ تەكلىپ - پىكرى، پىلان ۋە كەشپىياتلىرىغا مەبلەغ سالىدۇ. ئۇلار يەنە ئەمەلىي ئىشلىگۈچىلەرنىڭ خىزمەت ۋە ھەرىكىتىنى نازارەت قىلىدۇ. كۆپىنچە غوجىدار، بولكا ئۇستىسى، يېمەكلىك دۇكىنىنىڭ غوجايىنى، ئاشپەز ياكى ئاشخانا، مېھمانسارايىنىڭ دىرېكتورى بولىدۇ. چۈنكى ئۇلار سۆزمەن

بولغاچقا، سودىگەر، دۇكان غوجايىنى، ياسىغۇچى بولۇشقا مۇناسىپ بولۇپلا قالماستىن، يەنە ھەممىسى دېگۈدەك باشلىق ياكى رەھبەر بولالايدۇ.

دۇنيادىكى داڭلىق يازغۇچى دىككېنىس رومانىدا بىر ئەنگلىيەلىك تىپىك مېھمانساراي غوجايىنىنى تەسۋىرلىگەن چاغدا، ئۇ بىر سېمىز كىشىنى تاللىغانىدى. شېكىسپىرمۇ ئاۋازى ياڭراق، ئىچىملىككە ئامراق، گۈزەل قىزلارنى تاللىغاندىمۇ بىر سېمىز قىزنى تاللىغان. بىز ھەر نۆۋەت مەلۇم بانكا شىركەتلىرىنىڭ مۇدىرىيەت رەئىسى، بانكا سانائىتى ساھەسىدىكى مۆتىۋەرلەرنى ئويلىساقمۇ تەبىئىيلا بىر سېمىز كىشىنىڭ ئوبرازى كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ. ھەجۋىي رەسساملار ھەر قېتىم پاي چېكىنى قوللىغۇچى ئادەملەرنى مەسخىرە قىلغاندىمۇ تىپىك سېمىز ئادەملەرنى ھەجۋىيلەشتۈرۈپ سىزىدۇ.

تاسادىپىي ھالدا، سېمىز كىشىلەر ئۆزلىرىگە ۋاكالىتەن يەنە بىر ھۆزۈرلىنىدىغان رايون ئىزدىمەكچى بولسا، ئۇ بولسىمۇ دەل سىياسىي ساھە ــ ئەگەردە دۇنيادا سېمىز كىشىلەرگە ماس كېلىدىغان بىرلا كەسىپ بار دېيىلسە، ئۇ دەل ئاغزى تاتلىق، تىلى شېكەر، ماختاشنى ياخشى كۆرىدىغان، باشقىلار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشەلەيدىغان كەسىپ. ئۇنداقتا، سىياسىي ساھە تولىمۇ مۇقىم، خاتىرجەم بولاتتى. سىز پەقەت ئامېرىكىلىق چوڭ سىياسەتۋاز مورفى، كاننىاس، فارىي قاتارلىق سېمىز ئادەملەرگە قارىسىڭىزلا ھەممىنى چۈشىنىسىز.

سېمىز ئادەملەرنىڭ سەزگۈر سىياسىي ئېڭى بولۇپلا قالماستىن، يەنە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت قابىلىيىتى، ئۆتكۈر قىممەت قارىشى بار. ئەگەر شارائىتى ئۆزگەرمىسە، كۆپ ھاللاردا ئەڭ غايىلىك سودىگەر، كەسىپشۇناس، ئىقتىسادشۇناس، تىجارەتچى بولىدۇ. سەنئەتكە نىسبەتەن تەبىئىي ئاڭلىقلىقى بولىدۇ.

ھالبۇكى، ئۇنىڭدا يەنە بىر چوڭ ئاجىزلىق بولۇپ، كۆپىنچە ئۆزىنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىدۇ. ئۇ كۆپ ھاللاردا قورساقتا ئامراق، ئۇخلاشقا ئامراق بولۇپ، بارغانسېرى سەمرىپ ھورۇنلىشىپ كېتىدۇ.

**ئەگەر سىز ھەرىكەتچان تىپىدىكى ئادەم بولسىڭىز، ھەرىكەتچان خاراكتېرىڭىزنى تەكىتلاشتۇرۇپ، مىجەزىڭىزنى چېنىقتۇرۇپ مۇتەپەككۇر ياكى ئەمەلىيەتچىل كىشىگە ئايلىنىڭ، مانا بۇ سىزنىڭ كىرىمىڭىزنى ئاشۇرۇشنىڭ بىردىنبىر يولى.**

ئەگەر ناھايىتى كۈچلۈك ئەقلىي ئىقتىدارغا، ئۆزىنى كونترول قىلىش كۈچىگە ئىگە بولسا، ئۇ ئەڭ مۇۋاپىق گۇۋاھلىق بەرگۈچى، باھا بەرگۈچى ھەم ھۆكۈم قىلغۇچى بولالايدۇ.

سىزنىڭ ئوغلىڭىز بۇ خىل تىپقا مەنسۇپ بولسا، ئېسىڭىزدە بولسۇن، ئۇنىڭ ھەۋىسى ئۇنىڭ ئىنتىلىشى تەرىپىدىن تولۇقلىنىدۇ، ئەمما ئۇنى ھەددىدىن ئارتۇق تاماق يېيىشتىن چەكلەڭ. ئۇ كۆپرەك ھەرىكەتكە موھتاج. شۇڭا ۋاقتلىق بولسىمۇ ئۇنى تەنتەربىيە مەشىق مەركىزىگە ئاپىرىپ، تىكتاك توپ ئويناش، توپ تېپىش قاتارلىق پائالىيەتلەرگە قاتناشتۇرۇڭ، بولمىسا كەلگۈسىدە تېخىمۇ سەمرىپ، ھورۇنلىشىپ كېتىشى مۇمكىن.

سىزنىڭ قىزىڭىز بۇ خىل تىپقا تەۋە بولسا، ئالدىنى ئېلىش خىزمىتى تېخىمۇ مۇھىم، كۆپىنچە ئۇنى سۇ ئۈزۈشكە، توپ ئويناشقا، ئۇسسۇل ئويناشنى ياخشى كۆرىدىغان قىز دوستلىرى بىلەن كۆپرەك ئالاقە قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇڭ. ئۇ گىمناستىكىغا ئەڭ موھتاج.

سېمىز ئادەملەرنىڭ ئاسانلىقچە ھاياجانلانمايدىغانلىقىنى بىلىسىلەر. بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلەمسىلەر؟ بۇ خىزمەتكە بەك ئوخشايدۇ. سىز ئىلگىرى ئۆزىڭىزنىڭ غەزەپلەنگەن ۋاقىتلىرىڭىزغا دىققەت قىلغانمۇ؟

پسىخولوگىيە بىلەن فىزىيولوگىيەدە بۇ ھەقىقەتەن بىر چوڭ خىزمەت ھېسابلىنىدۇ. مۇشتۇمىڭىزنى چىڭ تۈگۈپ، چىشلىرىڭىزنى كىرىشتۈرۈپ نەپەسلەنسىڭىز چىرايىڭىز ھۇپپىدە قىزىرىپ، بەدىنىڭىزدىكى ھەربىر ھۈجەيرىڭىز جىددىيلىشىپ كېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن سىز ساراڭغا ئوخشاپ قالىسىز! ئەمما سېمىزلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا بۇ بىر خىل زېرىكىشلىك ئىش، ئۇ ھەرگىز بۇ ئىشلاردىن بىئاراملىق ھېس قىلمايدۇ.

ناۋادا سىز باياشاتلىق تۇرمۇشتىن قانائەتلەنگەن ئادەمنى ئىزدىمەكچى بولسىڭىز، سېمىز ئادەمنى تېپىڭ، بىز دائىم سېمىز ئادەملەر تولۇپ تاشقان ھاياتىي كۈچكە ئىگە، دەپ قارايمىز. چۈنكى ئۇلارنىڭ زور بەدەن سىغىمى ۋە ھاياتىي كۈچى بار. مەن دەۋاتقان «ھاياتىي كۈچ» تىنچ يوشۇرۇن ھالەتتىكى ئىقتىدارى بىلەن ئەسلىگە قايتالايدىغان كۈچنى كۆرسىتىدۇ.

نەچچە ئاي ئىلگىرى، مەن ھەرىكەتچان تېپىدىكى بىر ئەر كىنو چولپىنىنى تەھلىل قىلدىم. ئۇ ۋەكىللىك قىلىدىغان خاراكتېر مۇنداق ئىدى. مۇلايىم، ئەدەپلىك، سەۋرچان ھەم يېقىملىق، ياخشى مىجەزلىك بولۇپ، ئاسانلا چىقىشىپ قالغىلى بولاتتى. ئەمما ئۇ ئازراق ھورۇنراق ئىدى. ئۇ ياخشى نەرسىلەرنى يېيىشكە ئامراق، نەپىس نەرسىلەرنى ئىشلىتىدۇ، تەبىئىتىدىنلا ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرىدۇ، زېھنى ئۆتكۈر، ئۇ پۇرسەت بولسىلا يۇمۇرىستىك قىزغىنلىقى بىلەن سودا تالانتىنى بىرلەشتۈرگەچكە ھوللىۋۇدتىكى ئەڭ داڭلىق كىنو چولپىنى بولۇپ قالغان. ئىلگىرى ئۇ مەغلۇپ بولغان باسما كەسپىنىڭ مال ساتقۇچىسى ئىدى. مەن ئىلگىرى ئۇنىڭ بىلەن ئىككى سائەت پاراڭلاشقانىدىم، سان فىرانسىسكودىكى مەلۇم گېزىتتە بىزنىڭ پارىڭىمىز ئېلان قىلىندى. ئۇزاق ئۆتمەيلا مەن بۇ چېچەن ۋە شوخ، خۇشاللىق ۋە باياشاتلىق ئىزدەيدىغان سېمىز دوستۇمنىڭ بىر پارچە خېتىنى

تاپشۇرۇۋالدىم، ئۇ خېتىدە: «بالكىم بۇرادەر، مەن ئۆزۈم توغرىسىدىكى نۇرغۇن ئىشلاردىن باشقىلارنى گۇمانلانمايدۇ، دەپ ئويلاپتىكەنمەن، بىراق سىزدەك دانا خاراكتېر تەھلىل قىلىش مۇتەخەسسىسىنىڭ ئالدىدا مېنىڭ بۇ سېمىز يۇمىلاق يۈزۈم مېنىڭ بارلىق ئىشلىرىمنى ئاشكارىلاپ قويىدى. سىزنىڭ مېنىڭ ھەممە ئاجىزلىقلىرىمنى ناھايىتى توغرا ھەم تېز كۆرسىتىپ بەرگەنلىكىڭىزدىن ناھايىتى ھەيران قالدىم. راست گەپنى دېگەندە باشقىلارغا يۈزۈمنى كۆرسەتمەسلىك ئۈچۈن يۈزۈمنى يۆگەپ يۈرۈش ئىرادىسىگە كەلدىم. سىزنىڭ مېنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىمنى ناھايىتى سەممىيلىك بىلەن قىزىقارلىق قىلىپ تەھلىل قىلىپ بەرگەنلىكىڭىزگە رەھمەت» دەپ يېزىپتۇ.

خۇلاسىلىگەندە، ئەگەر سىز ناھايىتى سېمىز ئەر ياكى ئايال بولسىڭىز، ئۇنداقتا ئۆزىڭىزنى سودا، پۇل مۇئامىلە، مەمۇرىيەت، سىياسىي ياكى قانۇن ساھەسىدە چېنىقتۇرۇڭ. تۆۋەندە سىزگە ئەڭ ماس كېلىدىغان ئىشلار توغرىسىدا سەممىيلىك بىلەن تەكلىپ بېرىمەن: سودا باشقۇرۇش، مالىيە، سىياسەت، ياساش، مېھمانخانا ياكى ئاشخانا باشقۇرۇش، بانكا، ۋاستىچى، پارچە كېسىش دۇكان تىجارىتى.

## ئارىلاش تىپ

سىز ھازىر قايسى خىل ئادەمنىڭ يۈز شەكلى دانىشمەن تىپىغا، ھەرىكەتچان تىپىغا ياكى ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇش تىپىغا كىرىدىغانلىقىنى، بۇ ئۈچ خىل تىپنىڭ خالىغان ئىككىسىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملىگەن ئارىلاش تىپقا تەۋە بولىدىغانلىقىنى ئايرىيالايسىز. ئۇزاق ئۆتمەيلا بايقايسىزكى، ھەر خىل مۇكەممەللىكلەر تېرە رەڭگى، چىرايى، تۈزۈلۈشى، نىسبەتەن ئارىلاش تىپلارنىڭ ھەممىسىنىڭ مۇكەممەللىكى بار بولۇپ، بۇ بەزىدە ئىنسانىيەتنىڭ تەبىئىتى مۇرەككەپلىكتە تۈمەن خىل گۈللەرگە ئوخشايدۇ. شۇڭا، مۇنداق بىر جۈملە سۆز بار: «ھەرقانداق

ئىككى ئەر ياكى ئىككى ئايالنىڭ چىرايى، ئىدىيەسى، يۈرۈش - تۇرۇشى ھەرگىز ئوخشاش بولمايدۇ.»

مېنىڭ بىر دوستۇم بىركۈنى چۈشتىن كېيىن ئىشخانامغا كىرىپ، كۈلۈپ تۇرۇپ ماڭا ئائىلىسىدە يۈز بەرگەن بىر قاتار تالاش - تارتىشلارنى سۆزلەپ، سەۋەب مەندە، دېدى. ئۇ ماڭا: «ئايالىم سىزنىڭ دېگەنلىرىڭىزگە بەك ئىشىنىدۇ، ئۇ مېنى دانىشمەن تېپىغا تەۋە، دەپ ھۆكۈم قىلغانىدى، چۈنكى مېنىڭ پېشانەم ئېگىز ھەم كەڭ بولۇپ، بۇنى سىز بىرقانچە كۈن ئىلگىرى سۆزلىگەنىدىڭىز.

ئەگەردە سىز بىر ھەجۋىي رەسسام بولسىڭىز، راھەت - پاراغەتتىن ھۇزۇرلىنىدىغان، يېمەك - ئىچمەك، تۇرالغۇغا ئەھمىيەت بېرىدىغان، باشقىلار بىلەن جاراڭلىق ئاۋازدا سۆزلىشەلەيدىغان ئادەمنى سىزىسىز. سىز ئورۇق، ۋىجىك، ئاچلىقتىن ئېچىرقاپ كەتكەن ئادەمنى سىزىپ چىقامسىز؟ سىز جەزمەن سىزمايسىز. سىز چوقۇم دوغىلاق كەلگەن، ئىككى مەڭزى چوڭ ھەم ئاغزىنى چوڭ ئېچىپ كۈلىدىغان ئادەمنى سىزىپ چىقىسىز.

ئۇ مېنىڭ نېمە ئۈچۈن ھەر ھەپتىدە نەچچە قېتىم گولف توپ ئوينايدىغانلىقىمنى چۈشەنمەيدۇ. ئۇ مېنى ھەرىكەتچان تېپىغا تەۋە بولمىغان بولسا بوپتىكەن، دەپ قارايدۇ.

ئۇ مۇشۇ ئاساس ۋە كۆزقاراشقا ئاساسەن مېنى ھەر ھەپتىنىڭ ئاخىرى ئۇنىڭ بىلەن بىللە دېڭىز بويىغا بېرىشقا مەجبۇرلايدۇ. بۇ ئىشتىن ھەقىقەتەن ساراڭ بولايلا دەپ قالدىم. چۈنكى، دېڭىز بويىدىن نەچچە چاقىرىم كېلىدىغان ئارىلىقتا گولف توپ مەيدانى يوق ئىدى.»

بىر جۈپ ئەر - ئايالنىڭ تالاش - تارتىشىغا ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ ئارىلىشىشى توغرا ئەمەس. بىراق، مەن بۇ قېتىم شۇنداق قىلدىم. ئىلمىي ئاساس بىلەن پاكىتقا ئاساسلىنىپ ئۇلارنىڭ

جېدىلگە ئارىلاشتىم. چۈنكى ھېلىقى دوستۇم ھەرگىزمۇ ساپ دانىشمەن تىپىغا تەۋە ئەمەس.

ئەمەلىيەتتە ناھايىتى ئاز سانلىق ئادەملەرلا ساپ دانىشمەن تىپىغا، ساپ ھەرىكەتچان تىپىغا ياكى ساپ ھاياتىي كۈچكە تولۇش تىپىغا تەۋە بولىدۇ. كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئارىلاش تىپلىق بولىدۇ، بىزمۇ ھەم شۇنداق. چۈنكى تەڭرىمۇ چەكتىن ئاشقان ئادەملەرنى ياخشى كۆرمەيدۇ. بىر مىللەتنىڭ ھەممىسى دېگۇدەك ساپ دانىشمەن تىپىغا تەۋە بولسا، ئۇزاق ئۆتمەي ئائىلىلىرىنىڭ نەسلى قۇرۇپ كېتىشى مۇمكىن. چۈنكى ئۇلارنىڭ بەدىنى كىتاب دۆۋىلىرى ئىچىدە خوراپ كېتىدۇ. ئەكسىچە، بىز ھەممىمىز ھەرىكەتچان تىپىغا تەۋە بولساق، بىزنىڭ مەدەنىيىتىمىزمۇ ئالغا ئىلگىرىلىيەلمەيدۇ ھەتتا بىر ئىزدا توختاپ قېلىپ، ئەڭ دەسلەپكى مەدەنىيەتكە قايتىپ قېلىشى مۇمكىن. يەنە ناۋادا ئىنسانىيەتنىڭ ھەممىسى ھاياتىي كۈچكە تولۇش تىپىغا تەۋە سېمىزلاردىن بولسا، كىممۇ مۇتەپەككۇر بولۇپ مېڭە ئىشلىتىشنى ھەمدە ئەمەلىي ئىش قىلىپ، جىسمانىي خىزمەتنى خالايدۇ؟ ئۇنداق دۇنيادا پەقەت نازارەتچىلەر بولىدۇكى، نازارەت قىلىنغۇچىلار بولمايدۇ.

ئەمەلىيەتتە، ھەربىر ئادەم بۇ ئۈچ خىل تىپتىكى خاراكتېرنىڭ بىر بۆلىكىدىن تەركىب تاپىدۇ. مانا بۇ دىك خانىمنىڭ خاتالىشىشىدىكى سەۋەب.

چۈنكى، دىك خانىم پۈتۈنلەي دانىشمەن تىپىغا كىرمەيدۇ. ئۇنىڭ قۇلىقىنىڭ ئۈستۈنكى قىسمى دانىشمەن تىپىغا، ئاستىنقى قىسمى ھەرىكەتچان تىپىغا تەۋە، ئۇنىڭ چىرايى «يوقال، مېنى ئويلانغىلى قوي» دەيدۇ، ئەمما ئۇنىڭ مۇسكۇل، سۆڭەكلىرى بەستلىك، ئېڭەكى چاسا، مۇرىسى كەڭ. ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇ بىر دانىشمەن، ھەرىكەتچان تىپتىن ئىبارەت ئارىلاش تىپقا تەۋە ئادەم.

سىزمۇ مۇتەپەككۇر بىلەن ئەمەلىيەتچىلىنىڭ بىرلەشمىسى، پېشانىسى ئېگىز ھەم كەڭ بولسا، دانىشمەن تىپىغا تەۋە، ئېڭەكى

چاسا شەكىلدە، سۆڭەكلىرى بەستلىك، مۇسكۇللىرى بۆرتۈپ چىققان بولسا ھەرىكەتچان تىپىغا تەۋە ئادەم بولامدۇ؟ ماشىنا پادىشاھى ھېنرى فورت بولسا دەل مۇشۇنداق ئادەم. ئۇچقۇچى لىندبېر، كىيۇرى خانىم، گېنېرال بۇس قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئاربلاش تىپلىق ئادەملەردۇر. ئۆتكەن يىلى مەن كىنو چولپىنى خېبو ماشورنى تەھلىل قىلغان، ئۇ دەل دانىشمەن ھەم ھەرىكەتچان تىپنىڭ ئاربلاشمىسىغا ۋەكىللىك قىلاتتى.

ناۋادا سىز، مۇشۇنداق ئاربلاش تىپلىق بولسىڭىز، ئارزۇيىڭىزدىكىدەك كەسىپ بولسا بىر قىسىم ۋاقتىڭىزنى چىقىرىپ ئىشخانىدا ئولتۇرۇپ پىلانلاش ۋە يېڭىلىق يارىتىش ئۇستىدە ئويلىنىڭ، قالغان ۋاقىتتا تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئويلىغانلىرىڭىزنى قىلىپ چىقىڭ.

ئەگەر سىز قايسى ئاشپۇزۇلنىڭ قورۇمىلىرىنىڭ ئوخشايدىغانلىقىنى بىلمەكچى بولسىڭىز، ئاشخانا غوجايىنىغا قارىسىڭىزلا كۇپايە. ئاشخانا غوجايىنى سېمىز ھەم چىرايىدىن كۈلكە يېغىپ تۇرسا، ئۇنىڭ سودىسى چوقۇم ياخشى، خېرىدارلىرى جەزمەن ناھايىتى كۆپ، بۇ ۋاقىتتا سىز خاتىرجەم كىرىپ تويغۇچە بىر ۋاق غىزالانسىڭىز بولىدۇ.

ھەرقانداق ئەھۋالدا، سىز ئەڭ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ياساش كەسپى دىرېكتورى قاتارلىقلار مۇتەپەككۇر ھەم ئەمەلىيەتچىل تىپىغا تەۋە. ئىنژېنېر، بىناكارلىق، ئىلىم - پەن، كەشپىيات، مۇخبىرلىق، مال سېتىش، خىرورگىيە، قورۇقلۇق ئارمىيەسى، دېڭىز ئارمىيەسى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى دانىشمەن ھەم ھەرىكەتچان تىپىدىن ئىبارەت ئاربلاشما تىپلىق ئادەملەر قىلىشقا مۇۋاپىق كېلىدىغان ئىشلاردۇر.

خانىملار، ئەگەردە يۇقىرىدىكى سۆزلىگەنلىرىمنىڭ ھەممىسى سىلەر بولساڭلار، ئۇنداقتا، داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەڭلار. دۇنيادا

ھېچقانداق ئادەم سىزنىڭ داڭلىق قوزۇلۇشچى، تەتقىقاتچى، ئايروپىلان لايىھەلىگۈچى، ئىنژېنېر ياكى ئايال مال ساتقۇچى بولۇشىڭىزنى توسۇپ قالالمايدۇ. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇتەخەسسىسى ھېندىسىنىڭ ماڭا دېيىشىچە، سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى 50% زاسىداتېللار، 57% مېدىتسىنا ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ھەممىسى ئاياللار ئىكەن. يېقىندا ئۇ ماقالە ئېلان قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ئاياللىرىنىڭ ئەڭ ئىشچانلىرى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ھەيدەيدىغانلار بىلەن كوللېكتىپ دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ باشقۇرغۇچىلىرى ئىكەن. ئۆتكەن يىلى باھاردا، كېفۇ شەھرىدىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەن 1112 نەپەر قىز ئوقۇغۇچى ئىچىدە، پەقەت 10 پىرسەنتىلا يەنىمۇ يۇقىرى ئۆرلەپ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇشنى خالىمىغان، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى ئىجتىمائىي پەن، مېتاللورگىيە، ئاۋىياتسىيە، قۇرۇلۇش، سۇ قۇرۇلۇشى قاتارلىق پەنلەرنى تاللىغان.

ئۇنىڭدىن سىرت، باشقا خىل خاراكتېرلارنىڭ ئارىلاشمىسىمۇ بار. سىز چوقۇم دانىشمەن تىپى بىلەن ھەرىكەتچان تىپىنىڭ ئارىلاشمىسىغا تەۋە ئادەمنى كۆرۈپ باققان، ھەممىسى ئەقلىي ئىقتىدارى ئىنتايىن ياخشى سېمىز ئادەملەر. بىز بىر ئادەمنىڭ بېشىنىڭ ناھايىتى چوڭ، پېشانىسىنىڭ كەڭ ھەم ئېگىز، يۈزى سېمىز، گەۋدىسىنىڭ يۇمىلاق ئىكەنلىكىنى بايقىغان بولساق، بۇ ئادەم جەزمەن مائارىپ، پۇل مۇئامىلە، قانۇن ساھەسىدىكى ئىجرا قىلىش خىزمەتلىرىگە مۇۋاپىق كېلىدۇ. كولومبىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇدىرى باكتىن، ئىستۇدېنت فاڭ لۇڭ، ياش دىراما رېژىسسورى ۋىلىس قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى سېمىز، ئەقىللىك ئادەملەردۇر. ئېلان، مائارىپ، ئىقتىساد، ئاخبارات، سودا ـ سېتىق، مال سېتىش، سىياسەت ۋە قانۇن قاتارلىق كەسىپلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇ تىپتىكى ئادەملەرگە ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدۇ.

يەنە بىر خىل ئارىلاش تىپىدىكى ئادەملەر توغرىسىدا

سۆزلىسەك، ھەرىكەتچان ۋە سېمىز، يەنى ھەرىكەتچان ۋە ھاياتىي كۈچ ئۇرغۇش تىپىدىكى ئادەملەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ چاسا شەكىل بىلەن يۇمىلاق شەكىلنىڭ ئارىلاشمىسىدۇر. بۇنداق ئادەملەر تۆمۈريول، قۇرۇلۇش، تەنتەربىيە، ياساش، ھەربىي ئىشلار قاتارلىق كەسىپلەرنى باشقۇرۇشقا ئەڭ مۇۋاپىق، مەسىلەن، يانكى توقماق توپ ئەترىتىنىڭ دىرېكتورى مەككاش، گىگانت توپ ئەترىتىنىڭ باشلىقى ماي ۋېنرو، گېرمانىيەنىڭ سابىق پرېزىدېنتى ھىندىنبورگ، ئىتالىيەلىك مۇستەبىت موسسولىنى، پولات پادىشاھ كانىج ھەمدە ياردەمچى سىنكابىر قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ خىل ھەرىكەتچان ۋە ھاياتىي كۈچ ئۇرغۇشتىن ئىبارەت ئارىلاش تىپنىڭ ئەڭ ياخشى مىسالى بولالايدۇ.

سىز يەنە كۆپ ھاللاردا تاشقى قىياپىتى ئىنتايىن تەڭپۇڭ بولغان ئايال ياكى ئەرنى ئۇچراتقان بولۇشىڭىز مۇمكىن، ئۇلار دانىشمەن، ھەرىكەتچان، ھاياتىي كۈچ ئۇرغۇشتىن ئىبارەت ئۈچ خىل تىپنىڭ ئارىلاشمىسى، شۇڭلاشقا نۇرغۇن كىشىلەر يۈزىنىڭ چاسا، يۇمىلاق ياكى ئۈچ بۇلۇڭ شەكىلدە ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئايرىيالمايدۇ.

سېمىز كىشىلەر مەڭگۈ چىقىشقاق، قىزىقچى، يېقىملىق كېلىدۇ، پەقەت ئۇلار شامالداپ ياكى باشقا كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولۇپ قالمىسىلا، ئۇنداق ئادەم تۇرمۇشنى ياخشى ئۆتكۈزۈشنى ئوبدان بىلىدۇ. ئۇ دانىشمەن تىپىدىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىنى ئالىقاچان ئويلاپ بولغانلىقنى چۈشىنىدۇ.

سىز ئەگەر شۇنداق ئادەمنى ئۇچراتقىنىڭىزدا ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىڭ، چۈنكى سىزنىڭ ئۇچراتقىنىڭىز دەل كەلگۈسىدە رەھبەر بولغۇچىدۇر. بۇنداق ئادەم كەلگۈسىدىكى ئەڭ مۇۋاپىق تەشكىللىگۈچى ھەم ئىجراچىدۇر. ئۇلار قابىلىيەتلىك بولۇپ،

ئەھۋالغا قاراپ ئىش تۇتىدۇ، غايەت زور يوشۇرۇن ئىقتىدارغا ئىگە. لوئىي جورجى، لېنىن، ئامېرىكىنىڭ يۇقىرى پالاتا ئەزاسى بولا، ئىشچىلار داھىيسى لوئىس، گېنېرال يوھانسون قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى بۇ خىل تەڭپۇڭ تىپلىق زاتلاردۇر. بۇ خىل تىپتىكى ئادەملەرنىڭ ئەڭ داڭلىق ۋەكىلى ئاللىبۇرۇن ۋاپات بولغان ئەمەلىيەتچىل سىياسەتشۇناس روزۋېلت پرېزىدېنت بولۇپ، ئۇ ھەقىقەتەن تەڭپۇڭ ھالەتتە تەرەققىي قىلغان زات.

ھازىرقى مۇھىم ئىش — ھەر خىل كەسىپلەردە ھەر خىل تىپلىق ئادەملەرنى ئىشلىتىشكە توغرا كېلىدۇ. قانۇن ساھەسىنى مىسالغا ئالساق، دانىشمەن تىپلىق ئادەم دېلولار ئۈستىدە ئويلىنىپ، مەسلىھەت بېرىشكە، يۇقىرىنىڭ ھۆكمى بىلەن سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش خىزمىتىنى ئىشلەشكە مۇۋاپىق كېلىدۇ. ھەرىكەتچان تىپىدىكى ئادەم ئاقلىغۇچى ئادۋوكات، سۈرلۈك زاسېداتىل، سوتچى ياكى تەپتىش ئەمەلدارى بولۇپ، سوت ئۈستىدە دېلو ھەققىدە مۇنازىرىلىشىشكە مۇۋاپىق كېلىدۇ. سېمىزلارغا كەلسەك جامائەت سورۇنىنىڭ تۆرىسىدە ئولتۇرۇپ ھەق - ناھەقنى ئايرىپ بېرىدۇ.

تېببىي ساھەدە، دانىشمەن تىپىدىكى ئادەملەر كۆپىنچە تەتقىقات خىزمەتلىرىنى ئىشلەيدۇ. مەسىلەن، باكتېرىيە تەتقىق قىلىش، پاتولوگىيەلىك دىياگنوز قويۇش، ھەرىكەتچان تىپىدىكى ئادەملەر خىرورگىيە (تاشقى كېسەللىكلەر) دوختۇرى بولىدۇ. سېمىزلار بولسا دوختۇرخانىنىڭ ئىقتىسادىي خىزمەتلىرىگە مەسئۇل بولىدۇ.

سودا - سېتىقتا، دانىشمەن تىپىدىكى ئادەملەر تەكلىپ - پىكىرلىرىنى، مۇلازىمىتىنى ۋە شەكىلسىز نەرسىلىرىنى ساتىدۇ. ھەرىكەتچان تىپىدىكى ئادەملەر ماشىنا، ئاپتوموبىل بىلەن تەنھەرىكەت سايمانلىرىنى ساتىدۇ. ھاياتىي كۈچ ئۇرغۇش تىپىدىكى ئادەم بولسا يېمەكلىكنى، ئويۇنچۇقلارنى، كىيىملەرنى ۋە كۆڭۈل

ئېچىش بۇيۇملىرىنى سېتىشقا مۇۋاپىق كېلىدۇ.

ياساش كەسپىدە، دانىشمەن تىپىدىكى ئادەم لايىھەلىگۈچى، كاتىپ، تېز خاتىرىلىگۈچى، ئېلانچى، بوغالتىر بولۇشقا، ھەرىكەتچان تىپىدىكى ئادەم بولسا ماشىنىسازلىق ئۇستىسى، ئىش بېشى، تەشەببۇسكارلىق بىلەن مال ساتقۇچى بولۇشقا مۇۋاپىق. ھاياتىي كۈچ ئۇرغۇش تىپىدىكى سىمىز ئادەملەرچۇ؟ ئۇلار دىرېكتور، مالىيە ئىشلىرىنى تۇتقۇچى ۋە باشقۇرغۇچى بولۇشقا مۇۋاپىق كېلىدۇ.

ئەمما، قايسى خىل تىپ ئەڭ ياخشى؟ ناۋادا سىزنىڭ تەق ـ تۇرقىڭىزنى ئۆزگەرتىشكە قۇربىڭىز يەتسە، قايسى تىپلىق ئادەم بولغۇڭىز كېلىدۇ؟ ئەڭ ياخشىسى ئۈچ خىل تىپ بىرلەشكەن ئادەملەردۇر.

سىز ئوي ـ پىكىردە ئىجادچانلىق كۆچىگە، ئۆزىڭىز پىلانلىغان بارلىق ئىشلارنى ئىشلەپ تۈگىتىدىغان ئىقتىدارغا، يەنە كېلىپ باشلامچى بولۇش ئىقتىدارىغا ئىگە بولسىڭىز ھەمدە باشقا ئادەملەرمۇ سىزنىڭ پىلانىڭىزغا ئاساسەن ئىش قىلىدىغان بولسا، سىز ئەڭ مۇكەممەل بولغان ئارىلاش تىپلىق ئادەم بولىسىز، سىزنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىڭىز بىلەن نامىڭىز كەلگۈسىدە مەڭگۈ ئۇنتۇلمايدۇ.

ناۋادا سىز سېمىز ئەر ياكى بەستلىك ئايال زاتى بولسىڭىز، ئۇنداقتا ئۆزىڭىزنى سودا قىلىش، پۇل مۇئامىلە، مەمۇرىي، سىياسىي ياكى قانۇن ئىشلىرىدا چېنىقتۇرۇڭ. تۆۋەندىكىسى سىز ئادەتتە مۇۋاپىق دەپ ئىشلەيدىغان ئىشنىڭ ئېنىق تەكلىپى: تاۋار سودىسىنى باشقۇرۇش، مالىيە ـ ئىقتىساد، سىياسەت، ياساش، مېھمانخانا ياكى ئاشپۇزۇل باشقۇرۇش، بانكا، ۋاستىچى، پارچە سېتىش دۇكىنىنىڭ باشقۇرغۇچىسى قاتارلىقلاردۇر.

◆ **دانىشمەن تىپى**

ــ يۈز شەكلى: پېشانىسى ئېگىز ھەم كەڭ، بۇرنى ئىنچىكە، يۈزى كىچىك، بەدىنى ۋىجىك، يۈز شەكلى دۈم كۆمتۈرۈلگەن ئۈچ بۇلۇڭ شەكىلدە، مۇرىسى تارراق، بارماقلىرى ئۇزۇن، ئاۋازى يۇقىرى ھەم ئىنچىكە.

ــ ئىجابىي خاراكتېرى ياكى ئارتۇقچىلىقى: ئەقلىي قابىلىيىتى ئۆتكۈر، ئەقىللىك، كىتاب ئوقۇشقا ھېرىس، ئەمگەكچان، ئەقلىي خۇلاسە چىقىرىشقا ئۇستا .

ــ سەلبىي خاراكتېرى ياكى يېتەرسىزلىكى: تېنى ئاجىزراق، ھورۇن، ھاياتىي كۈچى كەمچىل (ئەگەر سىز دانىشمەن تىپى بىلەن ھەرىكەتچان تىپى بىرلەشكەن ئارىلاش تىپلىق ئادەم بولسىڭىز، ئۇنداقتا يۇقىرىقى ئاجىزلىقلىرىڭىز بولمايدۇ).

ماس كېلىدىغان كەسىپ: تەپەككۇر قىلىش، ھۆكۈم قىلىش، ئەقلىي خۇلاسە چىقىرىش ۋە لايىھەلەشكە ماس كېلىدۇ، جىسمانىي كۈچنى خوراتمايدۇ.

◆ **ھەرىكەتچان تىپى**

ــ يۈز شەكلى: پېشانىسىنىڭ يۇقىرىسى چاسا، ئېڭىكى چاسا، بەستلىك، مۇسكۇللىرى بۆرتۈپ چىقىپ تۇرىدۇ، مۈرىسى چاسا، قولىمۇ كەڭ، قول ـ پۇتلىرى چوڭ، ئاۋازى سالماق ۋە ئۇرغۇلۇق.

ئىجابىي خاراكتېرى ياكى ئارتۇقچىلىقى: ئۆزىنى تۇتۇۋالالايدۇ، قابىلىيەتلىك، بىناكارلىق ئىشلىرىنى، سىرتلاردا ئەركىن تۇرمۇش كەچۈرۈش ۋە تەنھەرىكەتنى ياخشى كۆرىدۇ.

سەلبىي خاراكتېرى ياكى يېتەرسىزلىكى: زېھنىنى بىر يەرگە يىغالمايدۇ، ئوقۇشقا قىزىقمايدۇ، ئەقلىي ئىقتىدارىنى ئىشلىتىشكە ھورۇنلۇق قىلىدۇ (ئەگەر سىز ھەرىكەتچان ۋە دانىشمەن تىپلىق ئارىلاش كەلگەن ئادەم بولسىڭىز يۇقىرىقى ئاجىزلىقلىرىڭىز

بولمايدۇ)، كۆچ تەلەپ قىلىدىغان ئىشلارنى قىلىشقا مايىل. ھەر كۈنى ئىشخانىدا ئۇستەلگە يېپىشىپ مەنىسىز خىزمەت قىلىشتىن ساقلىنىدۇ.

**◆ ھاياتىي كۈچ ئۇرغۇش تىپى**

يۈز شەكلى: يۈزى يۇمىلاق، ئىككى مەڭزى سېمىز ھەم بەدىنى دوغىلاق، قوللىرى سېمىز، بۇرۇن تۆشۈكى كەڭ.

— ئىجابىي خاراكتېرى ياكى ئارتۇقچىلىقى: ھاياتىي كۈچكە تولغان، ئىجرا قىلىشقا ئۇستا، ئەسلىگە كېلىش كۈچى كۈچلۈك، ھۆكۈم قىلىشقا ئامراق، مالىيە ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنى بىلىدۇ، قورسىقىغا ئامراق.

ھەربىر خىل كەسىپكە خىلمۇخىل تىپلىق كىشىلەرنى ماھىرلىق بىلەن ئىشلىتىشكە توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن، تىببىي ساھەدە دانىشمەن تىپىدىكى تەتقىقات خىزمەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. مەسىلەن، باكتېرىيە تەتقىق قىلىش، پاتولوگىيەلىك دىياگنوز قويۇش. ھەرىكەتچان تىپىدىكىلەر خىرورگىيە دوختۇرى، سېمىزلار بولسا دوختۇرخانىنىڭ مالىيە ئىشلىرىغا مەسئۇل بولىدۇ.

سەلبىي خاراكتېرى ياكى يېتەرسىزلىكى: ھۇزۇر - ھالاۋەتكە بېرىلىدۇ، جىسمانىي ۋە ئەقلىي جەھەتلەردە ھۇرۇنراق (ئەگەر سىز دانىشمەن ۋە ھەرىكەتچان تىپلىق ئارىلاشقان ئادەم بولسىڭىز ياكى ھەرىكەتچان ۋە ھاياتىي كۈچ ئۇرغۇش تىپى ئارىلاشقان ئادەم بولسىڭىز بۇ ئاجىزلىقلىرىڭىز بولمايدۇ).

ماس كېلىدىغان كەسىپ: سودا، مالىيە ئىشلىرىنى باشقۇرۇش، سىياسەت، ئىجرا قىلىش، باشقۇرۇش ئىشلىرىغا ماس كېلىدۇ.

# ئونىنچى باب

## بەدەن قۇرۇلۇشى ۋە خاراكتېر

بىر ئەپسانىۋى ھېكايىدە دېيىلىشىچە، بىر پادىشاھنىڭ شاھزادىسى ناھايىتى يىراق جايدىكى مەلۇم بىر دۆلەتنىڭ گۈزەل مەلىكىسى بىلەن تويى قىلماقچى بوپتۇ. توي كۆچۈرۈلىدىغان مەزگىلدە دۆلەت ئىشىكىگە بىر گۈزەل قىزچاق نۇرغۇن لەشكەرلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ كېلىۋاتقۇدەك، لەشكەرلەرنىڭ ئىچىدىن بىرى ئالدىغا چىقىپ شاھزادە بىلەن نىكاھلىنىدىغان مەلىكىنىڭ مۇشۇ قىز ئىكەنلىكىنى جاكارلاپتۇ. شۇنداق دەۋاتقانىنىڭ ئۈستىگە خانىنىڭ يەنە بىر تۈركۈم ئاتلىق لەشكەرلىرى كېلىپ ئىچىدىن بىر لەشكەر ئالدىغا چىقىپ ئۇلارنىڭ مەلىكىسى كەلگەنلىكىنى جاكارلاپتۇ. ئەقىللىك پادىشاھ بۇ چاغدا ئازراق گاڭگىراپ ھېلى ئۇياققا، ھېلى بۇ ياققا قاراپتۇ.

بەدەن تۈزۈلۈشىنىڭ نازۇك ياكى نازۇك ئەمەسلىكى خاراكتېرنى ئىلمىي تەھلىل قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم. ئۇ بىزنىڭ كىشىلەرنىڭ خاراكتېرىگە ھۆكۈم قىلىشىمىز ۋە مۇۋاپىق كەسىپ تاللىۋېلىشىمىزغا مۇھىم ياردەم بېرىدۇ.

قارىغۇدەك بولسا ئىككى مەلىكە تولىمۇ گۈزەل ئىكەن. چىرايىدىن ئۇلارنىڭ دۆلەتمەن ئىكەنلىكى چىقىپ تۇرغانىكەن. «ئىككى مەلىكىنى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئوردىنىڭ ھۇجرىلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇش»قا بۇيرۇپتۇ ۋە «ئەتە ئەتىگەندە مەن قايتا تاللايمەن» دەپ جاكارلاپتۇ.

ئىككىنچى كۈنى ياشانغان پادىشاھ شاھلىق تەختىدە ئولتۇرۇپ، ۋەزىر - ۋۇزرالىرىنى ئىككى تەرىپىگە قاتار جايلاشتۇرۇپ، ئىككى مەلىكىنى ئالدىغا كەلتۈرۈپتۇ. «خەيرلىك سەھەر، مېنىڭ ئىككى گۆھىرىم، — دەپتۇ پادىشاھ، — ئاخشام قانداقراق ئۇخلىدىڭلار؟» بىر مەلىكە كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ: «ھۆرمەتلىك شاھىم، مەن خۇددى بۇلۇتلار ئارىسىدا ئۇخلىغاندەك تەۋرىنىپ ھوزۇرلىنىپ ئۇخلىدىم» دەپتۇ. ئەمما يەنە بىر مەلىكە قارىماققا ناھايىتى ھارغىن كۆرۈنۈپتۇ، ئۇ پادىشاھقا: «شاھ ئالىيلىرى، مەن بىر كېچە كۆز يۇممىدىم. كارىۋاتتا قانداق نەرسىنىڭ مېنى يارىلاندۇرغانلىقىنى ئۇقمىدىم، تۇرغۇدەك مادارىم يوق» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ئەقىللىك پادىشاھ ئورنىدىن تۇرۇپ قولىنى سوزۇپ چارچاپ كەتكەن مەلىكىنى تارتىپ: «ئوماق مەلىكە، مەن سىزنىڭ ئوردىغا كەلگەنلىكىڭىزنى قارشى ئالىمەن. تۈنۈگۈن ئاخشام ئىككىڭلارنىڭ كارىۋىتىغا سېلىنغىنى يەتتە قات ئەڭ يۇمشاق كۆرپە ئىدى، بىراق ئەڭ ئاستىغا سېلىنغان كۆرپىنىڭ ئىچىگە ھەقىقەتەن بىر تال نوقۇت قويۇپ قويۇلغانىدى، ساختا قىياپەتكە كىرىۋالغان بۇ قىز بۇنى ھېس قىلالمىدى، بىراق قاتتىق تەربىيە ئاستىدا چوڭ بولغان ئارزۇلۇق مەلىكە بۇنى ئاسانلا ھېس قىلالايدۇ!» دەپتۇ.

مەن نېمە ئۈچۈن بۇ ھېكايىنى ئېيتىمەن؟ چۈنكى خاراكتېرنى ئىلمىي تەھلىل قىلىشنىڭ تۆتىنچى خىل بەدەن ئالاھىدىلىكى توغرۇلۇق توختىلىمەن — ئادەمنىڭ چېچى، تېرىسى، بەدەن تۈزۈلۈشىنىڭ قوپال، نازۇك ياكى نازۇك ئەمەسلىكى، خاراكتېرنى ئىلمىي تەھلىل قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم. ئۇ بىزگە ئادەمنىڭ خاراكتېرىگە ھۆكۈم قىلىش ۋە مۇۋاپىق كەسىپ تاللىشىمىزدا مۇھىم ياردەم بېرەلەيدۇ. بۈگۈنگە قەدەر كەسىپنى خاتا تاللىغان ھەمدە خاراكتېرگە تۈپتىن ماس كەلمىگەن خىزمەتنى تاللاپ جاپا چېكىۋاتقان كىشىلەر نۇرغۇن. ئۇلار بۇ مۇھىم بەدەن ئالاھىدىلىكىنىڭ ئامىللىرى ۋە بەدەن تۈزۈلۈشىنىڭ نەتىجىسى

ھەققىدە ئويلىنىپ بېقىشنى بىلمەيدۇ.

بىرقانچە يىل ئىلگىرى، ئاۋستىرالىيە سىدنېي شەھىرىنىڭ دۆلەت ئىگىدارچىلىقىدىكى تۆمۈريول ئىدارىسىنىڭ بارلىق خىزمەتچى خادىملىرىنى تەھلىل قىلغانىدىم. بۇ نۇقتىنى ئېسىڭىزدە تۇتۇڭكى، خادىملارنىڭ چېچى ئاساسەن دېگۈدەك ئىنتايىن قويۇق ھەم توم بولۇپ، پولات سىمغا ئوخشىشىپ، تېرىسى ئىنتايىن يىرىك، بەدىنى ساغلام ھەم بەستلىك ئىدى. سىز بەلكىم قىياس قىلىپ بولغانسىز، ئادەتتە قورۇلۇش ئۇستىلىرى، ئاشپەز، شوپۇر، پوچتىكەش، ياغاچچى ۋە كېمىسازلىق زاۋۇتىدا ئىشلەيدىغانلارنىڭ ھەممىسى شۇنداق، ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، ھەرقانداق ئەھۋالدا ھېسابات قىلىدىغان خادىملار، تېز خاتىرىلىگۈچىلەر، تېلېفون، تېلېگراممىا خادىملىرى بىلەن ھەرقايسى بۆلۈم مۇدىرلىرى قاتارلىقلار مۇ شۇنداق.

بەدەن تۈزۈلۈشى بەستلىك ئەرلەر ياكى ئاياللارنى ناھايىتى ئاسان پەرقلەندۈرگىلى بولىدۇ. ئۇلار چوقۇم: ① چېچى يىرىك، تۈكلۈك؛ ② بەدىنى قوپال، قاۋۇل؛ ③ تېرە تۈك تۆشۈكچىلىرى چوڭ؛ ④ پۇت ـ قوللىرى چوڭ؛ ⑤ ئاۋازى بوش ھەم بوم؛ ⑥ بەدىنى ئىنتايىن بەستلىك كېلىدۇ. بەدەن تۈزۈلۈشى قوپال ئادەمنىڭ خاراكتېرىمۇ قوپال بولىدۇ، ئۇلار قارام، چاققان، بەستلىك، كۈچلۈك.

يۇقىرىدىكىلەرنى خاتا چۈشىنىپ قالماڭ. بەدەن تۈزۈلۈشى بەستلىك ئادەملەرمۇ ناھايىتى ئەقىللىك، خەيرخاھ، خىيالپەرەس كېلىدۇ. ئەمما ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يۇرەكلىك، چاققان، سەممىمىي ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ تۇرىدۇ. يېقىنقى زاماندىكى ھەيكەلتىراش رودىن قوپال بەدەنگە ئىگە، ئۇنىڭ داڭلىق ئەسىرى «مۇتەپەككۇر» دەل ئۇنىڭ قامەتلىك، كۈچلۈك ئىكەنلىكىنىڭ ھەققىي نامايەندىسى. ئامېرىكىلىق يازغۇچى جېك لوندوننىڭ بەدىنى قوپال تېپقا كىرىدۇ، ئۇ قامەتلىك، تۈز كۆڭۈل تەۋەككۇلچى، ئۆز ئەسىرىدە سۆزلىگىنىمۇ ئۇنىڭ خەتەرلىك دالا تۇرمۇشى

سەرگۈزەشتىلىرى ئىدى. ئۇ يازغان ئىتنىڭ ھېكايىسى، قۇملۇقتىكى تۇرمۇش. بىر قېتىم جەنۇبىي دېڭىز ئارىلىغا بېرىپ ئۇ ئۇزۇن يىللار ئىلگىرى تۇرغان كەپە ئۆينى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم، ئىپتىدائىي دەۋرلەردىكى مۇھىت مەندە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. بۇ خىل ئەھۋال ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە تولۇق ئەكس ئەتكەنىدى. يەنە كېلىپ ئامېرىكىلىق پەيلاسوپ، رۇسىيەلىك داڭلىق ئەدىب تولىستوي قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى بەدەن تۇزۇلۇشى قوپال كەلگەن مۇتەپەككۇرلار بىلەن يازغۇچىلارنىڭ تىپىك مىسالى. ۋاگنىنانىڭ تەسىرلىك جاز مۇزىكىلىرى مۇزاتىنىڭ مۇڭلۇق مۇزىكىلىرىغا تەڭ كېلەلمەيدۇ. ئامېرىكىدا سىياسىي ۋە ھەربىي ئىشلاردا قوپال ئادەملەر داڭ چىقارغان مەسىلەن، گېنېرال جامسۇن، نيۇيورك ئىشتات باشلىقى لاگېدىيە، پارتىيەنىڭ ئالدىنقى سېپىدىكى باشلامچىسى لوئىسلار بار. ئەپسىز بولمىسا ئۇلارنىڭ قوپال، بەستلىك بەدىنىگە دىققەت قىلىپ بېقىڭ، كەينىدىن ئۇلارنىڭ ئېلان قىلغان كۈچلۈك قاراشلىرىنى ئاڭلاپ بېقىڭ.

بەدەن تۇزۇلۇشى قوپال ئادەملەرمۇ ئەقىللىك، ئۇلار خەيرخاھ ۋە خىيالپەرەس كېلىدۇ. ئۆزلىرىنىڭ يۇرەكلىك، چاققان، سەممىي ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ تۇرىدۇ، يېقىنقى زاماندىكى ھەيكەلتىراش رودىنىڭ بەدىنى قوپال، ئۇنىڭ داڭلىق ئەسىرى «مۇتەپەككۇر» دەل ئۇنىڭ قامەتلىك، كۈچلۈكلۈكىنىڭ ھەقىقىي نامايەندىسى.

مەن ئىلگىرى كېمە ياساش زاۋۇتىنىڭ ئىشچىسى، كۆمۈر كان ئىشچىسى ۋە نېفىت ئىشچىسىنى تەھلىل قىلغان، مەن ئىلگىرى تاغلىق ئورماندا كېزىپ ئۆتكەن دېڭىزچىلارنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ باققان، ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بەستلىك، ھەيۋەتلىك، چېچى يىرىك، تېرىسى قېلىن، تېرە تۆشۈكچىلىرى چوڭ، ئاۋازى بوم، پۇت ـ قوللىرى چوڭ، بەدىنى قامەتلىك كېلىدىكەن. ئۇلار جاپالىق مۇھىتتا قوپال ياشاشقا ئادەتلەنگەن. ئۇلار مۇشۇنداق

جاپا ـ مۇشەققەتلىك تۇرمۇشتىمۇ بەخىرامان يۇرەلەيدۇ، ئۇلار نەزىرىنى سەممىيلىك بىلەن ئەركىنلىكنى قوغلىشىش، ئىقتىسادىي مۇستەقىللىقنى ياخشىلاشقا قارىتىدۇ.

غەربىي قىسىمدىكى مەلۇم شەھەردە ئېغىر لىق كۆتۈرۈش ماشىنىسى ياساش ۋە سېتىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر دوستۇم بار ئىدى. ئۇ ئالتە نەپەر مال ساتقۇچىنى ياللىۋالغان، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن زىيالىيلار ئىدى. ئەمما بۇيۇملارنى سېتىش ئانچە ئوڭاي ئەمەس ئىدى. باش دىرېكتور دادىسىنىڭ كونا زاۋۇتىغا ۋارىسلىق قىلغان، تەكلىپ بىلەن ئىشلەتكەن مال ساتقۇچىلىرىمۇ ھەممىسى دېگۇدەك ئۇنىڭ ئالىي مەكتەپ قۇرۇلۇش فاكۇلتېتىدىكى ساۋاقداشلىرى ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مەندىن ئەسۋاب ـ ئۈسكۈنىلەرنىڭ سېتىلىش يوللىرىنى ياخشىلاش توغرىسىدا قانداق تەڭشەش ئېلىپ بېرىش كېرەكلىكىنى سورىدى. ئۇنىڭ بىرقانچە مال ساتقۇچىلىرىمۇ كالللىسى ئۆتكۈر، ئۈمىدۋار ياشلار بولۇپ، ناھايىتى تېزلا زاۋۇتتىكى قۇرۇلۇش بىلەن تېخنىكا ئىشلىرىغا ناھايىتى ئۇستا بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇلارمۇ ئالاقىگە ماھىر، تەنتەربىيە خەۋەرلىرى ئۇستىدە قىزغىن سۆزلىشىدىكەن. مەن بۇ بىرقانچە لاياقەتسىز مال ساتقۇچىنى كۆرگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى خىزمەتتىن قالدۇرۇشنى قارار قىلدىم.

ئىككىنچى كۈنى، ئاممىۋى ئاپتوبۇستا ئولتۇرۇپ، تۇيۇقسىز ئاپتوموبىل شوپۇرىغا كۆزۈم چۈشتى. مەن ئۇنىڭ ئىسمىنى سورىدىم، ئۇ: «سىتىفىن كەيلى» دەپ جاۋاب بەردى. «نەچچە ياشقا كىردىڭىز؟» «26 ياش»، «كىرىمىڭىز ياخشىدۇ؟» «ياخشى ئەمەس، بىر ھەپتىدە 16 يۈەن قېپقالسا يامان ئەمەس ھېسابلىنىدۇ»، «سىز نەچچە يىل ئوقۇغان؟»، «كۆپ ئوقۇمىغان، خەت يازالايمەن، كىتاب ئوقۇيالايمەن، بىراق مەكتەپتە تولۇق ئوقۇپ باقمىغان»، «سىز مال سېتىش خىزمىتىنى قىلىشنى خالامسىز؟»، «بىلمەيمەن، قىلىپ باقمىغان، كۆپ پۇل تاپالىسام بولاتتى!»، «ناھايىتى ياخشى بولىدى،

بۇ مېنىڭ ئىسمىم كارتوچكام، ئادرېسىم بار، ئەتە چۈشتىن بۇرۇن 10 يېرىمدا، مېنىڭ ئىشخانامغا كېلىڭ، مەن سىزگە سىناپ بېقىش پۇرسىتى بېرەي» دېدىم.

كېيىن، ستېفېن كەيلى بىر كەمبەغەل شوپۇردىن ئامېرىكا تۆمۈريول سايمانلىرى ساھەسىدىكى ئەڭ قابىل مال ساتقۇچىغا ئايلاندى. ئۇ تاماكا چېكىشكە ئامراق، ئۇدۇل كەلگەن يەرگە تۈكۈرىدۇ. پۈتۈنلەي يەرلىك شېۋىدە سۆزلەيدۇ. ئەدەپلىك سۆزلەشنى بىلمەيدۇ. بىراق ئۇ قۇرۇق قولغا تايىنىپ ئىنگلىك ياراتقان ئىرېلاندىيەلىك قوپال مال ئالغۇچىلار بىلەن ئالاقە قىلىشقا ئامراق ھەمدە سانسىز ئېغىرلىق كۆتۈرۈش ماشىنىلىرىنى ساتقان!

تېرىسى يىرىك كەلگەن ئەر - ئاياللار ئۆزىنىڭ تەق - تۇرقى، كىيىنىشى، تىرناق ياكى سىرتقى قىياپىتىگە ئانچە ئېتىبار بېرىپ كەتمەيدۇ، ئۇلارنىڭ ئاۋازى يۇقىرى، جاراڭلىق بولۇپ، ئۇلار ئىچ - ئىچىدىن قاقاقلاپ كۈلەلەيدۇ. ئۇلارنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشقا تۇتقان پوزىتسىيەسى ناھايىتى قوپال، سىپايە ئەمەس، ئۇلار دائىم تۈز سۆزلەيدۇ، يوشۇرمايدۇ، ئۇلار ئالاقە قىلىدىغان ئادەملەرمۇ كۆپىنچە بەستلىك، ئۇرۇش - تالاشنى كۆرۈشكە، قورقۇنچلۇق ئات ئويۇنى كۆرۈشكە ئامراق، چاكىنا يۇمۇرلارنى ياخشى سۆزلەيدۇ.

يېقىندا، ئۇ ئىلگىرى ئىشلەتكەن مال سېتىشنىڭ ئەپچىل چارىلىرىدىن بىرىنى سۆزلەپ بەردى. نيۇيوركنىڭ لۇسمى بازىرىدىكى مەلۇم زاۋۇتنىڭ تۆمۈريولنىڭ ئايلىنىدىغان رېلىس بۆلىكى تويۇقسىز بۇزۇلۇپ قالدى، ستېفېن دەل شۇ جايدا ئىدى. ئۇ يۈك ماشىنىسىدىن ساتىدىغان ئېغىرلىق كۆتۈرۈش ماشىنىسىنى چۈشۈردى ھەمدە چاپىنىنى سېلىۋېتىپ، ئالىقىنىغا بىرنى تۈكۈرۈپ، ئېغىرلىق كۆتۈرۈش ماشىنىسىنى رېلىس ئايلانمىسىنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە قويۇپ، ئاغزىدا توختىماي كۈچىگەن ئاۋازلارنى چىقىرىپ، ئەپچىللىك بىلەن ئېغىرلىق كۆتۈرۈش ماشىنىسىنى

ئىشلىتىپ زاۋۇت ئىگىسى بىلەن باش مۇدىرغا كۆرسەتتى.

«ھا... ھا، بۇرادەرلەر، بۇ ئېغىرلىق كۆتۈرۈش ماشىنىسى ھەقىقەتەن ياخشى، ئۇسكۇننى ناھايىتى ئاسانلا رىلىس ئۈستىگە ئەكىلەلەيدۇ، سىلەرگە سىناپ بېرەي» دېدى.

ئۇ مۇشۇنداق مەمنۇن بولغان ھالدا ئويۇن كۆرسىتىپ، كۆڭلىكىمۇ ئىلىنىپ يىرتىلىپ كەتتى، ئەمما ئۇ 4000 يۈەنلىك ماشىنا ساتتى. يېقىندا مەن سىتېفىن كەيلىننى كۆرگەن چېغىمدا، ئۇنىڭ كىرىمى ئاللىقاچان ئاپتوموبىل شوپۇرى بولغان چاغدىكىدىن 10 ھەسسىگە يەتكەندى.

سىز مالىلارنى بەدەن تۇزۇلۇشى قوپال ئادەمگە سېتىشنى ئويلىغىنىڭىزدا، مەدەنىي يۇرۇش ـ تۇرۇشنى ئۇنتۇپ كېتىڭ. ئۇنىڭ بىلەن كۈچ، مىقدار، بەرداشلىق بېرىش كۈچى ھەققىدە پاراڭلىشىڭ، بۇنداق ئادەملەر بىلەن مۇئامىلە قىلغاندا بەك نازۇك بولۇپ كەتمەڭ، تەكەللۇپ ياكى تەدبىرلەرنى ئىشلەتمەڭ، نەق گەپنى قىلىڭ.

لېكىن، يۇزەكى ھالدا قوپال ئادەملەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك تېخنىكا ئۆگەنمەيدۇ ياكى سەمىمىيلىكى كەمچىل، ئاز ئويلىنىدۇ دەپ قارىسىڭىز بولمايدۇ. نۇرغۇن قوپال ئادەملەر تاشقى قىياپىتى سىپايە ئادەملەرگە قارىغاندا تېخىمۇ ئەقىللىك، تېخىمۇ سەمىمىي، تېخىمۇ تەربىيە كۆرگەن. ئۇلار قۇرۇق تېرە تاراقشىتىدىغانلارغا تاقابىل تۇرالمايدىغانلاردىن ئەمەس. ئۇلار دوستلىرىغا ئانچە يۇز ـ خاتىر قىلىپ كەتمەيدۇ. ئۇلار قىزىق ئويۇنلارنى كۆرۈپ ۋە ئادەمنى روھلاندۇرىدىغان مۇزىكىلارنى ئاڭلاشقا ئامراق، ھەرگىزمۇ چوڭقۇر ئۇھ تارتقۇزىدىغان تىراگېدىيە ۋە سىمفونىيەگە كۆنمەيدۇ.

سىز تۇغما بەستلىك ئادەممۇ؟ ئۇنداقتا، مەن سىزگە ئەڭ ماس كېلىدىغان بىرقانچە خىزمەتنى تەۋسىيە قىلاي. سىز ئۆزىڭىزنى ناھايىتى ئوڭاي، كۈچ، ھەرىكەت ۋە سەۋرچانلىقنى تەلەپ قىلىدىغان خىزمەتلەرگە ماسلاشتۇرالايسىز.

سىزدە جاپاغا چىدايدىغان ۋە جاپالىق مۇھىتتا خىزمەت قىلالايدىغان ئىقتىدار بار. سىز قوپال بۇيۇملار، غايەت زور سايمانلار ۋە ئېغىر ئەسۋابلار بىلەن مەشغۇلات ئېلىپ بېرىشتىن قورقمايسىز. سىز چوقۇم سىلىق ئىشلارنى قىلىشتىن ساقلىنىڭ. ناۋادا بەستلىك ئادەملەرنىڭ ماشىنىسازلىق قۇرۇلۇش ئىقتىدارى بولسا، ئۇلار قۇرۇلۇش لايىھەلەش، تۆمۈريول، سۇ ترانسپورتى، كۆۋرۈك، پورت ۋە زاۋۇتلارنى لايىھەلەشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇلار پولات - تۆمۈر مەھسۇلاتلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش، ياغاچ، ئېغىر ئۇسكۇنىلەر، ماشىنا، پاراخوت، كان، تۆمۈريول قاتارلىقلارنى سېتىش، ياساش ياكى بىر تەرەپ قىلىشنى خالايدۇ.

ئۇلار كاللا ئىشلىتىدىغان خىزمەتلەرنى قىلىشتا چوقۇم بۇ تۈردىكى مەھسۇلاتلارنى ياسايدىغان زاۋۇتنىڭ ئىش بېجىرىش ئورۇنلىرىنى ئىزدەيدۇ. كىتاب تۈزۈش ياكى گېزىت تەھرىرلەش جەھەتتىكى كىتابلارنى ئوقۇيدۇ. ئۇلار مۇۋاپىق تۈردە ناخشا تېكىستى يازىدۇ ياكى مودا ناخشىلارنى ئېيتىدۇ. يېڭى زامان ئوپېرالىرىدا رول ئالىدۇ، تۇغۇلۇشىدىنلا بەستلىك بولغان بۇنداق ئادەملەر ئەگەر سەنئەتكار بولسا، ئۇنداقتا ئۇلارنىڭ ئەدەبىيات، مۇزىكا ئەسەرلىرىمۇ چوقۇم ئۆتكۈر ھەم كۈچلۈك بولىدۇ.

**سىز ماللارنى بەدەن قۇرۇلۇشى قوپال ئادەمگە سېتىشنى ئويلىغىنىڭىزدا، مەدەنىي يۈرۈش - تۇرۇشنى ئۇنتۇپ كېتىڭ. ئۇنىڭ بىلەن كۈچ، مىقدار ۋە بەرداشلىق بېرىش كۈچى ھەققىدە پاراڭلىشىڭ. بۇنداق ئادەملەر بىلەن مۇئامىلە قىلغاندا بەك نازۇك بولۇپ كەتمەڭ، نەق گەپنى قىلىڭ.**

بۇ خىل ئادەم كۆپىنچە سىياسەت ۋە باشقا تەرەپلەردە ئاممىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشكەن داھىي بولىدۇ. نيۇيورك ئىشتات باشلىقى لاكفويا دەل مۇشتىنى چىڭ تۈگۈپ، باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىدىغان تاشقى قىياپىتى بەستلىك بولغان سىياسەتۋازلار ۋەكىلى

بولالايدۇ. ئەمەلىيەتتە مەن ئىلگىرى تەھلىل قىلغان كەسكىن ئادەملەرنىڭ ھەرقاندىقى مۇشۇنداق. لېنىن تېخىمۇ ئاددىي ئامىنىڭ داھىيسى بولۇشقا ئەڭ مۇناسىپ ئادەم. ئۇنىڭ پاكار، بەستلىك بەدىنى، يىرىك چېچى بىلەن قوپال چىرايى دەل غەيرەتلىك، پائالىيەتچان خاراكتېرگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئۇمۇ ئاخىرقى ھېسابتا بارلىق رۇسىيە خەلقىنىڭ قىزغىن قوللىشىغا ئېرىشتى، ھەرقايسى جايلاردىن كەلگەن دېھقانلار لېنىننى بىرىنچى قېتىم كۆرگىنىدە ناھايىتى ھەيران قالارلىق بىلەن: «ۋاھ، بىزگە نېمىدېگەن ئوخشىغان!» دېگەن.

كىنو مەستانىلىرى دەرھال جورجى، پېكېلوف، مارى تىرىسا، ماكلون، كالوف، گەندىس بىل قاتارلىق ئەڭ داڭلىق، چاققان، بەستلىك ئارتىسلارنى ئەسكە ئالىدۇ. يەنە گەندىس بىلنىڭ «ئەركىنلىك ياشىسۇن» دېگەن چوڭ ھەجىملىك فىلىمىدىكى چەبدەس قىياپىتى ئېسىڭىزدىمۇ؟

ئېسىڭىزدە بولسۇن، بىر پويىز شوپۇرىغا گۈل تىكىدىغان خىزمەتنى قىلدۇرسىڭىز ياكى بىر شائىرنى كۆمۈر قازدۇرسىڭىز بۇلارنىڭ ھەممىسى تىراگېدىيە، خالاس. چۈنكى ئۇلار خاتا ئىشلىتىلگەن! ئۇلار چوقۇم ئىشلىرى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولىدىغان توغرا يولنى ئىزدەپ تېپىشى كېرەك.

مۇنداق بىر كىچىك ئىش بار — بەدەن تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكى بىلەن بىۋاستە ئالاقىدار بولغان خاراكتېرنى چۈشىنىش دەرسى. لېكىن دەپ كەلسەك، بۇ ئىش بىلەن قىلچىلىك مۇناسىۋىتى يوقتەك. بىراق كەڭ دائىرىدىن ئېيتقاندا، بۇ يەنە ئادەمنى روھلاندۇرىدىغان مۇھەببەت ھېكايىسى. تۆۋەندە بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىدىغان ياش سەنئەتكارنىڭ ئىشخانامغا كېلىپ مەن بىلەن سۆزلەشكەن چاغدىكى ئۇزۇندىلىرىنى بېرىمەن.

«بالكىم ئەپەندىم، — دېدى ئۇ ئېغىز ئېچىپ، — مېنىڭ بىر رەسسام ئىكەنلىكىمنى بىلىسىز. مەن بۇ يىل 26 ياش بولۇپ،

ناھايىتى چىرايلىق بىر قىز بىلەن توي قىلدىم. مەن ھەرگىزمۇ ئۆزۈمنى داڭلىق رەسسام، دەپ ئويلىمايمەن، چۈنكى مېنىڭ تىجارەت يولۇم ياخشى ئەمەس. بىز پەقەت بىر ئېغىزلىق ئۆيدە تۇرىمىز، بەزىدە تويغۇدەك تاماقمۇ يېيەلمەيمىز. ئەمما ئايالىم قىلچىمۇ ئاغرىنىپ باققىنى يوق». ئۇ ئازراق پۇل تېجەپ، خانىمىغا بىر تۇغۇلغان كۈن سوۋغىسى ئېلىپ بېرىشنى ئويلاپتۇ. ئۇنىڭغا پەقەت 10 كوي بولسىلا بولىدىكەن، لېكىن ئۇ بۇ مەسىلىنى ھەل قىلالمايدۇ.

بىر پويىز شوپۇرىنى گۈل تىكىدىغان خىزمەتنى قىلدۇرسىڭىز ياكى بىر شائىرنى كۆمۈر قازدۇرسىڭىز، بۇلارنىڭ ھەممىسى تىراگېدىيە، چۈنكى ئۇلار خاتا ئىشلىتىلگەن! ئۇلار چوقۇم ئىشلىرى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولىدىغان توغرا يولنى ئىزدەپ تېپىشى كېرەك.

ئۇ: «كەيسىلىن غەلىتە ئايال، ئۇ بەك باياشات بولمىسىمۇ، يەنىلا گۈزەل نەرسىلەرگە قىزىقىدۇ. ئۇ سىنناباد (سىماب سۇلفىد رودىسى) رەڭلىك گۈل تەشتىكىنى بەك قەدىرلەيدۇ، ئۆتكەن يىلى قىشتا، كۆمۈر سېتىۋېلىش ئۈچۈن تەييارلاپ قويۇلغان پۇلغا بۇ گۈل تەشتىكىنى سېتىۋالدى، شۇڭا ئىككىمىز ئۆيدە ھەپتىگىچە توڭلاپ ئۆتتۇق. مەسىلە مانا مۇشۇ يەردە. كەيسىلىن ئۆتكەن ھەپتە بازارغا چىققاندا مەلۇم ماگىزىننىڭ دېرىزىسى ئىچىدىكى يىپەك ئىچ كىيىمنى كۆرۈپ بەك ياقتۇرۇپ قاپتۇ، ماڭا نەچچە قېتىم دەپ بولدى. مەن ھېلىقى يۈرۈشلۈك ئىچ كىيىمنىڭ ئۇنى چوقۇم خۇشال قىلىدىغانلىقىنى بىلىمەن. ئۇ راستىنلا ئاياغ، پايپاق ۋە ئىچ كىيىمگە بەكمۇ ئېھتىياجلىق ئىدى. بالكىم ئەپەندىم، مەن سىزگە ھەم بىلىمىڭىزگە قايىل. سىزنىڭ ماڭا تەكلىپ بېرەلىشىڭىزنى تىلەيمەن، مەنمۇ ئەڭ پەزىلەتلىك ئايالىمغا ئۇ ئىنتايىن خۇشال بولىدىغان تۇغۇلغان كۈن سوۋغىسىنى بېرىشنى خالايمەن.»

ئۇ بىر ئادەتتىكى مەشىق قەغىزىگە سىزىلغان ئايالنىڭ ئىككى پارچە تېز سىزما رەسىمىنى ماڭا كۆرسەتتى. بايقىشىمچە، ئۇ ھەقىقەتەن سەھنىگە چىقىپ بالېت ئوينىسا، شۇنداقلا بەدەن قۇرۇلۇشى زىلۋا بولغان ئوبراز ۋەكىلى بولسا مۇۋاپىق بولىدىكەن.

ھازىرچە مەن بۇ ياشنىڭ مەسىلىسىگە جاۋاب بەرمەيمەن. مۇشۇ بابنىڭ ئاخىرىدا ئاندىن كۆپچىلىككە دەپ بېرىمەن. شۇنىڭدەك ئوقۇرمەنلەرگە بۇ مەسىلىگە قارىتا ئۆزى كۆزىتىش ۋە تەھلىل قىلىش تەكلىپىنى بېرىمەن. بەلكىم مەن بۇ بابنى سۆزلەپ تۈگىتىشتىن ئىلگىرى، سىلەر بۇ خىل تىپتىكى ئادەمنىڭ خاراكتېر مەسىلىسىدىكى توغرا جاۋابنى تاپالىشىڭلار مۇمكىن.

ھازىر، ئالدى بىلەن كەيسىلىنىنىڭ زادى قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا نازۇك بەدەنلىك كىشىلەرنى تەھلىل قىلىپ كۆرەيلى.



يۇقىرىدا مەن بەدىنى قوپال ئا-دەملەرنىڭ ھەر خىل ئالاھىدىلىكلى-رىنى سۆزلەپ بولدۇم ھەم چۈشەندۈ-رۈپ ئۆتتۈم. مەقسىتىم، كىشىلەر-نىڭ پەۋقۇلئاددە قابىلىيەتلىرىنى بايقاش، ئۇلارنى ئەڭ مۇۋاپىق كېلە-دىغان خىزمەتلەرنى قىلىشقا ئۈند-دەش، بۇ ناھايىتى مۇھىم بىر نۇق-تىدۇر. بىراق، بۇنىڭدىنمۇ مۇ-ھىمراق بىر نۇقتا بار. بەدەن تۈزۈ-لۈشىدىن ئادەملەرنىڭ ئىجابىي ۋە سەلبىي پىكىرلىرىنى ياكى ئىنكاسىنىڭ پۈتۈن دائىرىسىنى ناھا-يىتى ئاسانلا كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، بەدەن تۈزۈلۈشى سىزگە سىز ھەم سىز ئۇچراتقان ئادەملەرنىڭ نۇرغۇن ئىشلىرىنى ئېيتىپ بېرەلەيدۇ.

بەدەن تۈزۈلۈشىدىن ناھايىتى ئاسانلا ئادەمنىڭ ئەجابىي ۋە سەلبىي پىكىرلىرىنى ياكى ئىنكاسىنىڭ پۇتكۇل دائىرىسىنى ناھايىتى ئاسانلا كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، بەدەن تۈزۈلۈشى سىزگە ھەم سىز ئۇچراتقان ئادەملەرنىڭ نۇرغۇن ئىشلىرىنى ئېيتىپ بېرەلەيدۇ.

نازۇك بەدەنلىك ئادەملەرنى ناھايىتى ئاسان تونۇۋالغىلى بولىدۇ: تۆۋەندىكىسى ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىدۇر: ① چېچى قىلدەك ئىنچىكە؛ ② ئومۇمىي كۆرۈنۈشى سىلىق ـ سىپايە؛ ③ بۇرنى قاڭشارلىق، ئىنچىكە؛ ④ يۈزىنىڭ تەر تۆشۈكچىلىرى كىچىك؛ ⑤ ئاۋازى يېقىملىق؛ ⑥ يورۇش ـ تۇرۇشى مۇلايىم؛ ⑦ كىيىنىشى رەتلىك؛ ⑧ پۇت ـ قوللىرى كىچىك، يۇمشاق، بارماقلىرى ئىنچىكە ھەم ئۇزۇن.

بوۋاقلارنىڭ بەدەن تۈزۈلۈشى ئەڭ نازۇك، ئەڭ يۇمران، دىققەت بىلەن نەزەر سېلىپ بېقىڭ، شۇندىلا ئۇنىڭ چېچىنىڭ نەقەدەر يۇمشاق، ئىنچىكە، يۈز تېرىسىنىڭ نەقەدەر يۇمران، كوكۇسگۇلىگە ئوخشاش نازۇك ئىكەنلىكىنى بايقايسىز. كىچىك قۇلىقى، سىزىپ قويغاندەك كىچىك بۇرنى، كىچىككىنە پۇت ـ قوللىرىنىڭ ئىنتايىن نازۇكلۇقىنى كۆرەلەيسىز. قۇرامىغا يەتكەنلەرنىڭ بەدەن تۈزۈلۈشى قانچىكى بوۋاقنىڭكىگە يېقىنلاشسا، ئۇ شۇنچە يۇمشاق، نازۇك ھېسابلىنىدۇ.

ماھىيەتتە نازۇك ئادەملەرنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكى گۈزەل. ئۇلار پەقەت نەپىس، گۈزەل، غايىۋى نەرسىلەرگە قىزىقىدۇ. ئۇلارنىڭ كىرىمى گەرچە پەقەت ئىچىدىغان پىۋىسىغا يەتسىمۇ، لېكىن ئۇلار ھەقىقەتەن شامپان ئىچىشكە مۇۋاپىق. ئۇلارنىڭ جاپالىق مۇھىتتا يېرىك خىزمەت قىلىشلىرى ئىنتايىن تەسكە توختايدۇ. ئۇلار ئىنتايىن ئازابلىنىدۇ. سىز خىش زاۋۇتى، دېھقانچىلىق مەيدانى، كانچىلىق، تۆمۈريول، باقمىچىلىق مەيدانى، پولات تاۋلاش مەيدانىدا ئۇلارنى تاپالمايسىز. چۈنكى لەيلىگۈل كۆمۈر دۆۋىسى ئارىسىدا ئۆسمەيدۇ.

نازۇك بەدەنلىك ئادەملەرنىڭ گۈزەل ئارزۇلىرى بولىدۇ. ئۇلار سۆيۈشكە ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئۇلار 500 كويغا بىر خورۇم ئاياغ ئېلىشقا رازىكى، تۆت جۈپ ئاياغنى 200 كويغا ئالمايدۇ. ئەگەر سىز ئەقىللىك مال ساتقۇچى بولسىڭىز، ئادەملەرنىڭ ئىچكى خاراكتېرىنى بىلەلەيسىز، بۇ تۈردىكى خېرىدارلارنى ئۇچراتقىنىڭىزدا چوقۇم: «شۇنداق، خانىم، بۇ چوڭ چاپاننىڭ باھاسى گەرچە ئازراق قىممەت بولسىمۇ، ئەمما رەختى بەك ئېسىل، سىز چوقۇم ياقتۇرىسىز.» مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىقمۇ ئىنسانلارنىڭ تەبىئىتىنى چۈشەنگىلى، خاراكتېرىنى تەھلىل قىلىش بىلىملىرىدىن پايدىلىنىپ، نۇرغۇن پايدىغا ئېرىشكىلى بولىدۇ. ھەرگىزمۇ بەدەن قۇرۇلۇشى نازۇك ئەر ياكى ئايالغا ساتىدىغان مالنىڭ ئەرزانلىقىنى ئېيتىشقا بولمايدۇ، چۈنكى ئۇلار ئەرزان نەرسىنى ياقتۇرمايدۇ.

بۇ يەردە يەنە بىر مۇھىم تەرەپ بار. ناۋادا سىزنىڭ قىز دوستىڭىزنىڭ ئۇزۇن بۇرنى، بەدىنى ئەۋرىشىم، پۇت - قوللىرى كىچىك، چېچى قىلدەك ئىنچىكە، گەپلىرى مۇلايىم، تېرىسى يۇمران بولسا، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، يولدىشىڭىز نازۇك بەدەنلىك بولسا، يۇقىرى ئاۋازدا پاراڭلىشىشنىڭ ئالدىنى ئېلىڭ، قوپال پوزىتسىيە ۋە قوپال يۇرۇش - تۇرۇشلاردىن، سەھراچە كىيىنىشتىن ئېھتىيات قىلىڭ ھەمدە ئاددىي ئۇسلۇبتىكى تىياتىرلارنى كۆرۈشكە دەۋەت قىلماڭ.

بەدىنى زىلۋا كەلگەن ئادەملەر نەپىس، گۈزەل، غايىۋى نەرسىلەرگە قىزىقىدۇ. ئۇلارنىڭ كىرىمى گەرچە پەقەت ئىچىدىغان پىۋىسىغا يەتسىمۇ، لېكىن ئۇلار ھەقىقەتەن شامپان ئىچىشكە مۇۋاپىق. ئۇلارنىڭ جاپالىق مۇھىتتا يېرىك خىزمەت قىلىشلىرى ئىنتايىن تەسكە توختايدۇ. ئۇلار ئىنتايىن ئازابلىنىدۇ. سىز خىش زاۋۇتى، دېھقانچىلىق مەيدانى، كانچىلىق، تۆمۈريول، باقمىچىلىق مەيدانى، پولات تاۋلاش مەيدانىدا ئۇلارنى تاپالمايسىز. چۈنكى لەيلىگۈل كۆمۈر دۆۋىسى ئارىسىدا ئۆسمەيدۇ.

چۈنكى، ئۇ مۇزىكا كېچىلىكلىرىگە قاتنىشىشقا ئادەتلەنگەن. سىز ئۇنى تاماققا تەكلىپ قىلغاندا، ئۇ ھەرگىز تاماقنىڭ خىللىرى ۋە مىقدارىنى ئېتىبارىغا ئېلىپ كەتمەيدۇ، بۇلارغا پەقەت قىزىقمايدۇ. ئۇ گۈزەل كەيپىياتقا، چىراغ نۇرىغا، لەرزان مۇزىكىغا، كۆزنى قاماشتۇرىدىغان بېزەكلەرگە، ئاپئاق داستىخان ۋە يېقىملىق سۆزلەرگە ئېھتىياجلىق. نازۇك ھەم سىپايە ئادەملەرنىڭ كۆپ ھاللاردا بىر جايغا يىغىلىپ ئولتۇرۇش قىلىدىغىنىنى، مۇزىكا كېچىلىكلىرىگە كۆپ بارىدىغانلىقىنى، ئوقۇغۇچىلار يىغىلىشلىرىغا بارمىسا بولمايدىغانلىقىنى، ئۇسسۇل ئويناش، ئولتۇرۇش ياكى تۈنجى قېتىم قويۇلغان ناخشا، ئوپېرا كېچىلىكلىرىدە ئۇلارنىڭ ئىنتايىن مەدەنىيەتلىك تاماشىبىن بولۇپ ئولتۇرغانلىقىنى، مۇئامىلىسى ياخشى، چىقىشقاق زاتلار ئارىسىدا يۈرگەنلىكىنى كۆرەلەيسىز. ئۇلارنىڭ ياقتۇرىدىغىنى دەل گۈزەل، مەدەنىيەتلىك مۇھىت.

سانائەت، ياساپ چىقىش ۋە سېتىشتا، تېرىسى يۇمران ئادەملەر يىپەك بۇيۇملار، تاۋار - دۇردۇن، گۈللۈك جىيەك، ئۈنچە - مەرۋايىت، نەپىس بۇيۇملار، سەنئەت بۇيۇملىرى، فوتو ئاپپاراتى، رادىيو، كۆڭۈل ئېچىش ئەسۋابلىرى، نەپىس سائەت بۇيۇملىرىنى بىر تەرەپ قىلىشقا قىزىقىدۇ. تېرىسى يۇمران ئەر - ئاياللار، ياش قىز - ئوغۇللارنىڭ ھەممىسى گۈزەل سەنئەت مۇزېيلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىش، داڭلىق كىشىلەرنىڭ نۇتقىنى ئاڭلاش، كىلاسسىك مۇزىكىلارنى ئورۇنلايدىغان مۇزىكا كېچىلىكلىرىگە بېرىشقا قىزىقىدۇ. بۇ تۈردىكى ئادەملەر ئىلىم ئۆگىنىش بىلەن ئاقسۆڭەك شەخسلەرگە بەكرەك يېقىنلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ تەپەككۇرى ئۆتكۈر، پۇ ئېتىشتىن خۇشال بولىدۇ، غايىپەرەسلىككە ئىنتىلىدۇ.

ھەقىقىي نازۇك چىراي ئادەملەر سەزگۈر، قىزىقچى، سۆزمەن، يۇرۇش - تۇرۇشى نازاكەتلىك كېلىدۇ. خۇددى تېرىسى يىرىك ئادەملەر قوپال، كۆڭلى تۇز ئادەملەر بىلەن ئوڭايلا چىقىشىپ

كەتكەندەك بىر ئىش. بۇ بەك ئوڭاي ئەمەسمۇ؟

جېن خېنىم يېقىندا قېشىمغا كېلىپ، ئۆز كەسپى توغرىسىدا كۆرسەتمە بېرىشىمنى ئۆتۈندى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، خىزمىتى كۆڭۈلدىكىدەك ئەمەسكەن. ئۇ كەسپى ئۈچۈن زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپتۇ. يىغقان پۇللىرى بىلەن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى تاماملاپ بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە زېھنى ۋە پۇلىنى بىكارغىلا ئىسراپ قىلىۋەتكەنلىكىنى ھېس قىلىپتۇ.

مەن تەھلىلدىن كېيىن ئۇنىڭغا، ئۇنىڭ كاتىپلىق خىزمىتىدە قابىلىيىتى بارلىقىنى ئېيتتىم. جېن خېنىم ئىنتايىن ھەيرانلىق بىلەن: «نېمىانداق توغرا كەلگەن، مەن ھازىر دەل مۇشۇ خىلدىكى ئىشنى قىلىۋاتىمەن. مەن ھازىر مەلۇم كىيىم ـ كېچەك زاۋۇتىنىڭ باش دىرېكتورىنىڭ كاتىپى» دېدى.

جاۋاب شۇكى، تېرىسى يۇمران، تەربىيە كۆرگەن بىر ياش قىز كىيىم ـ كېچەك زاۋۇتىنىڭ ئېگىز بىناسىغا جايلاشقان مەينەت ئىشخانىدا ئەقلىي ئىقتىدارى تۆۋەنرەك كىشىلەر بىلەن ئالاقە قىلىدۇ.

ناۋادا قىز دوستىڭىزنىڭ بۇرنى ئۇزۇن، بەدىنى ئەۋرىشىم، پۇت ـ قوللىرى كىچىك، چېچى قىلدەك ئىنچىكە، گەپلىرى مۇلايىم، تېرىسى يۇمران بولسا، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، يولدىشىڭىز نازۇك بەدەنلىك بولسا، يۇقىرى ئاۋازدا پاراڭلىشىشنىڭ ئالدىنى ئېلىڭ. قوپال مۇئامىلە قىلىش، سەھراچە كىيىنىشتىن ئېھتىيات قىلىڭ ھەمدە يۈرۈش ـ تۇرۇش، گەپ ـ سۆزگە دىققەت قىلىڭ.

بۇ ناھايىتى ئاسانلا ھەل بولىدىغان مەسىلە. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، جېن خېنىمنىڭ مائاشى ئۆسۈپلا قالماي، بۇرۇنقىدىنمۇ خۇشال يۈرىدىغان بولدى. جېن خېنىمنىڭ خىزمىتى گەرچە كاتىپلىق بولسىمۇ، بۇ خىزمىتى بىر چوڭ ئېلان شىركىتىنىڭ سىمسىز ئېلېكتىر بۆلۈمى مەسئۇلىنىڭ كاتىپلىق خىزمىتىگە

ياردىمى چوڭ. ئۇنىڭ ئىشخانىسى نيۇيورك شەھىرىدىكى سىمسىز ئېلېكتىر شەھەرچىسى روكوُللىي سارىيىنىڭ ئەڭ ئۈستۈنكى قەۋىتىدە، سىز ئويلاپ بېقىڭە، ئۇ خۇشالمۇ ـ ئەمەسمۇ؟

ئۆزىڭىزگە نەزەر سېلىپ بېقىڭ. باشقىلارنى كۆزىتىدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرۈڭ. ئىمېرسوننىڭ مۇنداق بىر سۆزى يادىمدا: «سىز خۇددى شىردەك ھۆركىرىگەن چېغىڭىزدا مەن سىزنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىڭىزنى ئاڭقىرالمىدىم.» كىنو كۆرگەن چېغىڭىزدا چىرايلىق ئەر ـ ئايال ئارتىسلارنىڭ ئۆز رولىنى قانداق ئېلىۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلىڭ. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ دېگۇدەك تېرىلىرى يۇمران، بەدىنى زىلۋا.

شۇ ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، دۇنيا خىلمۇخىل ئادەملەرگە موھتاج. يۇمران تېرە، نازۇك بەدەن كىشىلەر بىلەن قوپال كىشىلەرنىڭ ھەرقايسىسى كەم بولسا بولمايدۇ. يۇقىرىدىكى ئىككى تۈردىن بىرى كەم بولۇپ قالسا، بارلىق خىزمەتلەر توختاپ قالىدۇ، كىشىلەر ئاچ قالىدۇ. ناھايىتى ئېغىر ـ بېسىق قىلىق بىلەن A تىپتىكى ئادەمنىڭ B تىپتىكى ئادەمدىن ئۈستۈن تۇرۇشى ناتايىن. پەقەت ئۇلارنىڭ خاراكتېرى ئوخشاشمايدۇ، خالاس.

يەر شارائىتىنىڭ ئوخشاشماسلىقى تۈپەيلىدىن بەزى كىشىلەر ھەمىشە ئۆزىنى باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇتىدۇ. شەرق پەيلاسوپلىرى ئامېرىكىدىكى پۇتبولغا جېنىنى ئاتىۋەتكەن. يەر ئاستى پويىزدىكى ئالدىراش كىشىلەرنى ناھايىتى ئوچۇقلا «مانا بۇ ھەقىقىي سەۋدايى مىللەت» دەيدۇ. بىز شىجائىتى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان، جاسارەتلىك كىشىلەرنىڭ غەيرىتى بىلەن نازاكەتلىك سەنئەتكارلارنىڭ سەزگۈرلۈكىگە موھتاج. ئىنسانلار توپىدىكى ھەر خىل مىللەتلەرنى كىشىلىك ھاياتتىكى ئوخشاش بولمىغان تولۇقلىما زىننەت بۇيۇمى دەپ قارايمىز. بەزىلىرى يىپەك، بەزىلىرى يۇڭ، بەزىلىرى نازۇك، بەزىلىرى قوپال، بىراق بىر توپ ئادەم ئۆزئارا ياردەم قىلىدۇ ھەم ئىنسانلار توپىنى شەكىللەندۈرىدۇ.

ھەقىقىي نازۇك چىراي ئادەملەر سەزگۈر، قىزىقچى، سۆزمەن، يۇرۇش- تۇرۇشى نازاكەتلىك كېلىدۇ. خۇددى تېرىسى يېرىك ئادەملەر قوپال، كۆڭلى تۇز، ئادەملەر بىلەن ئوڭايلا چىقىشىپ كەتكەندەك بىر ئىش.

شۇڭا، مەن بايا تىلغا ئالغان ياش رەسسام ۋە ئۇنىڭ ئايالى ھەمدە ئاشۇ 10 يۈەن پۇل چوقۇم مۇھەببەت ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن بولۇشى كېرەك. ئايالى ئۈچۈن سېتىۋالماقچى بولغان ئۇخلاش كىيىمى، ئاياغ ياكى ئىچ كىيىم بولسۇن ھەممىسى ئايالىنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن زۆرۈر نەرسىلەردۇر. ئۇنىڭ تېنى ۋە روھى نازۇك تېپقا كىرىدۇ ھەمدە ئازراق زىننەت بۇيۇملىرى ئۇنىڭغا سىز بىلەن جاپا - مۇشەققەتتە بىللە بولۇش غەيرىتىنى ئاتا قىلىدۇ. سىزنىڭ بەدەن قۇرۇلمىڭىز — يىرىك چاچلار، يىرىك تېرە ۋە قوپال تەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى سىزنىڭ تۇرگۇن، شىجائەتلىك، قوپال، ئەركەك مىجەز، باراۋەرلىك ۋە مۇستەقىللىقنى ياقتۇرىدىغان خاراكتېرنى ئىپادىلەيدۇ. سىزنىڭ كەمچىلىكلىرىڭىز كۆپ ئەمەس ھەم بەكمۇ يامان تەسىرى يوق. سىز يۇرۇش - تۇرۇشتا ئۆزىڭىزگە ھېچقانداق چەك قويماي خۇشال يۈرىسىز. سىز كۆپرەك ئالاقە ئىقتىدارى، ئەقلىي ئىقتىدار، نازاكەت ۋە گۈزەللىككە موھتاج. سىز كۈچ، ئەقىل ۋە سەۋرچانلىقنى تەلەپ قىلىدىغان خىزمەتلەرنى قىلالايسىز. جاپاغا چىدىيالايسىز. سىز ئېغىر كۈچ كېتىدىغان نەرسە، سايمان ۋە قوراللارنى ئىشلىتىشكە ھەمدە جاپالىق مۇھىتقىمۇ ماسلىشالايسىز. سىز ناھايىتى ئىنچىكە، نەپىس خىزمەتلەرنى ئىشلەشكە ماس كەلمەيسىز.

بىز ھازىر تېرىسى يۇمران، نازۇك بەدەنلىك قىز - يىگىتلەر توغرىسىدا سۆزلەيمىز. يۇقىرىدا بايان قىلغان تەكلىپلىرىمىزنى قايتىلاپ، ئۇلارغا: «سىزنىڭ نازۇك بەدىنىڭىز — يىپەكتەك يۇمشاق چىچىڭىز، ئايدەك چىرايىڭىز، قاملاشقان بەدىنىڭىز قاتارلىق بەلگىلەر سىزنىڭ گۈزەللىكنى سۆيىدىغان، غايىلىك،

سەنئەتلەشكەن، ئاسان ھاياجانلىنىدىغان، نېرۋىڭىز نىڭ سەزگۈر ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ تۇرىدۇ» دەيمىز. سىز سۈپىتى ناھايىتى ياخشى ۋە گۈزەل نەرسىلەرنى ياقتۇرىسىز، سىزنىڭچە، گۈزەللىك — سىز تۇرۇۋاتقان مۇھىتنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى. سىز كۆپرەك پۇل خەجلىسىڭىزمۇ ئالىي دەرىجىلىك نەرسىلەرنى سېتىۋالىدىغان ئادەم. سىز قوپال، ئېغىر نەرسىلەردىن بىزار، نېرۋىڭىز ھەمىشە سەزگۈرلىشىپ كېتىدۇ. سىز گۈزەل، نەپىس ۋە ئىنچىكە ئىشلارنى قىلىشقا ياكى گۈزەللىككە، نەپىسلىككە ۋە ھېسسىياتقا تولغان ئىشلارنى قىلىشقا ماس كېلىسىز، ھەرگىزمۇ كۈچ سەرپ قىلىدىغان، جاپالىق، قوپال خىزمەتلەرنى قىلالمايسىز.

بىز ئازراق توختاپ، نىشانىمىزغا نەزەر سېلىپ باقايلى. مېنىڭ قىلىدىغان ئىشىم بولسا سىزگە ئۆزىڭىزنىڭ قانداق ئادەملىكىڭىزنى تونۇتۇپ، قانداق خىزمەتنىڭ سىزگە ئەڭ ماس كېلىدىغانلىقى ۋە خۇشاللىققا ئېرىشىدىغانلىقىڭىزنى بايقىشىڭىزغا ياردەم بېرىش. ئېسىڭىزدە چىڭ تۇتۇڭكى، ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆزىگە خاس ئورنى — ئۆزىگە تولۇق ھەم مەڭگۈ ماس كېلىدىغان خىزمىتى بولىدۇ. ھەربىر كىشىنىڭ جەمئىيەتتە ئۆزىگە تۇشلۇق ئورنى بولىدۇ، ئۆزئارا سىردىشالايدىغان دوستى، يەنى غايىسى ئوخشىشىپ كېتىدىغان ھەمراھى بولىدۇ. خۇشاللىق ھەربىر كىشى ھاياتىدا ئېرىشىدىغان ھوقۇق. شەخسنىڭ، جەمئىيەتنىڭ، كەسپىنىڭ تەڭشىلىشى خۇشاللىققا ئېرىشىشتىكى ئەڭ ياخشى چارە.

## مەزكۇر بابنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى

**يۇمران تېرە، نازۇك بەدەن**

تەن ئالاھىدىلىكى: يىپەكتەك يۇمشاق چاچ، ئىنچىكە بۇرۇن، چىراي قۇرۇلۇشى نازۇك، بەدىنى زىلۋا، ئاۋازى يېقىملىق، گەپ – سۆز، يۈرۈش – تۇرۇشى ئېھتىياتچان، قائىدىلىك، قول – پۇتى

ئۇزۇن، يۈز تېرىسىنىڭ تۈك تۆشۈكچىلىرى كىچىك.

خاراكتېر ئالاھىدىلىكى: گۈزەللىكنى سۆيىدۇ، غايىلىك، سۆيەتكە ئەھمىيەت بېرىدۇ، ئېستېتىك زوقىقا باي، سەزگۈر.

خاراكتېر ئاجىزلىقى: نېرۋىسى سەزگۈر، ئاسان زېرىكىدۇ، سەۋرچانلىقى كەمچىل، بەتخەج.

دۇنيا خىلمۇخىل كىشىلەرگە موھتاج، نازۇك بەدەن ۋە قوپال كىشىلەرنىڭ بىرىمۇ كەم بولسا بولمايدۇ، ئەگەر بۇ ئىككى تۈردىكىلەردىن قايسىسى كەم بولسا، ھەممە خىزمەتلەر توختاپ قالىدۇ، كىشىلەر ئاچ قالىدۇ، مەن ئېغىر ـ بېسىقلىق بىلەن شۇنداق دېيەلەيمەنكى، A تىپتىكى كىشىلەر B تىپتىكى كىشىلەردىن ئۈستۈن تۇرمايدۇ. پەقەت ئۇلارنىڭ خاراكتېرى ئوخشاشمايدۇ، خالاس.

ماس كېلىدىغان كەسىپلەر: نەپىس، ئېستېتىكىلىقىقا باي ماددىي خىزمەتلەر ياكى ئەلا سۆيەتلىك، گۈزەللىككە باي، خىزمەت كەيپىياتى ياخشى بولغان خىزمەتلەر.

**تېرىسى يىرىك، قوپال كىشىلەر**

بەدەن ئالاھىدىلىكى: چاچلىرى يىرىك، بەدەنلىرى يوغان، قوپال، ئاۋازى توم ھەم يۇقىرى، كىيىم ـ كېچەككە ئەھمىيەت بەرمەيدۇ، پۇت ـ قوللىرى قوپال.

خاراكتېر ئالاھىدىلىكى: تۈز، ئالاقىگە ماھىر، كۈچلۈك، روھلۇق.

خاراكتېر ئاجىزلىقى: ھوشيارلىقى ئاجىز، گەپ ـ سۆز، ھەرىكەتلىرى قوپال.

ماس كېلىدىغان كەسىپلەر: كۈچ سەرپ قىلىدىغان، ئۇزۇن ۋاقىت كېتىدىغان خىزمەتلەر، نەپىس، نازۇك خىزمەتلەرنى قىلىشتىن ساقلىنىش كېرەك.

قوشۇمچە ئەسكەرتىش: ھەربىر ئادەمنىڭ تېرىسى سىلىق بولمىسا قوپال بولىدۇ ياكى قوپالمۇ ئەمەس، سىلىقمۇ ئەمەس نورمال بولغانلار ماسلىششچان بولىدۇ. خاراكتېرىمۇ يۇقىرىدىكى ئىككى خىلدىكىلەرنىڭ ھالىتىنى ئورتاق مۇجەسسەملىگەن بولىدۇ. شۇڭا خاراكتېرىمۇ ماس ھالدا ئىجابىي ھەم سەلبىي بولىدۇ.

# ئون بىرىنچى باب

## مۇسكۇل، سۆڭەك ۋە خاراكتېر

مەن ھەر قېتىم بىر يېڭى دوست بىلەن تونۇشقان چېغىمدا، ئۇنىڭ بىلەن دەرھاللا قول ئېلىشىپ كۆرۈشىمەن، بۇ بىر ئادەتكە ئايلانغان تەكەللۇپ، بۇ مېنىڭ ئارزۇيۇم. چۈنكى بۇ تەن قۇرۇلۇش ئالاھىدىلىكىنىڭ بەشىنچى خىلىغا نىسبەتەن توغرا بولغان سىناق ئۇسۇلى. مەن مۇشۇ ئۇسۇل ئارقىلىق مۇسكۇللىرىڭىزنىڭ بوش ۋە چىڭلىقىنى، سۆڭەكلىرىڭىزنىڭ يۇمشاق ۋە قاتتىقلىقىنى ھېس قىلالايمەن. فىزىيولوگىيە ئىلمىدە، ھولمىس ئىلمىي تەھلىل قىلىشنى ئۆگەنگەن، بۇ ئىككى تەرەپ بىر - بىرىگە ئىنتايىن مۇناسىۋەتلىك.

سىزنىڭ مۇسكۇلىڭىز يۇمشاق ھەم سىلىقمۇ؟ سۆڭەكلىرىڭىز يۇمشاقمۇ؟ ئۇنداقتا سىزنىڭ خاراكتېرىڭىز مۇلايىم، رايىش، ئاسان ھاياجانلىنىدىغان تىپقا كىرىدۇ. ئازراق بېسىمغا ئۇچرىسىڭىزلا، رايىشلىشىپ كېتىسىز. چىدام ۋە تاقەت كەمچىل، سىزنىڭ ھامىي بولۇشىڭىز ناھايىتى تەس، سىز ئەسكى ئادەم ئەمەس، بىراق ئاجىز ھەم يارامسىز.

سىزنىڭ مۇسكۇلىڭىز يۇمشاق ھەم سىلىقمۇ؟ سۆڭەكلىرىڭىز يۇمشاقمۇ؟ ئۇنداقتا خوش، بۇرادەر، جاۋاب ناھايىتى ئېنىق بولدى. سىز مۇلايىم، ئىتائەتچان، ئاسان ھاياجانلىنىدىغان تىپقا كىرىسىز، ئازراق بېسىمغا ئۇچرىسىڭىزلا رايىشلىشىپ كېتىسىز. سىزدە سەۋرچانلىق ۋە ئىرادە كەمچىل. جىسمىڭىز ۋە روھىيىتىڭىزدە

ئاجىزلىق بار. سىزگە يۆلىنىشكە بولمايدۇ، گەرچە سىز يامان ئادەملەردىن بولمىسىڭىزمۇ، بىراق سىز ئىقتىدارسىز.

يۇمشاق قول، ئاسان ئېگىلىدىغان سۆڭەك، خېمىردەك گۆشلەرنىڭ ھەممىسى مۇلايىم خاراكتېرنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ خىلدىكى كىشىلەرگە جاپالىق خىزمەتلەرنى بېرىشكە بولمايدۇ، چۈنكى ئۇلار خىزمەتلەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ. ئۇلارنىڭ ۋايىشلىرىغا، قارشىلىقلىرىغا ئەندىشە قىلىش ھاجەتسىز. ئېغىر ئەھۋالدا خامۇشلىشىپ قالىدۇ.

ئىككىنچى خىلدىكىلەر بولسا مۇسكۇل ۋە سۆڭەكلىرى ئېلاستىكىلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە كىشىلەر. خۇشال بولۇشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، بۇنداق كىشىلەر كۆپ سانني ئىگىلەيدۇ.

ئۇلار مەسئۇلىيەتچان، قىزغىن، تېتىك كۆتۈرەڭگۈ كىشىلەردۇر. ئۇلارنىڭ بۇ خىل خاراكتېرى ئادەتتىكى نورمال كىشىلەرگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇنداق كىشىلەر ھاياجان، سەزگۈر، ئالغا ئىنتىلىشچان ھەم ماسلىشىشچان، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇلار نورمال كىشىلەردۇر.

**مۇسكۇل، سۆڭەكلىرى ئەۋرىشىمچانلىقتا ئىگە كىشىلەر:**

ئىجابىي تەرىپى — ئۈمىدۋار، ماسلىشىشچان، قىزغىن.

سەلبىي تەرىپى — ئۆزگىرىشچان، مەيدانى يوق.

**مۇسكۇل، سۆڭەكلىرى چىڭ ھەم قاتتىق كىشىلەر:**

ئىجابىي تەرىپى — قەتئىي، ئىرادىلىك، تىرىشچان، ئىقتىسادچىل.

سەلبىي تەرىپى — جاھىل، قەيسەر، كونىلىقنى ياقلايدۇ.

**مۇسكۇل سۆڭەكلىرى يۇمشاق، ئاسان ئېگىلىدىغان كىشىلەر:**

ئىجابىي تەرىپى — ئاسان ھاياجانلىنىدۇ.

سەلبىي تەرىپى — ئىقتىدارى ۋە ئاكتىپلىقى كەمچىل، سۆرەلمە، شۆھرەتپەرەس.



قولنىڭ تۈرى

بىز تۆۋەندە ئۈچىنچى خىل ئادەم توغرىسىدا سۆزلەيمىز. سىز ياشانغان مۇنداق كىشىلەرنى كۆرۈپ باققانمۇ: يەنى سۆڭەكلىرى بىلەن بارماقلىرى قاتتىق، مۇسكۇللىرى ئورۇق ھەم قاتتىق كىشىلەرنى كۆرگەنمۇ؟ بارماق ۋە مۇسكۇللىرى قاتتىق ئادەملەرنىڭ ئوندىن توققۇزىنىڭ تۇرمۇشى ئىنتايىن جاپالىق. ئۇ بىر بولسا دېھقان، بىر بولسا كان ئىشچىسى ياكى ئۇزۇن يىل جىسمانىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللانغان كىشىدۇر. يەنە كېلىپ مۇسكۇل ـ سۆڭەكلىرى قاتتىق كىشىلەرنىڭ كۆزقارىشىمۇ قەتئىي بولىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى كونىلىقنى ياقلايدۇ، جاھىل كېلىدۇ، بەزىدە ھەتتا قەتئىي قارشى تۇرىدۇ.

ئۇلار بەزىدە جاھىللىقتا ئەڭ ئۇچىغا چىقىدۇ، سىز ئۇنى ئاسانلىقچە ئۆزگەرتەلمەيسىز ياكى تەسىر كۆرسىتەلمەيسىز.

سىز چوقۇم ئۇنىڭ بىلەن بىر مەيداندا تۇرۇشىڭىز، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇزاق ۋاقىت خىزمەت قىلىشىڭىز، تاكى ئۇ سىزگە ئىشەنگەنگە ھەمدە سىزنىڭ يېڭىچە پىكىرلىرىڭىزنى قوبۇل قىلغانغا قەدەر ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولۇشىڭىز كېرەك. ئۇنىڭ يەنە بەزى پايدىلىق تەرەپلىرى بار، يەنى ئۇ سىزگە ئىشەنگەندىن كېيىن ئاسانلىقچە كۆزقارىشىنى ئۆزگەرتمەيدۇ.

قولى يۇمشاق كىشىلەرنىڭ خاراكتېرىمۇ مۇلايىم كېلىدۇ، قولى ئەۋرىشىم كىشىلەرنىڭ خاراكتېرىمۇ ئەۋرىشىم كېلىدۇ. قولى

قاتتىق كىشىلەرنىڭ خاراكتېرىمۇ قاتتىق كېلىدۇ. مانا بۇ ئەڭ ئاساسىي ساۋات.

## مەزكۇر بابنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى

### يۇمشاق، ئاسان ئېگىلىدىغان مۇسكۇل - سۆڭەكلىكلەر

تەن ئالاھىدىلىكى — مۇسكۇللىرى بوش ھەم يۇمشاق، سۆڭەك ۋە بوغۇملىرىمۇ ئاسان ئېگىلىدۇ. قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندە يۇمشاق سېزىلىدۇ.

خاراكتېر ئالاھىدىلىكى — ئاسان ھاياجانلىنىدۇ، ئۆزگىرىشچان، ھەممىگە ماھىر.

خاراكتېر ئاجىزلىقى — مادارى ۋە جاسارىتى كەمچىل، ئۆزىگە تەمەننا قويىدۇ، دائىم ئىككىلىنىپ ھورۇنلۇق قىلىدۇ، بەتخەج.

ماس كېلىدىغان كەسىپلەر — سىلىقلىق بىلەن بىر تەرەپ قىلىدىغان گۈزەل سەنئەت تۈرىدىكى خىزمەتلەرنى ئىشلەشكە ماس كېلىدۇ.

### ئەۋرىشىملىكى كۈچلۈك مۇسكۇل — سۆڭەكلىكلەر

تەن ئالاھىدىلىكى — يۇرۇش - تۇرۇشى چاققان، قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندە ئەۋرىشىم سېزىلىدۇ.

بۇنىڭدىن كېيىن باشقىلار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈشنى ھەرگىزمۇ ئاددىي ھالدىكى كۆرۈشۈش سالىمى دەپ قارىماسلىقىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈش سىزگە نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئېيتىپ بېرىدۇ.

خاراكتېر ئاللاھىدىلىكى — ئۇمىدۋار، ماسلىشىشچان، قىزغىن، كۈچلۈك، ئاسان تەسىرلىنىدۇ.
خاراكتېر ئاجىزلىقى — ئاسان ئۆزگىرىدۇ.
ماس كېلىدىغان كەسپلەر — ئېگىلمەس، سەۋرچانلىق، جاسارەت، ئالغا ئىنتىلىشنى تەلەپ قىلىدىغان خىزمەتلەرنى قىلىشقا مۇۋاپىق كېلىدۇ.

## قاتتىق مۇسكۇل - سۆڭەكلىكلەر

تەن ئاللاھىدىلىكى — مۇسكۇللىرى قاتتىق، سۆڭەك بوغۇملىرى تېخىمۇ قاتتىق، قول ئېلىشقاندا قاتتىق سېزىلىدۇ.
خاراكتېر ئاللاھىدىلىكى — قەتئىي، ئىرادىسى كۈچلۈك، ئىقتىسادچىل، بەدىنى كۈچلۈك، تىرىشچان، سەۋرچان.
خاراكتېر ئاجىزلىقى — جاھىل، قارىغۇلارچە يولسىزلىق قىلىدۇ، كونىلىققا ئېسىلىۋالىدۇ.
ماس كېلىدىغان كەسپلەر — جاپالىق، سەۋرچان بولۇشنى تەلەپ قىلىدىغان ياكى مەخپىيەتلىكنى ساقلايدىغان خىزمەتلەرنى قىلىشقا ماس كېلىدۇ.

# ئون ئىككىنچى باب

## باش شەكلىگە قاراپ خاراكتېر ھۆكۈم قىلىش

خاراكتېرنى ئىلمىي تەھلىل قىلىش ئىلمىدە ناھايىتى قىزىقارلىق ھەم قوللىنىشقا تېگىشلىك بىر تۈر بار. بۇ باشنىڭ شەكلىگە قاراپ ھۆكۈم قىلىش. ئەمەلىيەتتە مەن باشنىڭ شەكلى بىلەن مىجەز، تۇغما ئالاھىدىلىك قاتارلىقلارنىڭ زىچ مۇناسىۋىتى بارلىقىنى ئېنىق بىلىمەن. 24 يىللىق تەتقىقات جەريانىدا، مەن نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ باش شەكلىنى كۆزىتىپ، باش شەكلى بىلەن خاراكتېرنىڭ زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى بايقىدىم.

**يۇنان، ئىتالىيە، گېرمانىيەلىكلەرنىڭ باش شەكلى سوزۇنچاق، ئاسىيالىقلارنىڭ بېشى ياپىلاق، سىتسىيلىكلەرنىڭ باش شەكلى تار، ئالپ تاغ بەلبېغىدىكى كىشىلەرنىڭ باش شەكلى يۇملاق كېلىدۇ. شۋېتسىيەلىكلەر ۋە شوتلاندىيەلىكلەرنىڭ باش شەكلى كۆپىنچە چاسا شەكىللىك كېلىدۇ.**

بۇ ئىش توغرۇلۇق ئۈچ تۈرلۈك قائىدە ـ پرىنسىپ بار. تەتقىقات قىلىنغان ئىنسانلارنىڭ باش سۆڭىكى ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى كۆرسىتىپ بەردى. ئىنسانشۇناسلار ئىلگىرى نۇرغۇن ماتېرىياللارنى توپلىغان. ئۇلار ئىنسانلارنىڭ بېشىنى سوزۇنچاق ۋە ياپىلاق دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىدى. ئەگەر سىزگە مۇشۇنداق بىر ئۆگىنىش پۇرسىتى بېرىلسە، ئۇ سىزگە چوقۇم نۇرغۇن قىزىقارلىق ئىشلارنى ئېيتىپ بېرىدۇ. مەسىلەن، ئىرق، جىنس، خاراكتېر،

ئالاھىدىلىك قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئادەمنىڭ باش شەكلىگە ئاساسەن پەرەز قىلىپ بىلگەن. مەسىلەن، ئۇلار گىرېتسىيەلىك، ئىتالىيەلىك، گېرمانىيەلىكلەرنىڭ باش شەكلىنىڭ سوزۇنچاق، ئاسىيالىقلارنىڭ باش شەكلىنىڭ ياپىلاق، سىتسىيەلىكلەرنىڭ باش شەكلىنىڭ كىچىك، ئالىپ تاغ بەلبېغىدىكى كىشىلەرنىڭ باش شەكلىنىڭ يۇمىلاق، شىۋېتسىيەلىكلەر ۋە شوتلاندىيەلىكلەرنىڭ باش شەكلىنىڭ چاسا ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالايدۇ.

يەنە بىر خىل تەلىماتتا، باش شەكلىنىڭ قانداق بولۇشى مىجەز ـ خاراكتېرنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بەلگىلەيدىغانلىقى سۆزلەنگەن. ئۇ بولسىمۇ دەل سۆڭەك تەلىماتچىلىرىنىڭ تەلىماتىدۇر. ئەڭ بۇرۇنقى سۆڭەك تەلىماتچىلىرى باشنىڭ شەكلىگە مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن غەلىتە ئىشلارنىڭ ئىلمىي ئاساسى بارلىقىنى بايقىغان. نۇرغۇن خۇراپاتلىقتا ھەددىدىن زىيادە ئىشىنىدىغانلار بۇ مەسىلىگە نىسبەتەن ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان كۆز قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان، نەتىجىدە، سۆڭەك تەلىماتچىلىرى ئەپلەپ ـ سەپلەپ كۈن ئۆتكۈزىدىغانلار دەپ قارىلىپ، مەسخىرە قىلىنغان. ھالبۇكى، سۆڭەك تەلىماتىنىڭ يەنىلا نۇرغۇن ئاساسقا ئىگە ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان. بۇ ئاساسلار خاراكتېرنى قىزغىن تەھلىل قىلغۇچىلارغا غايەت زور پايدىلىق. مېنىڭ بۇ توغرۇلۇق مۇلاھىزە يۈرگۈزگۈم يوق (مېنىڭ «خاراكتېرنى تەھلىل قىلىشنىڭ يېڭى ئىلمى» دېگەن ئەسىرىمنى ۋە شۇنىڭغا ئائىت ئەسەرلەرنى ئوقۇسىڭىز بولىدۇ)، ئەمما مەن سىزگە باشنىڭ شەكلى توغرىسىدىكى بەزى ئىشلارنى سۆزلەپ بېرەي. بۇ سۆزلىرىمنىڭ ئۆزىڭىزنىڭ ۋە دوستلىرىڭىزنىڭ باش شەكلى بىلەن مىجەزىنىڭ مۇناسىۋىتىنى چۈشىنىۋېلىشىڭىزغا ياردىمى تېگىدۇ.

بىر ئادەمنىڭ بېشىنى تەتقىق قىلىشتا، بىز قۇلاق ھەم قاشنىڭ يۇقىرىسىدىن باشلايمىز. يىغىنچاقلىغاندا، بىز بىر ـ بىرىگە ئوخشاشمايدىغان جەمئىي سەككىز خىل باش شەكلىنى بايقايمىز.

بېشىڭىز ئۇزۇن ياكى كالتە، ياكى كەڭ - تار؛ ياكى ئېگىز - پەس، ياكى يۇمىلاق - چاسا بولسۇن، تەھلىل قىلغان ئادەمنىڭ بېشى قايسى خىلغا مەنسۇپ بولىدىغانلىقىنى مۇۋاپىق كۆزىتىشىڭىز كېرەك. بەلكىم سىز ئايرىيالماسلىقىڭىز مۇمكىن. مەسىلەن، سىز بىر ئادەمنىڭ بېشىنىڭ كەڭ ياكى تارلىقىنى بىلمەيسىز. ئۇنىڭ بېشى بەلكىم تارمۇ ئەمەس، كەڭمۇ ئەمەس بولۇشى مۇمكىن. مۇشۇنداق ئەھۋالغا ئۇچرىغاندا باشنىڭ شەكلىگە ئاساسەن بۇ خىل ئالاھىدىلىككە ھۆكۈم قىلىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق.

مائارىپچى، جاكارچى، جەمئىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلغۇچى، غايىلىك سىياسىيون ۋە بەزى پەۋقۇلئاددە ئىقتىدارلىق سوتچى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئېگىز باشلىق كىشىلەردۇر. ئېگىز باشلىق ئادەم مەڭگۈ ئالغا ئىلگىرىلەشكە ئىنتىلىدۇ. ھەرقانداق پىلاندىن رازى بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئىنتىلىشچانلىقى مەڭگۈ ئۇلارنى رازى بولۇش تۇيغۇسىنى ئىزدەشكە ئۈندەيدۇ.

باشنىڭ شەكلىنى كۆزىتىشنى مەشىق قىلغاندا، ئالدى بىلەن باشنىڭ چوققىسىغا دىققەت قىلىڭ، ئالدى بىلەن كەڭ باشنى كۆرەيلى، بۇ يەردە بىر قىزىقارلىق ئىش بار، سىز بىزگە ئوخشاش ئاناتومىيە ئىلمى بىلەن سېلىشتۇرۇپ بېرىڭ. يوغان باشلىق ھايۋانلارنىڭ ھەممىسى ئۇرۇشقاق (كۆپىنچە گۆشخور ھايۋانلار)، بۇزغۇنچى، قەبىھ كېلىدۇ. ئۇلار ئۇرۇشۇپ ئېچىنىشلىق ئۆلتۈرۈلىدۇ. كىچىك باشلىق ھايۋانلارنىڭ كۆپىنچىسى مۇلايىم ۋە ئىتائەتمەن، ئاجىز، ئاسان بوزەك بولىدۇ. بۇنى ناھايىتى ئاسان سېلىشتۇرۇۋالغىلى بولىدۇ. مەسىلەن، يوغان باشلىق شىر بىلەن يوغان باشلىق يولۋاسنىڭ ھەر ئىككىلىسى ۋەھشىي ھايۋان، كىچىك باشلىق ھايۋانلار، مەسىلەن، بۇغا، كەركىدان، زىراپىلەرنىڭ

ھەممىسى ياۋاش، ئىتائەتمەن ھايۋانلار، ئىتنىڭ تۇرلىرىنى ئېلىپ ئېيتساق، يوغان باشلىق ئىت ۋەھشىي، ئۇرۇشقاق، كىچىك باشلىق ئىت، مەسىلەن، سۇر ئىت ئانچە ئۇرۇشالمايدۇ. يوغان باشلىق يىلان، مەسىلەن، شالدىراق قۇيرۇق يىلان ئىنتايىن ۋەھشىي كېلىدۇ، ئادەتتە گۈللۈكلەردە ئۇچرايدىغان كىچىك باشلىق يىلان ئانچە خەتەرلىك ئەمەس. يوغان باشلىق قۇشلار، مەسىلەن، بۈركۈت، قۇماي قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى رەھىمسىز بۇزغۇنچىلار، كىچىك باشلىق قۇشلار، مەسىلەن، كەپتەر بولسا تىنچلىققا ۋەكىللىك قىلىدۇ. پاختەك، توخۇ بولسا ئۆلتۈرۈلۈپ يېيىلىپ كېتىدۇ.

ئەمدى ئىنسانلارنىڭ ھالەتلىرىنى سېلىشتۇرۇپ بېقىڭ. ئىنژېنېر گېنېرال گاسورنىڭ بېشى بەك يوغان، ئۇ باتۇرلۇق بىلەن بىر تاغنى ئىتتىرىپ ئۆرۈپ پاناما قانىلىنى قېزىشقا جۈرئەت قىلغان. فىرانسىيەلىك دوختۇر پاستېرنىڭمۇ بېشى يوغان بولۇپ، ئۇ باتۇرلۇق بىلەن تېببىي ساھەدە باكتېرىيەگە قارشى جەڭ قىلغان.

**بېشى يوغان ئادەملەر**

ئىجابىي تەرىپى — زېھنىي كۈچى ئۆتكۈر، مىجەزى چۇس، رادىكال، كۈچلۈك كېلىدۇ. قولاق بەك چوڭ بولسا، ياراملىق مالىيە مۇتەخەسسىسى بولىدۇ.

سەلبىي تەرىپى — بۇدۇشقاق، قېنى قىزىق، ئاچ كۆز كېلىدۇ.


يوغان باش

نيۇيورك شەھىرىنىڭ باشلىقى راگىدىيا يوغان باشلىق ئادەم بولۇپ، ئۇ باشقىلار بىلەن مۇنازىرىلىشىشكە ئامراق، ئۇنىڭ كۆزى پولتايغان بولۇپ، دىسسېرتاتسىيە ياقلاشتا ھەقىقەتەن تالانت ئىگىسى. ۋىلسون بولسا ئەقىللىك جەڭچى بولغاچقا، ئۇ باندىتلارنىڭ ئاتامىنى بولۇپ

قالغان. سىز ھەر قېتىم بىر يوغان باشلىق ئادەمنى ئۇچراتسىڭىز، جەڭچىنى ئۇچراتقان بولىسىز، قورال كۈچى ئارقىلىق ئۇنى قايىل قىلالمايسىز، ئەگەر شۇنداق قىلسىڭىز كۆپ ھاللاردا مەغلۇپ بولىسىز.

باشنىڭ كەڭ ـ تارلىقىنى كۆزىتىشتە ئىككى قۇلاقنىڭ ئۇستۈنكى قىسمى ئۆلچەم قىلىنىدۇ. ناۋادا سىز ئەگرى سىزغۇچ بىلەن ئۆلچىسىڭىز، ئۇلارنىڭ بېشىنىڭ سول ۋە ئوڭ تەرەپ كەڭلىكى ئالتە يېرىم سۇڭ ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كەڭ ئىكەنلىكىنى بايقايسىز. بېشى كىچىك ئادەملەر (ئىككى قۇلاقنىڭ ئۇستۈنكى قىسمىنىڭ كەڭلىكى 6.5 سۇڭ چىقمايدۇ) مۇلايىم، ياخشى مىجەزلىك كېلىدۇ. تاقابىل تۇرماق ئاسان، ئۇلار كۆپىنچە ھاللاردا ئۆزىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىگە، دىپلوماتلارغا خاس چېۋەرلىكىگە، چېچەنلىكىگە تايىنىپ ئۆزىنىڭ مەقسىتىگە يېتىدۇ، ھەرگىزمۇ زورلۇق ئىشلەتمەيدۇ.

مەن ھەر قېتىم مال ساتقۇچىنى يالالاش ئارقىلىق يېڭى پىكىر يولىنى ئېچىش ۋە سېتىش يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇشقا توغرا كەلگەندە، ھەمىشە يوغان باش ئادەمنى تەكلىپ قىلىمەن.

**بېشى تار ئادەملەر**

ئىجابىي تەرىپى ــ ئالاقىگە ماھىر، مۇلايىم، چىقىشقاق، ئەقىللىك.

سەلبىي تەرىپى ــ كۈچ ـ قۇۋۋىتى ئاجىز ۋە بىرىنچى بولسام دەپ ئويلايدۇ، كۆڭۈلچەك، پۇل تېپىشقا ماھىر ئەمەس.

مەن بېشى تار مال ساتقۇچىلارنى پارچە سېتىش كەسىپكە ياكى ھوشيارلىق تەلەپ قىلىدىغان ئىشلارغا، دىپلوماتىيەگە، تەدبىر بىلەن دەۋەت كېتىدىغان ئىشلارغا سېلىشقا قارشى ئەمەسمەن. ئەمما شۇنى ئۇنتۇپ قېلىشقا بولمايدۇ، بېشى كەڭ ئادەملەر قىزىق قان، چاپلاشقاق، بېشى تار ئادەملەر مۇلايىم، ھوشيار كېلىدۇ.

باشنىڭ چوققىسى — قۇلاق تۆشۈكىدىن باشنىڭ چوققىسىغىچە بولغان ئارىلىقنى كۆرسىتىدۇ (مۇشۇ ئورۇندىن باشنىڭ چوققىسىغىچە 5.8 سۇڭ ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ كېلىدۇ). بۇنداقلارنىڭ كۆڭلى - كۆكسى كەڭ بولىدۇ. بۇ بىر ئاسان ئەستە تۇتىدىغان ئۇسۇل.

ئېگىز باشلىق ئادەم كۆپىنچە ئادىل، ھەققانىي، سەمىمىي، ئوچۇق - يورۇق كېلىدۇ. ئۇلار غايىلىك، ئۇمىدۋار، خۇش چاقچاق، ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشىلەردۇر. قۇلاقتىن تارتىپ باشنىڭ چوققىسىغىچە ئىنتايىن ئېگىز بولسا، سىز بۇ ئادەمنىڭ ئىرادىسى كۈچلۈك ھەمدە ناھايىتى غۇرۇرلۇق ئىكەنلىكىنى بايقىيالايسىز. ئەمەلىيەتتە بېشى بەك ئېگىز ئادەملەر جاھىل، ئۆزىنىڭكىنىلا راست دەيدۇ.

بىزنىڭ مائارىپچىلىرىمىز، جاكارچىلىرىمىز، ئىجتىمائىي مۇلازىمەتچىلىرىمىز، غايىلىك سىياسىيونلىرىمىز، پەۋقۇلئاددە ئىقتىدارلىق سوتچىلىرىمىزغا دىققەت قىلىسىڭىزلا، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ بېشىنىڭ ئېگىز ئىكەنلىكىنى كۆرىسىز. بېشى ئېگىز ئادەملەر مەڭگۈ ئالغا قاراپ ئىلگىرىلەيدۇ. ئۇلار ھەرقانداق بىر پىلاندىن رازىمەنلىك ھېس قىلمايدۇ. ئۇلارنىڭ غەرىزى ئۇلارنى پائال تۈردە ئىزدىنىپ، ئۆزىنى رازى قىلغانغا قەدەر توختىماسلىققا ئۈندەيدۇ.



تار باش      ئېگىز باش

## ئېگىز باش

ئىجابىي تەرىپى — كۆڭلى - كۆكسى كەڭ، ئۈمىدۋار، غايىلىك، ئىسىلزادە، ئادىل، ئىرادىسى كۈچلۈك.

سەلبىي تەرىپى — ئۆز پىكرىدىلا چىڭ تۇرىدۇ، شۆھرەتپەرەس، جاھىل ۋە ئۆز بېشىمچى.

مېنىڭ توقۇمىچىلىق ساھەسىدە تەلەپچان بىر تونۇشۇم بار، بۇ كىشى ئەسلىدە ئۇلارنىڭ شىركىتىنىڭ توشۇش بۆلۈمىنىڭ خىزمەتچى خادىمى بولۇپ، ئۇ يەردە 15 يىلدىن ئارتۇق خىزمەت قىلغان، بىراق ئۇ ھەمىشە بۇ خىزمىتىدىن ئىستېپا بېرىپ باشقا بىر ياخشى ئورۇندىن خىزمەت تېپىشنى ئويلايتتى، ئۇ ئادەم مېنىڭ تەكلىپ - پىكرىمنى ئاڭلىماقچى بولۇپ، ئىشخانامغا كەلدى. ئۇنىڭ تېرىسى قوڭۇر، ئۆزى ھەرىكەتچان ۋە ھاياتىي كۈچ ئۇرغۇش تېپىغا تەۋە بېشى ئېگىز ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ مەقسىتى ھەرگىزمۇ كۆپ پۇل تېپىش ئەمەس. ئۇنىڭ ئەسلىدە ئىشلەۋاتقان شىركىتىمۇ ياخشى بولۇپ، بۇ شىركەتنىڭ مەھسۇلاتلىرى، خىزمەت ۋاقتى ۋە خىزمەتداشلىرىنى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتى. ئۇنداقتا بۇ زادى نېمە ئىش؟ ئېگىز باشلىق ئادەم كۆپىنچە ئادىل، ھەققانىي، سەممىي، ئوچۇق كېلىدۇ. ئۇلار غايىلىك، ئۈمىدۋار، خۇش چاقچاق، ھۆرمەتكە سازاۋەر. ئەگەردە باش ئىنتايىن ئېگىز بولسا، سىز بۇ ئادەمنىڭ ئىرادىسى كۈچلۈك ھەمدە ناھايىتى غۇرۇرلۇق ئىكەنلىكىنى بايقىيالايسىز. ئەمەلىيەتتە بېشى بەك ئېگىز ئادەملەر كۆپىنچە جاھىل، ئۆزىنىڭكىنىلا راست دەيدۇ. ئەسلىدە ئۇ خىزمەتتە قەرەللىك ھالدا مائاش ئۆستۈرۈپ تۇرۇشنى، قوشۇمچە مۇكاپاتلىرىنىڭ بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدىكەن.

مەن ئۇ كىشىگە: «مەن سىزنىڭ ئەمەلىيەتتە نېمىگە موھتاج ئىكەنلىكىڭىزنى بىلدىم. سىز ئەمەلىيەتتە ئۆسۈشنى ئويلاۋېتىپسىز، شۇنداقمۇ؟» دېدىم، ئۇ: «دەل شۇنداق، بالكىم ئەپەندىم» دەپ جاۋاب بەردى.

پاھ! ئۇ ھازىر بەك جانلىنىپ كەتتى، ئۇ ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى خىزمەت ئورنىغا قايتىپ كەلدى، لېكىن بۇرۇنقىغا ئوخشاشمايدىغان يېرى شۇكى، ئۇنىڭ ھازىر ئۆزىنىڭ مەخسۇس ئىشخانىسى، بىر نەپەر ياردەمچىسى ۋە ۋاكالەتچىسى بار بولدى، ئۇنىڭ ئىشخانا ئىشىكىگە «توشۇش بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى» دېگەن ۋىۋىسكا ئېسىلغانىدى.

بېشى پەسرەك ئادەمنىڭ كۆڭلى - كۆكسى ئانچە كەڭ بولمايدۇ. شۇنداق ئەمەسمۇ؟ بىراق سىز ھەرگىزمۇ مېنىڭ سۆزۈمنى خاتا چۈشىنىپ قالماڭ. بۇ ھەرگىزمۇ ئۇلارنى ئالدامچى ياكى سەمىمىيەتسىز دېگەنلىك ئەمەس. بىراق، بۇ ئۇ ئادەملەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ شەخسىيەتچى ۋە ماددىي نەرسىلەرگە بېرىلىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

سىز ئاكتۇرونىزم، غايىپەرەسلىك، ھېسسىيات ياكى نىرۋا تەلىماتى ئارقىلىق باش شەكلى پەس ئادەمنى تەسىرلەندۈرۈشىڭىز ناھايىتى تەس. مەيلى قانداق نەسىھەت قىلماڭ، بۇنداق تىپتىكى ئادەم قەتئىي ھەرىكەتكە كەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئەمەلىيەتتە ياخشى كۆرىدىغانلىرى مەسىلەن، ماددىي مەنپەئەت، مەززىلىك تائام، قىزىقارلىق ئويۇن، شەخسىي مەنپەئەت قاتارلىقلار بولۇپ، سىز مۇشۇلار ئارقىلىق ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئۇتالايسىز.

**بېشى پەس ئادەملەر**


پەس باش

ئىجابىي تەرىپى — ماددىي نەرسىلەرنى ياخشى كۆرىدۇ، ئەمەلىيەتچان، ئاددىي - ساددا، ئەمەلىيەتكە قىزىقىدۇ.

سەلبىي تەرىپى — شەخسىيەتچى، يىراقنى كۆرۈش، ئىشەنچ، غايە كەمچىل.

سوزۇنچاق باش — پېشانىسىدىن باشلاپ باشنىڭ كەينىگىچە بولغان ئارىلىقى تەخمىنەن 7.6 سوڭ كېلىدىغان ياكى ئۇنىڭدىنمۇ

ئۇزۇن باشنى كۆرسىتىدۇ. خوش، سوزۇنچاق باش كىشىلەرنىڭ نەزەر دائىرىسى كەڭ بولىدۇ. ئۇلار كۆز ئالدىدىكى پايدىنى كۆزلىمەي، يىراقتىكى پايدىنى بەكرەك كۆزلەيدۇ.

پەرزەنتلىرىڭىزنىڭ بېشى سوزۇنچاقمۇ؟ مەن شۇنداق ھۆددە قىلىمەنكى، ئۇ بىر قىسىم غەلىتە سوئاللارنى سوراپ بېشىڭىزنى ئاغرىتىۋېتىدۇ. مەسىلەن، «بىز كېلەر يىلى يازدا نەگە بارىمىز؟»، «كېلەر يىلى نېمە ئىش قىلىمىز؟» «مەن چوڭ بولغاندا، چوقۇم ماۋۇ ئىشنى قىلىمەن ياكى ئاۋۇ ئىشنى قىلىمەن» دېگەندەك تۈگىمەس سوئاللار.

بېشى سوزۇنچاق بولغان ئەر ـ ئاياللار ھەممىشە ئۇزاق مۇددەتلىك، ھەمدە ناھايىتى ئۇزاقتا پايدىغا ئېرىشىدىغان باغنى سېلىشقا ئامراق، يەنە كېلىپ، ئەگەر بىر ئادەمنىڭ ئارقا مېڭىسى يۇمىلاق ھەم چوڭ بولسا، يەنى قۇلاقنىڭ كەينى تەرىپىدىكى باش قىسمى سوزۇنچاق بولسا، بۇ خىلدىكى كىشىلەر ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنى ياخشى كۆرىدۇ. مۇئامىلىدە دوستانە، ئائىلىسىنى ۋە پەرزەنتلىرىنى چىن دىلىدىن سۆيىدۇ، كوللېكتىپ تۇرمۇشنى ياخشى كۆرىدۇ.

ئۇ كۆپ ئادەملەر بىلەن بىللە بولۇشنى ياخشى كۆرىدۇ، سىز ھەرگىزمۇ ئۇنى ئېتىزلىقتا يالغۇز تاشلاپ قويۇپ ئىشقا سالماڭ ياكى جەمئىيەتتىن ئايرىلىپ باغۇەنچىلىك تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا ياكى تەجرىبىخانىغا سولىنىپ باشقىلار بىلەن قىلچىمۇ ئالاقە قىلمايدىغان خىزمەتلەرنى قىلىشقا ئۈندىمەڭ، ئۇنىڭ ئىجتىمائىيلىقى ۋە كوللېكتىپ تۇرمۇشنى ياخشى كۆرىدىغان خاراكتېرى ناھايىتى كۈچلۈك، خۇپىيانە تۇرمۇش كەچۈرەلمەيدۇ.

## بېشى سوزۇنچاق ئادەملەر

ئىجابىي تەرىپى ــ ئاممىۋى مۇناسىۋەتكە ۋە دوستلىشىشقا ماھىر، كۆڭۈلنى بىر يەرگە يىغالايدۇ، كۆز قاراشلىرى ئىلغار.

سەلبىي تەرىپى — ئاممىۋى مۇناسىۋەتكە سەرپ قىلغان ۋاقتى ھەددىدىن زىيادە كۆپ.

يەنە بىر جەھەتتىن، بېشى كالتە كەلگەن كىشىلەرنىڭ كۆز قاراشلىرىمۇ ئاددىي بولۇپ، يىراقنى كۆرەلمەيدۇ. ئۇلار دىققىتىنى بىر يەرگە يىغالمايدۇ. ئىجتىمائىي ئالاقىگە ماھىر ئەمەس، ئۆزلىرىنى ناھايىتى قىزىقارلىق، دەپ ئويلايدۇ. بۇ خىل تىپتىكى كىشىلەر دوست تۇتۇشقا ماھىر ئەمەس، شۇڭا دوستلۇقنى تىلغا ئېلىپ تۇرۇپ ئۇنىڭ كاللىسىنى ئويغىتىش خىيالىدا بولماڭ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى پەقەت شەخسنىڭ ياكى ئۆزىنىڭلا پايدىسىغا قىزىقىدۇ. مانا بۇلار بېشى كالتە كىشىلەرنى قايىل قىلىشتىكى مۇھىم نۇقتا. ھازىر كەينى تەرەپتىن قاراڭ. ئەگەر سىز بېشىنىڭ كەينى تەرىپى يۇمىلاق بىر ئادەمنى كۆرسىڭىز ھەم باشنىڭ كەينى تەرىپىدە ئازراقمۇ قىر ياكى گىرۋەكلەر بولمىسا، ئۇنداقتا ئۇ كىشى ھەرگىز جىم تۇرمايدۇ، ھەمىشە پۇرسەت ئىزدەپلا يۈرىدۇ. ئۇ قىمار ئويناشقا ياكى خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىدىغان ئىشلارنى قىلىشقا ئامراق.



سوزۇنچاق باش

ئەگەر سىز بىر ئادەمنىڭ بېشىنىڭ كەينى چاسا شەكىللىك ئىكەنلىكىنى ھەم كەينىدىن قارىغاندا ناھايىتى روشەن گىرۋەكلىرىنى بايقىسىڭىز، ئۇنداقتا بۇ ئادەم ئېھتىياتچان، كونىلىقنى ياقلايدىغان كىشىدۇر. سىز بۇ خىل تىپتىكى كىشىلەرنى پاي چېكى سېتىۋالىدىغان ياكى ئۆي ـ مۈلۈك كەسپىگە مەبلەغ سالىدىغان ئىشلارنى قىلىشقا ئۈندىمەڭ. چۈنكى، ئۇ ناھايىتى ئېھتىياتچان، ئاجىز ھەم قورقۇنچاق. ماشىنىسازلىق خىزمەتچىسى، ئىنژېنېر، قۇرۇلۇش كەسپىدىكى تالانت ئىگىلىرى، ھەر خىل نەرسىلەر مەسىلەن، سائەتتىن تارتىپ كۆۋرۈك ياساش ئۇستىلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ پېشانىسىنىڭ يۇقىرى تەرىپى چاسا شەكىلدە

كېلىدۇ. توغرا، پىششانىسىنىڭ ئوڭ ـ سول ئىككى تەرىپى گىرۋەكلىك بولىدۇ. ئويۇنچۇق ماشىنا ۋە كىچىك ئۆيلەرنى ياساشتىن تارتىپ، كىيىمە، پويىز، پاراخوت قاتارلىقلارنى لايىھەلىگۈچىلەرنىڭ ھەممىسى توختىماي پىلان قىلىدۇ، قۇرۇلۇش قىلىدۇ، تەشكىللەيدۇ.

بۇنداق ئالاھىدىلىكلەر ماڭا بىر ئالاھىدە ئىشنى ئەسلەتتى، ئۇ بولسىمۇ ئادەملەرنىڭ خاراكتېرىنى كۆزىتىش ھەمدە ئۇنىڭغا ماس كېلىدىغان خىزمەت توغرىسىدا تەكلىپ بېرىش.

**بېشى قىسقا ئادەملەر**

ئىجابىي تەرىپى — ماسلىششىچان، ئىقتىدارلىق، كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتكە ئەھمىيەت بېرىدۇ.

سەلبىي تەرىپى — نەزەر دائىرىسى تار، شەخسىيەتچى، دىققىتىنى يىغالمايدۇ، يىراق كەلگۈسى توغرىسىدا پىلانى يوق.

يېقىندا، بىر سانائەت ساھەسىدىكى كىشى ماڭا ئۆزىنىڭ ناھايىتى چوڭ زاۋۇتى بارلىقىنى ھەمدە ھەممىشە زاۋۇتتىكى ئىشچىلارنىڭ ئىچىدىن ئېغىر تىپتىكى ماشىنىلاردا مەشغۇلات قىلىشقا ئادەم تاللاشتا قىيىنىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. تېخىمۇ يامان بولغىنى، بۇرۇن ئىشلەتكەن ئىشچىلارنىڭ ھەممىسىدىن چاتاق چىققان بولۇپ، سەۋەبى بۇرۇن ئىشلەتكەن ئىشچىلارنىڭ ھەممىسى پەرۋاسىز ھەم ئۇنۋانى يوقلار ئىكەن.

**بېشى يۇمىلاق ئادەملەر**

ئىجابىي تەرىپى — تەلەي سىناشقا ماھىر، ئەقىللىك، ئۇمىدۋار.

سەلبىي تەرىپى — خەتەرگە پەرۋا قىلمايدۇ، قارىغۇلارچە باتۇرلۇق قىلىدۇ، ئاسان ھاياجانلىنىدۇ، تەلىيىنى سىناشقا ھەددىدىن زىيادە ئامراق.



چاسا باش　　　　يۇمىلاق باش　　　　قىسقا باش

ئىشلەپچىقىرىشنى نازارەت قىلىشقا ئىككى ئىشچى يېڭىدىن قويۇلغان، ئىككىلىسى ئېھتىياتچان ھەم ئىشەنچلىك. بىراق، غەلىتە يېرى شۇكى، تاسادىپىي ۋەقەلەرنىڭ يۈز بېرىش نىسبىتى داۋاملىق ئۆرلىگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئېغىر تىپتىكى ماشىنىلار ئارقىلىق توشۇلغان پولاتنىڭ مىقدارى كۈنسېرى ئازايغان، مەن بۇ مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشقا تەكلىپ قىلىنغان چېغىمدا، مەن بۇ ئىككى ئىشچىنىڭ ھەر ئىككىسىنىڭلا تېرىسى قوڭۇر ۋە بېشىنىڭ كەينى تەرىپىنىڭ چاسا شەكىللىك ئىكەنلىكىگە دىققەت قىلدىم. بۇنداق كىشىلەر ھەددىدىن زىيادە ئېھتىياتچان، ئەمەلىيەتتە ئۇلار ناھايىتى ئېھتىيات قىلغان ھەتتا ھەربىر ئىشنى قورقۇپ تۇرۇپ قىلغان.

مەن ئۇلارنى ئالماشتۇرۇپ، مايگىر ئىسىملىك بىر ئىشچىنى تەكلىپ قىلىپ ئىشلەتتىم. مايگىرنىڭ تېرىسى ئاق، بەدىنى قوپال، گەۋدىلىك، ھەرىكەتچان، بېشى قىسقا ھەم يۇمىلاق بولۇپ، يۈزىگە ياندىن قارىغاندا يۇقىرىقى تەرىپى كۆتۈرۈلگەن، تۆۋەنكى تەرىپى ئويمانراق ئىدى.

ئۇنداقتا، مايگىرنىڭ مىجەز ئالاھىدىلىكى زادى قانداق؟ ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا، مايگىر ئۆزگىرىشچان، قوپال ھەم خۇشال – خۇرام، ئۆزى چاققان، مېخانىكىلىق ئىشلارنى ياقتۇرىدۇ. خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىشقا ئامراق، ئىنچىكە، پىكرى ئۆتكۈر، ئىش – ھەرىكەتتە ئېھتىياتچان، ئۆزىنى تۇتۇۋالغان. نەتىجىدە، نازارەت

قىلىش دوكلاتىدا، ئۇ ئۆزىنىڭ 40 يىللىق ياساش قۇرۇلۇش كەسپىدە، ھېچقاچان مايىگىرغا ئوخشاش ئېغىر تىپتىكى ماشىنىلارنى مۇشۇنداق ئەپچىل، مۇقىم ۋە سەزگۈرلۈك بىلەن باشقۇرالايدىغان كىشىنى كۆرۈپ باقمىغانلىقىنى ئېيتتى.

### بېشى چاسا ئادەملەر

ئىجابىي تەرىپى — ئەگەر پېشانىسىنىڭ ئىككى تەرىپى چاسا شەكىللىك بولسا، ئۇنداقتا مېخانىكا قۇرۇلۇش ئورنىدا، لوگىكا، قائىدە - قانۇنىيەتلەرنى تەتقىق قىلىشقا ماس كېلىدۇ. ئەگەر بېشىنىڭ كەينى تەرىپى چاسا شەكىللىك بولسا، ئېغىر - بېسىق، ئېھتىياتچان كېلىدۇ.

سەلبىي تەرىپى — ھەددىدىن زىيادە ئېھتىياتچان بولغانلىقتىن، يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارى توسقۇنلۇققا ئۇچرايدۇ.

### بېشىنىڭ ئالدى تەرىپى ئېگىز، ئارقا تەرىپى پەس باش تىپى

ئىجابىي تەرىپى — كۆڭلى يۇمشاق، تۈز، چوڭقۇر پىكىرلىك، ھېسسىياتقا باي، ئاسان ھاياجانلىنىدۇ، سەزگۈر.

سەلبىي تەرىپى — كۆڭلى ھەددىدىن زىيادە يۇمشاق، باشقىلارنىڭ ھۆرمەتلىشىگە ئېرىشسەم دەيدۇ، ئۆزىنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلايدۇ. شۆھرەتپەرەس.



پېشانە ئېگىز ھەم تار — پېشانە كەڭ ھەم پەس — ئالدى پەس، كەينى ئېگىز — ئالدى ئېگىز، كەينى پەس

**بېشىنىڭ ئالدى تەرىپى پەس، كەينى تەرىپى ئېگىز ئادەملەر**

ئىجابىي تەرىپى ـــ تەكەببۇر، ئۆزىنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلايدۇ، شۆھرەتپەرەس، ئادىل، ئىرادىسى كۈچلۈك، ئۆزىنىڭكىنىلا راست دەپ تۇرۇۋالىدۇ.

سەلبىي تەرىپى ـــ ناھايىتى تۈز، جاھىل، ئەقلىنى كۆپرەك ئىشلىتىشكە موھتاج، باشقىلارغا باھا بېرىش ئىقتىدارى ئاجىز.

**پېشانىسى كەڭ ھەم بېشى پەس ئادەملەر**

ئىجابىي تەرىپى ـــ كۆپ ئىقتىدارلىق، ئىناۋەتمەن، كۆڭلى ـ كۆكسى كەڭ، ئاكتىپ، مۇزىكىغا ھېرىسمەن.

سەلبىي تەرىپى ـــ دىققىتى دائىم چېچىلىپ تۇرىدۇ.

**پېشانىسى ئېگىز ھەم بېشى تار ئادەملەر**

ئىجابىي تەرىپى ـــ تەنقىدچى، تەھلىل قىلىشقا ماھىر، تۈز، تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئامراق.

سەلبىي تەرىپى ـــ ھەددىدىن زىيادە تەنقىدچى، كۆڭلى ـ كۆكسى تار.

## مەزكۇر بابنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى

**بېشى كەڭ ئادەملەر**

تەن ئالاھىدىلىكى: ئىككى قۇلاقنىڭ يۇقىرى تەرىپىگە ئۇدۇل كېلىدىغان قىسمى كەڭرەك بولۇپ، كەڭلىكى 6.3 سۇڭ ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كەڭ.

خاراكتېر ئالاھىدىلىكى: كەسكىن، كۈچلۈك، تىرىشچان، مالىيە باشقۇرۇشقا ماھىر، مىجەزى ئىتتىك.

خاراكتېر يېتەرسىزلىكى: مىجەزى ناھايىتى ئىتتىك، ئاسان سۆز - چۆچەككە قالىدۇ، تۇز، ئاچ كۆز.

ماس كېلىدىغان كەسىپلەر: كۆچلۈك، ئىنتىلىشچان، سودا كەسپى بىلەن شۇغۇللانسا ئەۋزەللىككە ئىگە بولىدۇ.

سىزنىڭ ئاكتورلۇنىزم، ئىدىيالىزم، ھېسسىيات ياكى روھىي تەلىماتلار قاتارلىقلار ئارقىلىق باش شەكلى پەس ئادەمنى تەسىرلەندۈرۈشكىز ناھايىتى تەس. قانداقلا نەسىھەت قىلماڭ، بۇنداق تىپتىكى ئادەم قەتئىي ھەرىكەتكە كەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئەمەلىيەتتە ياخشى كۆرىدىغانلىرى مەسىلەن، ماددىي مەنپەئەت، مەززىلىك تائام، قىزىقارلىق ئويۇن، شەخسىي مەنپەئەت قاتارلىقلار، سىز مۇشۇلار ئارقىلىق ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئۇتالايسىز.

**بېشى نار ئادەملەر**

تەن ئالاھىدىلىكى: ئىككى قۇلاقنىڭ يۇقىرى تەرىپىنىڭ ئارىلىقىدىكى باش قىسمى ناھايىتى تار بولۇپ، 3.6 سۇڭ كېلىدۇ.

خاراكتېر ئالاھىدىلىكى: مۇلايىم، ئەدەپلىك، ھوشيار، پۇت - قولى چاققان.

خاراكتېر يېتەرسىزلىكى: جانسىز، ئىشلارنى ئىجرا قىلىشى كەمچىل، قارشى تۇرۇش ئىقتىدارى تۆۋەن، ناھايىتى مۇلايىم بولغانلىقتىن، مالىيە باشقۇرۇشقا ماس كەلمەيدۇ.

ماس كېلىدىغان كەسىپلەر: غايە، تىنچلىققا موھتاج ياكى باشقىلار ئۈچۈن مەجبۇرىيەت ئۆتەيدىغان خىزمەتلەرگە ماس كېلىدۇ. لېكىن مالىيە باشقۇرۇش تۈرىدىكى خىزمەتلەرگە ماس كەلمەيدۇ.

**بېشى ئېگىز ئادەملەر**

تەن ئالاھىدىلىكى: قۇلاق تۆشۈكىدىن باشلاپ باشنىڭ ئەڭ ئېگىز قىسمىغىچە (قۇلاق تۆشۈكىدىن باشنىڭ چوققىسىغىچە

ئۆلچىگەندە تەخمىنەن 5.8 سۇڭ ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق كېلىدۇ) بولغان ئارىلىقنى كۆرسىتىدۇ.

خاراكتېر ئالاھىدىلىكى: ناھايىتى قەيسەر، تولۇپ تاشقان قىزغىنلىققا ئىگە، غايىلىك، دۇرۇس، ئىرادىسى كۈچلۈك ـ غۇرۇرلۇق.

خاراكتېر يېتەرسىزلىكى: چوڭچى، ناھايىتى شۆھرەتپەرەس، جاھىل.

ماس كېلىدىغان كەسىپلەر: باشقىلار ئۈچۈن مەجبۇرىيەت ئۆتەيدىغان خىزمەتلەر، چەكسىز ھالدا ئۆسۈش پۇرسىتى بولغان، ئىجرا قىلىش ھەم باشقۇرۇش تۈرىدىكى خىزمەتلەر.

**بېشى پەس ئادەملەر**

تەن ئالاھىدىلىكى: قۇلاق تۆشۈكىدىن باشلاپ باشنىڭ چوققىسىغىچە بولغان ئارىلىقى قىسقا بولىدۇ.

خاراكتېر ئالاھىدىلىكى: ماددىي نەرسىلەرگە، ئەمەلىيەتكە ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئەمەلىيەتتىكى نەرسىلەرگە قىزىقىدۇ، لىبېراللار تىپىغا كىرىدۇ.

خاراكتېر يېتەرسىزلىكى: شەخسىيەتچى، يۈكسەك ئىرادە، ئېتىقاد ۋە غايىگە موھتاج.

ماس كېلىدىغان كەسىپلەر: ھەر خىل ماددىي نەرسىلەر، ئەمەلىي نەرسىلەر ياكى ھەر خىل بۇيۇملارنى بىر تەرەپ قىلىدىغان خىزمەتلەرگە ماس كېلىدۇ. ئەمما ئادەملەرنى بىر تەرەپ قىلىدىغان خىزمەتلەرنى ئىشلەشكە ماس كەلمەيدۇ.

**بېشى سوزۇنچاق ئادەملەر**

تەن ئالاھىدىلىكى: پېشانىدىن ئارقا مېڭىگىچە ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 7.6 سۇڭ ياكى ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزۇن.

خاراكتېر ئالاھىدىلىكى: نەزەر دائىرىسى كەڭ، ئەستايىدىل، ئائىلىۋى مۇناسىۋەتكە، دوست تۇتۇشقا ماھىر.

بېشىنىڭ ئالدى ـ ئارقا تەرىپى سوزۇنچاق كەلگەن ئەر ۋە ئاياللار ھەمىشە كۆز ئالدىدىكى پايدىنى كۆزلىمەي، ئۇزاق مەزگىللىك پايدىنى كۆزلەپ مەبلەغ سېلىشقا رازى بولىدۇ. يەنە كېلىپ بىر ئادەمنىڭ ئارقا مېڭىسى چوڭ ھەم يۇمىلاق كەلسە، بۇ خىلدىكى كىشىلەر ئاممىۋى مۇناسىۋەتكە ماھىر كېلىدۇ. دوستانە، ئائىلىسىنى ۋە پەرزەنتلىرىنى چىن دىلىدىن سۆيىدۇ. كوللېكتىپ تۇرمۇشنى ياخشى كۆرىدۇ.

خاراكتېر بېتەرسىزلىكى: ئالاقىگە بەك كۆپ ۋاقتىنى ئىسراپ قىلىۋېتىدۇ.

ماس كېلىدىغان كەسىپلەر: كىشىلەر بىلەن ئالاقە قىلىدىغان، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىدىغان ياكى دىنىي ئەقىدىدار تەلەپ قىلىدىغان خىزمەتلەرنى قىلىشقا ماس كېلىدۇ.

## بېشى قىسقا ئادەملەر

تەن ئالاھىدىلىكى: پېشانىسىدىن كەينىدىكى ئارقا مېڭىسىغىچە بولغان ئارىلىق ئالاھىدە قىسقا بولۇپ، تەخمىنەن 7.6 سۇڭدىن قىسقا كېلىدۇ.

خاراكتېر ئالاھىدىلىكى: كۆز ئالدىدىكى پايدىغا قىزىقىدۇ، ئۆزگىرىشكە ماسلىشالايدۇ، كۆپ ئىقتىدارلىق.

خاراكتېر بېتەرسىزلىكى: زېھنىنى يىغالمايدۇ، نەزەر دائىرىسى تار، ھەمىشە شەخسىيەتچىلىك قىلىدۇ.

ماس كېلىدىغان كەسىپلەر: ئۆزگىرىشچان كەسىپلەر ماس كېلىدۇ، ئۇزاق مۇددەتلىك ھەم سەۋرچانلىقنى تەلەپ قىلىدىغان خىزمەتلەرنى قىلىشنى خالىمايدۇ.

## بېشى چاسا ئادەملەر

تەن ئالاھىدىلىكى: باشنىڭ ئالدى ـ كەينى تەرىپى چاسا شەكىلدە.

خاراكتېر ئالاھىدىلىكى: بېشىنىڭ ئالدى تەرىپى چاسا شەكىللىك كىشىلەر ياساش، مېخانىك ئىشلارغا، لوگىكىغا ماھىر كېلىدۇ. مەسىلىلەرنىڭ سەۋەبىنى تەھلىل قىلىپ تېپىشقا ئۇستا. بېشىنىڭ كەينى تەرىپى چاسا شەكىللىك كىشىلەر ناھايىتى ئېھتىياتچان كېلىدۇ.

خاراكتېر يېتەرسىزلىكى: بېشىنىڭ كەينى تەرىپى كۆرۈنەرلىك ھالدا چاسا شەكىللىك بولسا، بۇ خىل كىشىلەر ناھايىتى ئېھتىياتچان كېلىدۇ ھەم مۇشۇ سەۋەبلىك ئاكتىپلىقىغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ.

ماس كېلىدىغان كەسىپلەر: ياساش ئىقتىدارىغا موھتاج بولۇپ، ئېھتىياتچان، ئىنچىكىلىك، ئىلمىي خۇلاسە چىقىرىدىغان خىزمەتلەرگە ماس كېلىدۇ.

### بېشى يۇمىلاق ئادەملەر

تەن ئالاھىدىلىكى: باشنىڭ ئالدى - ئارقا تەرىپى يۇمىلاق بولۇپ، ھېچقانداق قىر، بۇرجەك يوق.

خاراكتېر ئالاھىدىلىكى: خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىشقا ئامراق، ھىيلە - مىكرى تولا، ئۈمىد - ئارزۇلىرى كۆپ.

خاراكتېر يېتەرسىزلىكى: بېشىنىڭ كەينى تەرىپى بەك يۇمىلاق كىشىلەر خەتەرگە يۈرەكلىك ھالدا تەۋەككۇل قىلىدۇ، ھېسسىياتچان كېلىدۇ.

ماس كېلىدىغان كەسىپلەر: ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان ھەم خەتەر ئىچىدىن پايدىغا ئېرىشىدىغان ياكى ئۆزىنى سىناش خاراكتېرى كۈچلۈك خىزمەتكە ماس كېلىدۇ.

قوشۇمچە ئەسكەرتىش: ئەگەر سىز باش شەكلىنىڭ تار ياكى كەڭ، ئۇزۇن ياكى قىسقا، ئېگىز ياكى پەس، چاسا ياكى يۇمىلاق ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلالمىسىڭىز، ئۇنداقتا سىز ئۇنىڭ ھەر خىل ئالاھىدىلىكلىرىنى تەھلىل قىلىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق.

ئەگەر سىز بېشىنىڭ كەينى تەرىپى يۇمىلاق بىر ئادەمنى كۆرگىنىڭىزدە، بېشىنىڭ كەينى تەرىپىدە ئازراقمۇ قىر ياكى گىرۋەكلەر بولمىسا، ئۇنداقتا ئۇ كىشى تەۋەككۇل قىلىشقا ئامراق كىشى. ئەگەر سىز بىر ئادەمنىڭ ئارقا مېڭىسىنىڭ چاسا شەكىللىك ھەم كەينىدىن قارىغاندا ناھايىتى روشەن قىر ياكى گىرۋەكلىرى بارلىقىنى كۆرسىڭىز، ئۇنداقتا بۇ ئادەم ئېھتىياتچان، كونىلىقنى ياقلايدىغان كىشىدۇر.

# ئون ئۈچىنچى باب

## قاۋۇل بەدەن، ۋىجىك بەدەن ۋە خاراكتېر

گەرچە بەدەننىڭ باشقا ئەزالىرى ئوخشاش بولسىمۇ، بەدەننىڭ قاۋۇل ياكى ۋىجىك بولۇشى خاراكتېرنىڭ مۇھىم ئىپادىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

سىز بۇرۇن بىر كىنودا، ئاتلانتىك ئوكياننى كېسىپ ئۆتىدىغان غايەت زور بىر پاراخوتنىڭ ياسىلىپ بولغاندىن كېيىن، پىرىستاندىن ئايرىلغان ھالىتىنى كۆرگەنمۇ؟ ئۇنىڭ ھەرىكەتلىنىۋاتقانلىقىنى پەقەت بىلگىلى بولمايتتى. ئەمەلىيەتتە، ئۇ ناھايىتى ئاستا ھەرىكەتلىنەتتى.

**ھەربىر ئىنژېنېر مۇنداق بىر مېخانىك قانۇنىيەتنى بىلىدۇ: ھەجمى چوڭ بولغان نەرسىنىڭ قوزغىلىشى ئاستا بولىدۇ. قوزغىلىپ كەتتىمۇ، غايەت زور ئېنېرگىيە چىقىرىدۇ، ھەتتا توختىتىشمۇ ناھايىتى تەسكە توختايدۇ.**

پاراخوت ھەرىكەت جەريانىدا ئېنېرگىيە ئىشلەپچىقىرىدۇ ھەم تېخىمۇ كۆپ كۈچ چىقىرىدۇ، ئاندىن ئاستا ـ ئاستا سۈرئەتنى تېزلىتىدۇ ـ دە، ئوكياندا تېخىمۇ تېز يۈرىدۇ، سىز يەنە ئاشۇ پاراخوتنىڭ يېنىدىكى سۆرىگۈچى كېمىنىڭ قۇلاقنى يارغۇدەك ئاۋازىغا دىققەت قىلىپ باققانمۇ؟چوڭ پاراخوت ئورنىدىن قوزغىلىپ سۆرىگۈچى كېمىدىن بارا ـ بارا يىراقلاپ كېتىدۇ.

مۇشۇنىڭغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئەھۋاللارمۇ مەۋجۇت، سىز 20 ـ ئەسىردە ياسالغان تېز سۈرئەتلىك پويىزنىڭ بېكەتتىن

چىققان چاغدىكى ئەھۋالىغا دىققەت قىلىپ باقتىڭىزمۇ؟ ھەر ماشىنىسىمۇ قوزغالغان چاغدا ناھايىتىمۇ ئاستا قوزغىلىدۇ. ئاستا ـ ئاستا كۈچىنى قوزغاپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا سۈرئەتنى تېزلىتىپ، سائىتىگە 60 ~ 70 كىلومېتىرغىچە تېزلىك بىلەن چاقىماقتەك يۈرىدۇ. ئەگەر ئاتلانتىك ئوكيانىنى كېسىپ ئۆتكەن پاراخوتنىڭ كاپىتانى ياكى 20 ـ ئەسىردىكى تېز سۈرئەتلىك پويىزنىڭ شوپۇرى بۇ ئىككى غايەت زور ماشىنىنى تۇيۇقسىز توختاتماقچى بولسا، بۇ ئەلۋەتتە ئورۇنلاش ناھايىتى تەس بولغان بىر خىزمەت بولىدۇ.

مېنىڭ دېمەكچى بولغان گېپىممۇ دەل مۇشۇ. ھەربىر ئىنژېنېر مۇنداق بىر مېخانىك قانۇنىيەتنى بىلىدۇ: ھەجمى قانچە چوڭ بولسا قوزغىتىش شۇنچە ئاستا بولىدۇ. بىراق، بىر قوزغىلىپ كەتتىمۇ، ئۇ نۇرغۇن ئېنېرگىيە چىقىرىدۇ ھەم ئۇنى توختىتىش ناھايىتى تەس. ھەجمى كىچىك نەرسىنىڭ قوزغىلىشىمۇ تېز، توختىلىشىمۇ تېز بولىدۇ. سىز 12 توننا يۈك باسقان بىر ماشىنىنى بىر كىچىك ماشىنا قوزغالغانغا ئوخشاش تېز قوزغىلىدۇ، دەپ پەرەز قىلماڭ. كىچىك ماشىنىلار توغرىسىدىكى ئېلانلاردا، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى يېنىك ھەم تېز قوزغىلىدىغانلىقى، سۈرئەتنى تېزلەتكىلى بولىدىغانلىقى سۆزلىنىدۇ. بىراق، يۈك ئاپتوموبىلىدا بۇنداق ئالاھىدىلىك بولمايدۇ.

ئۇنداقتا، بۇلارنىڭ بىز بىلەن زادى قانداق مۇناسىۋىتى بار؟ مۇناسىۋىتى ناھايىتى زىچ، سىز ھايۋانلارنى تەتقىق قىلىۋاتقان چېغىڭىزدا، ھايۋانلارنىڭ ھەرىكىتىنىڭمۇ ئاستا بولىدىغانلىقىنى، ئاستا قوزغىلىدىغانلىقىنى، ھېسسىيات، پسىخىكا ياكى فىزىيولوگىيە جەھەتتىكى ئىنكاسىنىڭمۇ ئاستا ئىكەنلىكىنى بايقايسىز.

ئۇنىڭدىن باشقا، ھەربىر پسىخولوگ شۇنى ئېنىق بىلىدۇكى، بەدەن ھەرىكىتى بىلەن كەيپىيات ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى زىچ مۇناسىۋەت بار. ئەمەلىيەتتە بۇ ئىككىسى بىر ـ بىرىدىن

ئايرىلالمايدۇ. پسىخولوگلار شۇنى چۈشىنىپ يەتتىكى، ئادەتتە كىشىلەر دەۋاتقان روھىي كەيپىيات ئەمەلىيەتتە بىرلا ئالاھىدىلىكىدۇر. ئۇنداقتا، بىز بۇ نۇقتىنى تېخىمۇ ئېنىق چۈشىنىپ باقايلى، پسىخولوگىيە دېگەن بۇ ئاتالغۇدىن قورقماڭ، ئۆزىڭىز بىلىدىغان ئاددىي ساۋاتلارنى ئىشلەتسىڭىزلا بولىدۇ. شۇنىڭدا سۆز ـ جۈملىلەرنى مەڭگۈ ئىشلەتمەيدىغان كىشىلەرگە نىسبەتەن گۇمانلىنىش ھېسسىياتىدا بولمايسىز.

بەستلىك ئادەملەر ئۆزىنى تۇتۇۋالالايدۇ، تەمكىن تۇرالايدۇ، مىجەزى ئېغىر ـ بېسىق. مۇشۇنداق ئادەمگە خىزمەت ئىزدىشىپ بەرمەكچى بولسىڭىز، ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، ئۇلارغا سۈرئىتى تېز، نەپىس، ئىنكاسى تېز بولۇشنى تەلەپ قىلىدىغان خىزمەتلەرنى تونۇشتۇرۇشتىن ھەزەر ئەيلەڭ، بۇ خىزمەتلەرنى ۋىجىك كىشىلەرگە قالدۇرۇپ قويۇڭ.

خۇشال بولغان، ئازابلانغان ۋاقتىڭىزدا، بەلكىم بەدىنىڭىزدە ھېچقانداق ئالاھىدە ئىنكاس بولماسلىقى مۇمكىن، تۇنجى قېتىم قاتتىق ئاچچىقلانغان ۋاقتىڭىزدا جىسمىڭىز ۋە روھىڭىزدا ئازراق ئىزنا قېپقالىدۇ. بىراق، قايتا ئاچچىقلانغان ۋاقتىڭىزدا، ئاچچىقلىنىش كۆپ قېتىم تەكرارلانغان ۋاقىتتا، ئاچچىقلىنىشتىن تېنىڭىزنىڭ ھەرقايسى ئەزالىرىدا، پۈتىڭىزدىن تارتىپ بېشىڭىزغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ھەرقايسى ئەزالاردا ئىزنا قالىدۇ. بۇنى يوقاتماق تەس. خېلى بىرھازادىن كېيىن بۇ ئىزنا روشەن تۇس ئالىدۇ. ئاسانلا ئاچچىقلىنىدىغان كىشىنى — ئاشۇ ئاچچىقلىنىشتىن قېپقالغان ئىزنانى ھەتتا كىچىك بالىمۇ بىر قاراپلا بايقىيالايدۇ.

بەستلىك ئادەم جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن ئۆيغىنىش ئۇچۇن چوقۇم ئاچچىقلىنىش كېرەكلىكىنى، ئەمما بۇنىڭ نەقەدەر تەسلىكىنى بايقىغان. ئۇنىڭ ئېگى ئۇنىڭغا: «ھەي! بۇ ھەقىقەتەن

ئازابلىق ئىش» دەيدۇ. بۇنىڭغا پەقەت ناھايىتى ئورغۇن ۋاقىت ۋە كۈچ سەرپ قىلغاندىلا، ئاندىن ئۇنىڭدا جىددىيلىشىدىغان ھەم ئاچچىقلىنىدىغان كەيپىياتنى شەكىللەندۇرگىلى بولىدۇ، شۇڭا گەۋدىلىك ئادەم ئاسان ئۆزگەرمەيدۇ. ئۇ راھەت تۇرمۇشقا كۆنۈپ كەتكەن. مانا بۇ بەدەن ئېغىرلىقى 200 قاداقتىن ئاشىدىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىشە ئېغىر - بېسىق، مۇلايىم يۇرەلىشىنىڭ سەۋەبى. ئۇلار ئوي - پىكىر ھەم ئىش - ھەرىكەتتە تېخىمۇ ئېھتىياتچان، شۇڭا بەستلىك كىشىلەر ۋىجىك كىشىلەرگە قارىغاندا ئاسان ھاياجانلانمايدۇ.

مەن تەتقىقات ئارقىلىق شۇنداق خۇلاسىگە كەلدىم. بەستلىك كىشىلەر ئۆزىنى تۇتۇۋالالايدۇ، ئېغىر - بېسىق بولىدۇ. ئەگەر سىز مۇشۇ تىپتىكى كىشىلەرگە خىزمەت ئىزدىشىپ بەرمەكچى بولسىڭىز، ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، ئۇلارغا سۇرئىتى تېز، نەپىس، ئىنكاسى تېز بولۇشنى تەلەپ قىلىدىغان خىزمەتلەرنى تونۇشتۇرۇشتىن ھەزەر ئەيلەڭ، ئەمما مۇشۇنداق خىزمەتلەرنى ۋىجىك كىشىلەرگە قالدۇرۇپ قويۇڭ.

جۇغى كىچىك كىشىلەر پىكرى ئۆتكۈر، ھەرىكىتىمۇ تېز كېلىدۇ. بۇنداق ئادەم ئاسان ھاياجانلىنىدۇ. ئاسان ئاغرىپ قالىدۇ. بەستلىك ئادەمنىڭ ھەرىكەت قىلىشى ئۈچۈن بىر قەدەر كۆپ ۋاقىت كېتىدۇ. بىراق، ئۇ ھەرىكەتلىنىپ بولغاندا، ئەڭ ياخشىسى سىز ئۇنىڭدىن يىراقراق تۇرۇڭ. چۈنكى ئۇ سىزنى سوقۇۋېتىشى مۇمكىن. بىراق، مۇنداق بىر نۇقتىنى خاتا چۈشىنىپ قالماڭ. كېسەل بولۇشنىڭ سەۋەبى ناھايىتى ئاسانلا ئاچچىقلىنىش ۋە ئاسانلا ھېسسىياتنىڭ تەسىرىگە ئۇچراش بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بەدەننىڭ بىنورمال ھالەتلىرىمۇ ئورۇق ئادەمنى ھورۇن قىلىپ تاشلايدۇ. شۇنداق بولۇشقا قارىماي، نورمال ئادەملەرنى كۆزىتىشتىن چىقارغان خۇلاسەم شۇنى ئىسپاتلىدىكى، جۇغى كىچىك ئادەمگە قارىغاندا جۇغى يوغان ئادەم ھەرىكىتى ئاستىراق، ئېھتىياتچان، جىمغۇر، ھېسسىياتقا ئاسانلىقچە بېرىلمەيدۇ.

جوْغى كىچىك ئادەمنىڭ ئىنكاسى تېز، ھەرىكىتى چاققان كېلىدۇ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئاسان ھاياجانلىنىدۇ. غىدىقلىنىشنىڭ تەسىرىگە ئاسان ئۇچرايدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن بەستلىك ئادەمنىڭ ھەرىكىتى ئاستا بولىسمۇ، بىراق ئۇ ھەرىكەتكە كەلگەندە، ئەڭ ياخشىسى ئۇنىڭدىن يىراقراق تۇرۇڭ، چۈنكى ئۇ سىزنى ئالمادىس سوقۇۋېتىشى مۇمكىن.

جوْغى كىچىك ئادەملەر ناھايىتى ماسلىشىشچان، ئىنچىكە ھەم ئەستايىدىل كېلىدۇ. ئۇلار ئىرادىلىك، سەۋرچان بولۇپ، ئەسلىگە قايتالايدۇ. ئۇلار بەستلىك ئادەملەردىن جانلىق، ئىشچان، كۆچلۈك، مەن ئىلگىرى بىرقانچە شەخسنىڭ دېلوسىنى ئىگىلىگەندە، جوْغى كىچىك بىرقانچە ئادەم كەمسىتىلگەنلىكتىن كۈرەش قىلىپ، بەستلىك ئادەملەردىنمۇ چوڭ نەتىجىلەرنى يارىتالىغان.

ئەمەلىيەتتە ناپولېئوننىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىنىڭ سىرى دەل مۇشۇ ئىدى. كەسپتە ئۇتۇق قازانغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇنداق مۇۋەپپەقىيەت قازانغان. بەستلىك ئادەم ئېغىر ـ بېسىق، ئىنكاسى ئاستا، مۇلايىم، خاتىرجەم، خۇشخۇي، يېقىملىق كۆرۈنىدۇ، ئۆزىنى ئۆزى قامداپ كېتەلەيدۇ. جوْغى كىچىك ئادەم چاققان، شوخ، ئوي ـ خىيالى ۋە ھەرىكىتى تېز. بەزى چاغلاردا ئالدىراقسانلىق قىلىپ بەك ئاسان ھاياجانلىنىدۇ، ھەتتا بەزىدە ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قالىدۇ ـ دە، چېچىلىپ كېتىدۇ.

تېخىمۇ قىزىق يېرى شۇكى، جوْغى چوڭ ياكى كىچىك بولۇش ئاخىرقى ھېسابتا ھەربىي ئىشلار ئىستراتېگىيەسىدە مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ، بۇ مەسىلە ئاخىر بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا ھەل بولدى. غەلىتە كۆزقاراشتىن ناھايىتى ئاسان ئىسپاتلىغىلى بولىدۇ. شۇ قېتىملىق ئۇرۇشتا يۈز بەرگەن رەزىل كۆرۈنۈشلەرنى ئەسلەپ ئۆتەيلى.

**ھەربىي پسىخولوگ سىزنىڭ جىسمانىي ھەرىكىتىڭىز بىلەن روھىي ھالىتىڭىز ئارىسىدا زىچ مۇناسىۋەت بارلىقىنى، ئىككىسىنىڭ پەقەت ئايرىلالمايدىغانلىقىنى بىلىدۇ.**

ئەينى يىلى، بىرلەشمە ئارمىيە قوماندانى فىرانسىيەلىك گېنېرال فوشې ۋىجىك ئادەم ئىدى، گېرمانىيە ئارمىيەسى ئوتتۇرا يۆنىلىش قوشۇنىنىڭ قوماندانى گېنېرال ئىدىنبورگ بەستلىك ئېغىر دەرىجىلىك بوكسچىلاردەك كالانپاي ئادەم ئىدى، ئەمما گېنېرال فوشې يېنىك دەرىجىلىك بوكسچىدەك چاققان ئىدى. گېرمانىيە ئارمىيەسىنى مەغلۇپ قىلغان ئىستراتېگىيەنى بىلەمسىز؟ ئۇ بولسىمۇ يېنىك دەرىجىلىك بوكسچى ئېغىر دەرىجىلىك بوكسچىغا جەڭ ئېلان قىلىپ، ئۇنىڭغا ئەپچىل تاكتىكا بىلەن تاقابىل تۇرغان. ئۇزاق مۇددەتكە سوزۇلغان تەشكىللەش داۋامىدىكى تەييارلىقلاردىن كېيىن گېرمانىيە ئارمىيەسى دېڭىز بويىدىكى پورتلارغا ھۇجۇم قىلغان.

گېرمانىيە ئارمىيەسى جىرئىبىن شەھىرىگە ئۈچ قېتىم ھۇجۇم قىلىپ كىرگەن. پارىژلىقلار گېرمانىيە ئارمىيەسى ئاتقان زەمبىرەك ئاۋازلىرىنى ئۈچ قېتىم ئاڭلىغان. فىرانسىيە جەزمەن مەغلۇپ بولىدىغاندەك قىلاتتى. گېنېرال فوشې گېرمانىيە ئارمىيەسىگە قانداق تاقابىل تۇرغان ھەم قانداق غەلىبە قىلغان؟ ئۇ دەل قولىدىن ئىش كېلىدىغان ۋىجىك ئادەملەرگە خاس دانالىق، ئەقىل ـ پاراسەت، چاققانلىق، ھوشيارلىقىدىن پايدىلىنىپ، ھەرىكىتى ئاستا بەستلىك ئادەمگە تۇتۇق بەرمەي، ئۇنىڭ ئارمىيەسىنىڭ بىردەم ئۇ ياقتىن، بىردەم بۇ ياقتىن دەككىسىنى بەرگەن. تەييارلىقسىز تۇرغان پەيتىنى تېپىپ تېگىش قىلغان. ئەينى ۋاقىتتىكى بىرلەشمە ئارمىيەسىنىڭ ئۇرۇش ۋەزىيىتى ئېسىڭىزدىمۇ؟ تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، گېنېرال

فوشي گېرمانىيە ئارمىيەسىگە تورۇپ ئوياقتىن، تورۇپ بۇياقتىن زەربە بەرگەن. ئۇ تۇيۇقسىز شىمال تەرەپتىن، ئاندىن ئايلىنىپ يورۇپ جەنۇب تەرەپتىن ھۇجۇمغا ئۆتكەن. قارامىلىق بىلەن تېز قىلىنغان ھۇجۇم ئۇزۇلۇپ قالمىغان. ئۇ كەڭ كۆلەملىك شىددەتلىك ھۇجۇم قىلمىغان، ئەسكەرلىرىنىمۇ كۆپلەپ ئىشقا سالمىغان، بىرەر تومەن ئەسكەر بىرلا ۋاقىتتا ھەرىكەتلەندۈرۈلگەن. بۇ ھال گېنېرال فوشىنىڭ ئەمەس، بەلكى ئىددىنبورگىنىڭ مىجەزىگە ماس كېلەتتى. ئۇزۇلمەي داۋام قىلغان تۇيۇقسىز ھۇجۇم ئاخىر گېرمانىيە ئارمىيەسىنى پاراكەندە قىلىۋەتكەن. شۇنىڭ بىلەن يۇختا ئىددىنبورگ لىنىيەسى بارا ـ بارا يىمىرىلىپ بەربات بولغان. گېرمانىيە ئارمىيەسى ئالدى بىلەن بېلگىيەدىن، ئاندىن فىرانسىيەدىن چېكىندۈرۈلگەن، پۇرسەت قولدىن كېتىپ، ئۇرۇش كۆپ ئۆتمەي ئاياغلاشقان.

مەن بۇ قورقۇنچلۇق چوڭ ئۇرۇشنى ئەسلەشنى خالىمايمەن. ئەمما ئۇ ھەقىقىي ئىسپات، خاراكتېر تەھلىلى شەخسنىڭ مىجەزىنى ئىپادىلەپلا قالماستىن، يەنە دۆلەتنىڭ سىياسىتى، قانۇن تۈرغۇزۇش، تاشقى ئالاقە، ئىقتىساد، ھەربىي ئىشلارغا چېتىلىدۇ. دۇنيانىڭ خېيىم ـ خەتەر ئىچىدە تۈرۈۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

## مەركۇر بابىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى

### قامەتلىك بەدەن

تەن ئالاھىدىلىكى: جۇغى چوڭ، سۆڭىكى يوغان، بەدەن ئېغىرلىقى 200 قاداقتىن ئارتۇق.

خاراكتېر ئالاھىدىلىكى: ئېغىر ـ بېسىق، تەمكىن، ئېھتىياتچان، مىجەزى ياخشى.

خاراكتېر تەھلىلى شەخسنىڭ خاراكتېرىنى ئىپادىلەپلا قالماستىن، يەنە دۆلەتنىڭ سىياسىتى، قانۇن تۈزۈش، تاشقى ئالاقە، ئىقتىساد، ھەربىي ئىشلارغا چېتىلىدۇ. دۇنيانىڭ خىيىم-خەتەر ئىچىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

خاراكتېر ئاجىزلىقى: ھەرىكىتى ئاستا، سەۋرچانلىق ۋە سۈرئەت كەمچىل.

ماس كېلىدىغان كەسپلەر: ئېغىر - بېسىقلىق ۋە تەمكىنلىك تەلەپ قىلىنىدىغان، رىتىمى ئاستا، ئەمما ئۇزاق مەزگىللىك كەسپلەر.

**جۇغى كىچىك بەدەم**

تەن ئالاھىدىلىكى: جۇغى كىچىك، پۇت - قولى قىسقا، ئەقلى قۇۋۋىتى تولۇپ - تاشقان. شوخ، تېتىك، تەمكىن.

خاراكتېر ئاجىزلىقى: ئاسان ھاياجانلىنىدۇ، ئالدىراڭغۇ، تەمكىنلىك كەمچىل، زېھنىي كۈچى ئاجىز.

ماس كېلىدىغان كەسپلەر: چەبدەس، چاققان، ئىنكاسى تېز بولۇش تەلەپ قىلىنىدىغان كەسپلەر.

# ئون تۆتىنچى باب

## ئادەمنىڭ ھەرىكىتى ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتى

«ھەرىكەت قۇرۇق گەپتىن مىڭ ئەلا» دېگەن ماقال - تەمسىلنى سىزمۇ ئاڭلىغانسىز. بۇ ئاددىي ماقال - تەمسىل دەل مۇشۇ بابتا ئىنسانلارنىڭ سەككىزىنچى ئالاھىدىلىكى — چىراي ئىپادىسى سۆزلىنىدىغان بابنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ. كىشىلەرنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئوخشاشماسلىقى قايسى دەرىجىگە بارىدۇ، بۇنى سىزگە ئېيتىپ بېرىشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق، بۇ ئۇلارنىڭ يۇرۇش - تۇرۇشى، ئاۋازى، پوزىتسىيەسى، تاشقى قىياپىتى ھەمدە ئۇششاق ئىشلىرى، مەسىلەن، قول ئېلىشىش ۋە پوچېركىسى دېگەندەك ئىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**كىشىلەرنىڭ چىراي ئىپادىسى، بەدەن ھەرىكىتى، قىياپىتىنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەتقىق قىلساق، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ مەلۇم ئەھمىيىتى بار. مەلۇم قىياپەت مەڭگۈلۈك خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى ياكى ۋاقىتلىق كەيپىيات ھالىتىنى ئىپادىلەيدۇ.**

كىشىلەرنىڭ چىراي ئىپادىسى، بەدەن ھەرىكىتى ۋە قىياپىتى ئۈستىدە ئىنچىكىلىك بىلەن تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك. مەن سىزگە مۇشۇنداق چۈشەندۈرۈپ قويماقچىمەن. مەلۇم قىياپەت مەڭگۈلۈك خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى ياكى ۋاقىتلىق روھىي ھالىتىنى ئىپادىلەيدۇ. قايسى خىلدىكىسى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر سىز چوقۇم ئايرىپ چىقىشىڭىز ھەم ئۇنى چۈشىنىشىڭىز كېرەك.

مەسىلەن، سىز كىشىلەرنىڭ باش كىيىم كىيگەن چاغدىكى قىياپىتىنىڭ ئۇلارنىڭ خاراكتېرىنى ئىپادىلەيدىغانلىقىغا ئىشىنەمسىز؟ ھى - ھى، شۇنداق بولىدۇ. باش كىيىمنى تۈز كىيگەن ئادەم سەمىمىي، ئەمما مۇتەئەسسىپ ئادەم. بۇنداق ئادەم بەزىدە ھەتتا ئادەمنىڭ ئۆزىنى بىزار قىلىۋېتىدۇ. ئەگەر بىر ئادەم باش كىيىمنى ئالدىنى قىيپاش قىلىپ كىيسە، ئۇ جەزمەن سۇيۇق ئادەم. باش كىيىمنى كەينىگە قىيپاش قىلىپ كىيسە، بۇ ئادەم يەڭگىلتەك، خاتىرجەم، ئۆزىدىن ئاسان قانائەتلىنىدىغان ئادەم. سىز ئىبسىلزادە ئادەمنىڭ باش كىيىمنى كەينىگە قىڭغىر كىيگەنلىكىنى كۆرمىگەنسىز! بۇنداق ئادەم گەرچە غەلىتە مىجەز تىپىغا كىرسىمۇ، بۇنداق مىجەز بەزىدە ھەربىر ئادەمدە كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ، بىراق سۇبيېكتىپ ئۇسۇلدا تەتقىق قىلىش ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك. ياۋروپالىق ئانىلار ئوغۇللىرىغا كېلىن نامزاتىنى تاللاشنى قانداق ئۆگىتىدۇ؟ ئۇلار ئوغۇللىرىغا سەن تاللىغان قىزنىڭ يەردە تۇرغان سۈپۈرگىگە قانداق مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى دىققەت بىلەن كۆزەتكىن، دەيدۇ. ئۇ قىز يەردە تۇرغان سۈپۈرگىنى ئېلىپ ئۆينىڭ بۇلۇڭىغا قويۇپ قويىسچۇ؟ يەنە بىر ئىش، ئۆينىڭ مېۋىنى قانداق ئاقلايدىغانلىقىغا قارا. ئىسراپخور قىز مېۋىنىمۇ قېلىن ئاقلايدۇ، تېجەشلىك قىز شۆپۈكىنىمۇ قوشۇپ يەيدۇ. ئەڭ كۆڭۈلدىكىدەك قىز مېۋە شۆپۈكىنى ئىنتايىن نېپىز ئاقلايدۇ، بۇ ئېھتىياتچان قىزدۇر. سىز دىققەت بىلەن كۆزىتىپ باقىنمۇ، بەزى ئادەملەر ئۆرە تۇرغاندا، پۇتىنى مىدىرلىتىپ تۇرىدۇ، بارماقلىرى بىلەن كۆڭلىكىنىڭ يەڭ ئۇچلىرىنى ئويناپ كىر قىلىۋېتىدۇ، سىز بۇنىڭغا دىققەت قىلىپ باققانمۇ؟ بۇ ئۆزىنى ماختاشنىڭ روشەن ئىپادىسى. سىز ئۇنىڭغا ھەرقانداق ئىشنى دەپ بەرسىڭىز بولمايدۇ. كۆچ سەرپ قىلىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق، چۈنكى ئۇنىڭ قولىقىغا كىرىپ چىقمايدۇ. ئۇ ئۆزىنى ھەممىنى مەن بىلىمەن دەپ قارايدۇ.

سىزدىن يەنە شۇنى سوراپ باقاي، سىز تېلېفوندا سۆزلىشىپ تۇرۇپ سىرتتا ئاڭلانغان ئاياغ تىۋىشىدىن شۇ ئادەمنىڭ

ئائىلىڭىزدىكى مەلۇم ئادەم ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرالامسىز؟ سىز ئۇ ئادەمنىڭ قەدەم تىۋىشىدىن ئۇنىڭ خۇشال ياكى خاپا ئىكەنلىكىنى بىلەلەمسىز؟ ئەلۋەتتە بىلەلەيسىز.

ئالدى بىلەن بۇ بابتىكى چىراي ئىپادىسىنىڭ ئاساسىي مەنىسى توغرىسىدا چۈشەنچە بېرىشىمىزغا رۇخسەت قىلىڭلار.

سىز كۆزەتكەن ئادەمنىڭ مىجەزى بىلەن خاراكتېرى مۇنداق ئىككى خىل قىياپەتنى تولۇق ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ. بىر خىلى سىرتقى قىياپىتى، يەنە بىر خىلى ئىچكى قىياپىتى، مەسىلەن، سىز خۇشال بولغان ۋاقتىڭىزدا، ئۆي ئىچىدە ئىككى قولىڭىزنى كۆتۈرۈپ، مۈرىڭىزنى ئوينىتىپ، بېشىڭىزنى تىك تۇتىسىز، مىيىقلىرىڭىزدا تەبەسسۇم پەيدا بولىدۇ. توپ تۇرىدىكى مۇسابىقىلەرنى كۆرگىنىڭىزدە تۈيۈقسىز سىز قوللايدىغان بىر تەرەپ يەڭسە ياكى ئۆزىڭىز قىزىقمايدىغان كوماندا ئۇچۇن قىزغىن چاۋاك چېلىنسا، سىز ئۆز ھېسسىياتىڭىزنى مۇشۇنداق ئىپادىلەيسىز. مۇنداقچە ئېيتقاندا، سىرتقى قىياپەت كۆپىنچە ئاكتىپ، خۇشال، قىزغىن ھېسسىياتنى ئىپادىلەيدۇ.

بىلىشىڭىز مۇمكىنكى، ھېسسىيات ئادەمنى ئەر ـ ئايال دەپ ئايرىمايدۇ. ھەممىسى كۆپىنچە ئۆزىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى نامايان قىلىدۇ، ئۆزىگە ئىشەنگەن، باتۇر، قەھرىمان كېلىدۇ. ئۇلار خۇشال بولغاندا ھەمىشە قەلەمدەك تۈز ئولتۇرىدۇ، بېشىنى تىك تۇتىدۇ، كۆكرىكى كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدۇ، ئىككى قولى يېنىغا قويۇلغان، ئاغزى ئېچىلغان ھالەتتە بولىدۇ. بولمىسا ھۆججەتلىك فىلىمنى كۆرۈپ بېقىڭلار، فىلىمدە گىتلېر ۋە موسسولىنىدىن ئىبارەت بۇ ئىككى مۇستەبىتنىڭ قىياپىتى روھلۇق، ئاندىن كېيىن قوشۇنىنىڭ پارات مۇزىكا ئەترىتى ئورۇنىدىغان مۇزىكىغا كەلتۈرۈلۈپ تاشلىغان رىتىملىق قەدەملىرىنى كۆرگەندە، بۇ ئىككى مۇستەبىتنىڭ ئۆزىگە ئىشەنگەن ھەم روھلۇق قىياپىتىگە قاراپ بېقىڭ. بۇنداق قىياپەت دېڭىز ۋە قۇرۇقلۇق ئارمىيە مەكتەپلىرىنى پۈتكۈزگەن ھەربىر ئوقۇغۇچىنىڭ چىرايىدا ئەكس ئېتىدۇ. مەن بۇ ئاكتىپ چىراي

ئىپادىلىرىگە «غالىبلارچە قىياپەت» دەپ ئىسىم قويدۇم. سىز ھەرگىزمۇ بىر قوماندانىنىڭ لايغەزەللەرچە ئىستولىبىغا يۆلىنىپ تۇرغانلىقىنى كۆرمەيسىز. غەلىبە قىلغۇچىلار ئىككى پۇتىنى ئالماپ، قول قوۋۇشتۇرۇپ ئولتۇرىدۇ، ئېڭىكىنى تۆۋەنگە قارىتىپ، ئالدىغا ئېگىلىپ تۇرغانلىقىنى كۆرمەيسىز، چۈنكى بۇنداق چىراي ئىپادىسى پاسسىپ ۋە مەغلۇپ بولغانلارغا مەنسۇپ بولىدۇ.

يەنە بىر تەرەپتىن، سىز ھەر قېتىم ئازابتىن ھوشىڭىزنى يوقاتقىنىڭىزدا چوقۇم (تۈگۈلۈپ قالىسىز) بېشىڭىز ساڭگىلىغان ھەمدە پۇتۇن بەدىنىڭىز بوشىشىپ كەتكەن بولىدۇ. بۇ پاسسىپ، پەرىشان، ئازابلىنىق، ئۈمىدسىز قىياپەت. بۇنداق ئىپادىنى ھەتتا ئادەتتىكى ھايۋانلارمۇ بىلەلەيدۇ، ئىتىڭىزغا بىر ئىشنى تاپىلىغان ۋاقتىڭىزدا ئاۋازىڭىز قاتتىقراق چىقىپ كەتسە ياكى مۇشتۇمىڭىزنى تەڭلەپ ۋارقىرىسىڭىز، ئىتىڭىز ئالدىڭىزدا تۈگۈلۈپ كېتىدۇ.

يەنە بىر مىسال كەلتۈرەيلى، يالغان سۆزلەشكە ئادەتلەنگەن ئادەمنى دىققەت بىلەن كۆزىتىپ بېقىڭ، نېمە دېيىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ قولىغا قاراڭ. چۈنكى قول ئۇنىڭ دېگەنلىرىنىڭ راست ـ يالغانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ قولى ياكى بارماقلىرى پەرۋاسىز ھالدا ئىككى تەرەپكە تاشلانغان بولسا، ئۇنداقتا، ئۇنىڭ قانداق سۆزلىشىدىن قەتئىينەزەر دېگەنلىرىنىڭ ھەممىسى يالغان. ھەي يىگىت، ئەگەردە ئۇنىڭ قولى مىدىرلاپ كەتسە، ئۇنداقتا ئۇنىڭ دېگەنلىرىنىڭ ھەممىسى راست. ھەرىكەت قىياپىتىدە قول كېيىنگە تارتىلسا، ئۇ ھالەت ئىنكار قىلغانلىقنى، قورققانلىقنى، ئۈمىدسىزلىنىشنى ياكى بىئارام بولغانلىقنى بىلدۈرىدۇ. ئەڭ تىپىك ئەھۋال شەخسىي سىر ياكى ئالدامچىلىقنىڭ ئىپادىلىنىشىدۇر.

بۇ يەردە خاراكتېرگە ھۆكۈم قىلىشنىڭ ئەڭ مەخپىي سىرىنى سىزگە ھەدىيە قىلىمەن. مەن بۇ مەخپىيەتلىكنى ئاللىقاچان تۇمەنلىگەن ئىجرا قىلغۇچى خادىم ۋە مال ساتقۇچىلارغا يەتكۈزدۇم.

تەخمىنەن 1200 دىن ئارتۇق شىركەت بار. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بۇ ئۇسۇللارنى ئىشلىتىپ، ھەر كۈنى ياللانغۇچى خادىملار ۋە خېرىدارلارنى مۆلچەرلەپ مەلۇم ئۇنۇمگە ئېرىشكەن، ئەگەردە سىز ئىلگىرى ئۆگەنگەن خاراكتېرنى تەھلىل قىلىش ئۇسۇللىرىدىن ھېچنېمىگە ئېرىشەلمىگەن بولسىڭىز، بۇ ئۇسۇل چوقۇم سىزگە ئىنتايىن پايدىلىق.

قايىل قىلماقچى بولغان دوستىڭىزنى كۆزىتىڭىزگە پۈكۈپ، سىز مەسلىھەت بەرمەكچى بولغان خېرىدارنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئالدىنئالا تەييارلىۋېلىڭ. ئۇلار ئورۇندۇقتا يۆلىنىپ ئىككى پۇتىنى ئالماپ ئولتۇرامدۇ؟ ئۇلار ئىككى قولىنى قولتۇقىغا قىستۇرامدۇ؟ بۇ ئېنىقكى، رەت قىلغانلىقنىڭ ئىپادىسى. ئۇ سىزگە ئىشەنمەيدۇ ياكى سىزدىن گۇمانلىنىدۇ، يەنە كېلىپ، بۇنداق ئىچكى مىجەزلىك قىياپەت، ئىككى قولىنى قولتۇقىغا قىسىش ھەتتا رەت قىلىش ياكى رىقابەت ئېلان قىلىش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. ئىككى بالىنىڭ قايىل بولماي ئۇرۇشقان قىياپىتىنى كۆرگەنمۇ؟ كۆپ ھاللاردا ئىككى بىلىكىنى كۆكرەك ئالدىغا ئەكېلىدۇ، كۆزلىرىدىن غەزەپ يانىدۇ.

ئىتالىيەلىك مۇتەبىت موسسۇلىن ھەر قېتىم ئاممىنىڭ ئالدىدا كۆكرىكىنى كېرىپ ئېڭىكىنى ئالدىغا سوزۇپ، بېشىنى تىك تۇتۇپ، ئىككى مۈرىسىنى كۆتۈرۈپ يۇقىرى ئاۋازدا نۇتۇق سۆزلەيتتى.

سۆھبەتدىشىڭىزنىڭ پاسسىپ قارشىلىقىنى ئىپادىلەيدىغان بەدەن ھالىتىنى كۆرگەن چېغىڭىزدا چوقۇم سۆھبەتنى توختىتىشىڭىز كېرەك، بولمىسا قاملاشمىغان ئىش بولىدۇ، شۇڭا سىز تېزلىك بىلەن خاتالىقنى تاپسىڭىز توغرا بولىدۇ، قانداق قىلىش كېرەك؟ مەن سىزگە مۇشۇنداق پاسسىپ بىتەرەپ پوزىتسىيەدىكى كىشىنى قايىل قىلىشنىڭ ئىككى خىل تەدبىرىنى سۆزلەپ بېرەي. بىرىنچى، سوئال سوراش — ئۇنىڭدىن ئىشنىڭ سەۋەبىنى سوراڭ. تاكى ئۇ سىزنىڭ سوئالىڭىزغا جاۋاب بەرگەنگە

قەدەر ئۇزۇلدۇرمەي سوراڭ. ئۇ يەنىلا ئىككى قولىنى ئالماپ قولتۇقىغا قىسىپ تۇرۇۋەرسە، ئىككىنچى تەدبىرنى قوللىنىڭ. ئىككىنچى تەدبىر: ئۇنىڭغا بىر نەرسە سوۋغا قىلىڭ، يەنى كىتاب، رەسىم، خەرىتە تۇرىدىكى نەرسىلەرنى سوۋغا قىلىڭ، بۇ چاغدا ئۇ قولىنى سوزۇپ سوۋغاتنى ئېلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. چۈنكى بىر ئادەمنىڭ بەدىنى ئازادە تۇرغان چاغدىلا، كۆڭلىمۇ ئازادە بولىدۇ، يەنە كېلىپ سىزنىڭ پارىڭىڭىزنىلا ئاڭلاۋاتقان كىشى مۇشۇنداق ياخشى پوزىتسىيە ئارقىلىق تەكلىپ ـ پىكىرلىرىڭىزنىڭ كۈچى بىلەن قايىل بولۇپ، سىزنىڭ مېلىڭىزنى سېتىۋالىدۇ. بىراق، ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، مال ساتقۇچىلار قولىنى گىرەلەشتۇرۇپ توختام تۈزگەن ئەمەس. ھەرقانداق ئادەم قولىنى گىرەلەشتۈرگەن قىياپەتتە دېكلاماتسىيە قىلغۇچىغا ياكى تەنھەرىكەتچىگە چاۋاك چالمايدۇ. «ياق» دېگەن قىياپەتنى ناھايىتى كەسكىن تاماشىبىنلارنىڭ ئارىسىدىن ئايرىيالايمىز. نېمە دېيىشىدىن قەتئىينەزەر بۇ خىل قىياپەت مەڭگۈ «ياق» دېگەننى ئىپادىلەيدۇ.

يەنە بىر تەرەپتىن، بىر ئادەمنىڭ بەدەن قىياپىتى سىز تەرەپكە يۈزلەنگەن، ئۆزىنى بوش قويۇۋېتىپ، ئاغزى، كۆزى يوغان ئېچىلغان، قولى ئوچۇق بولسا، ئۇ چوقۇم سىزگە قىزىقىپ قالغان، ئۇ قۇلىقىنى دىك تۇتۇپ ئاڭلىغاندىن سىرت كاللىسى ئارقىلىق تەپەككۇر قىلىدۇ. ئۇ سىزگە ئىشىنىدۇ، ئۇ يەنە كۆپرەك بىلىشنى خالايدۇ. شۇڭا سۆزىڭىزنى داۋاملاشتۇرۇڭ.

ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، بىر ئادەمنىڭ قىياپىتى يېپىق ھالەتتە بولسا ئۇلارنىڭ قەلبىمۇ يېپىق ھالەتتە بولىدۇ. ئوچۇق ھالەت بولسا، قەلبىمۇ ئوچۇق ھالەتتە بولىدۇ.

يۇقىرىدىكى ئىككى بايانىدىن ئادەمنىڭ خاراكتېرى ئانچە ئىپادىلىنىپ كېتەلمەيدىغانلىقىنى چۈشەنگەن بولسىڭىزمۇ، بىر ئادەم ئۆزىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى قوبۇل قىلىش ھالىتىنى ئېنىق ئىپادىلىگەندىن سىرت يەنە بىرقانچە تۈرلۈك روھىي كەيپىياتنى ئىپادىلەيدۇ.

ئالدى بىلەن قول ئېلىشىشنى دەيلى. مەن بۇ خىل ھالەتنىڭ مۇھىملىقىنى سىزگە دېگەن. ئۇ سىزگە مۇسكۇل بىلەن سۆڭەكنىڭ بوش ـ چىڭ ۋە قاتتىق ـ يۇمشاقلىقىنى دەپ بەرگەندىن سىرت، سىزگە تېخىمۇ كۆپ ھەم مۇھىم ئىشلارنى دەپ بېرىدۇ. ئۇ سىزگە مەلۇم بىر ئادەمنىڭ ئويلىغىنى بىلەن ھېسسىياتىنى، سالامەتلىك ئەھۋالى بىلەن ھېسسىي ھالەتلىرىنى ئېيتىپ بېرەلەيدۇ.

ئېرەنسىز، بوش، روھسىز قول ئېلىشىش ھاياتىي كۈچى ۋە قىزغىنلىقىنىڭ كەمچىللىكىنى ھەمدە بەدىنىنىڭ ماغدۇرسىزلىقىنى، روھىي ھالىتىنىڭ غەمكىنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. شۇڭا بۇنداق ئادەمگە تايانسىڭىز بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ خاراكتېرى خۇددى سىز بىلەن قول ئېلىشقان چاغدىكىگە ئوخشاش كۈچسىز. بۇنداق قول ئېلىشىشتىن ئۇنىڭ سىزگە كۆڭۈل بۆلەلمەيدىغانلىقىنى بىلەلەيسىز.

يېقىن دوستىڭىز ياكى بىر ناتونۇش ئادەمنىڭ خېتىدىنمۇ ئۇنىڭ خاراكتېرىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. پوچېركا نېرۋىلار تەۋرەنگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى. مەن بۇ يەردە پوچېركا بىلەن خاراكتېرنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەپسىلىي تەتقىق قىلىشنى خالىمايمەن. ئەمما ئاسان كۆزەتكىلى بولىدىغان بىرقانچە ئالاھىدىلىكلەرنى سىزنىڭ پوچېركىڭىزدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بىراق، سىز چوقۇم ئۇنتۇپ قالماسلىقىڭىز كېرەككى، پوچېركا ئادەمنىڭ ۋاقىتلىق كەيپىياتىنى ئاسان ئىپادىلەيدۇ، مەڭگۈلۈك ساقلاشقا ۋەكىللىك قىلىش سالمىقى ئازراق. ھازىرقى پوچېركىڭىز بەش يىل ھەتتا 10 يىل ئىلگىرىكى پوچېركىڭىز ئوخشاشمايدۇ. يەنە كېلىپ پوچېركىڭىز ھەتتا سىزنىڭ ھېسسىياتىڭىز بىلەن روھىي ھالىتىڭىزگە ئوخشاش ھەر كۈنى ھەر خىل بولىدۇ. مەسىلەن، ئادەم خۇشال، تېتىك ۋاقىتىدا پوچېركا تۈز، سەل قىيپاش چىقىدۇ. ئەگەر غەمكىن، ئۈمىدسىز ۋاقىتتا پوچېركىڭىز يانتۇ چىقىپ قالىدۇ. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان

قىزىقارلىق ئىش شۇكى، ئاق تەنلىك ئادەملەرنىڭ پوچېركىلىرى يۇقىرىغا يانتۇ بولۇپ، بۇ ئۇلارنىڭ ئۇمىدۋار، قىزغىنلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. قوڭۇر تەنلىك ئادەملەر بولسا كەيپىياتى تۇراقسىز، شۇڭا پوچېركىلىرى يانتۇ بولىدۇ.

ھەربىر خەتنى ھەددىدىن زىيادە يانتۇ قىلىپ يازغان ئادەمنىڭ زېھنى ئۆتكۈر بولىدۇ. ئالغا ئىنتىلىشچان، سەۋرسىز كېلىدۇ، خاراكتېرى كۆپۈنگۈ يۇز شەكلى تىپىدىكى ئادەمنىڭ خاراكتېرىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

ھەربىر خەتنى ئىنتايىن رەتلىك ياكى ئارقىغا تارتىپ يازغان ئادەم تەبىئىي ھالدا ئىنتايىن ئېھتىياتچان، ئىنچىكىلىك بىلەن ئويلىنىدىغان ھەمدە سىر ساقلىيالايدىغان ئادەم.

بالىلار يازغان خەت مەڭگۈ چوڭ ھەم قالايمىقان بولىدۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ مېڭىسىنىڭ تەدرىجىي تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ئەقىل - پاراسىتى ۋە زېھنىي كۈچى تەڭ ئۆسۈپ يېتىلىدۇ. ئۇلارنىڭ پوچېركىسى كۈنسېرى كىچىك ۋە رەتلىك بولىدۇ. ياشانغانلارنىڭ پوچېركىسى دائىم قولىنىڭ ئاجىز تىترەپ تۇرىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ مۇسكۇلنىڭ مەشغۇلات كۈچى بارغانسېرى كېمىيىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

يېقىندا زېلاندىيەدىكى ۋاقتىمدا بىر ماھىر سودا ئاخباراتچىسى بىلەن تونۇشۇپ قالدىم. ئۇ مۇھىم سودا ئاخباراتلىرىنى بىر پارچە ئاتكرىتكىغا يېزىشقا ئادەتلەنگەن. پوچېركىسى ئىنتايىن زىچ ھەم ئۇششاق ئارىلىق قالدۇرۇپ يېزىلغان بولسا، ئاتكرىتكىنىڭ ئالدى ۋە كەينى تەرىپى يەتكەن بولاتتى. بۇ ئالاھىدىلىك شۇ كىشىنىڭ ئىقتىسادچىللىق ھەتتا پىخسىقراق ئادەم ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. ئەكسىچە، خەتنى چوڭ ھەم ئارىلىق قالدۇرۇپ يازغان ئادەم ئىسراپخوردۇر.

مەخپىيەتلىكنى ساقلىيالايدىغان ئادەم g، d، a، o قاتارلىق ھەرپلەرنى ئۆلچەملىك يازالمايدۇ. ئۆلچەملىك يازالىغان ئادەم ئوچۇق

مىجەز بولۇپ، ئۇ ھەرقانداق ئىشنى سىزگە دەپ بېرىدۇ، كۆپىنچە ھاللاردا ئۆزىنىڭ مەخپىيەتلىكىنى ساقلىيالمايدۇ.

بىر ئادەم مەيلى ئايال ياكى ئەر بولسۇن، يازغان خېتىنى چوڭ باشلاپ، ئاخىرىدا بارغانسېرى ئۇششاقلاپ كەتسە، ئۇ جەزمەن ۋەدە بېرىشكە ئامراق، بىراق ئەمەلىيەتتە ئۆز ۋەدىسىدە تۇرمايدۇ. پوچېركىسى توم بولغانلار تېنى ساغلام، تەرتىپلىك ئىش قىلىدۇ ھەم جاپاغا چىدىيالايدۇ.

بەزى ئادەملەر ئەزەلدىن باشقىلار بىلەن قول ئېلىشىشنى خالىمايدۇ. ئامالسىز قالغان ۋاقىتتا، ئۇ قولىنى سىزگە بېرىدۇ. ھېچقانداق ئىنكاس بىلدۈرمەيدۇ، بۇنداق قول ئېلىشىدىغان ئادەملەر ئۆزىنى مەركەز قىلىدۇ، ئادەملەرگە سوغۇق مۇئامىلىدە بولىدۇ. باشقىلار بىلەن كارى بولمايدۇ ھەمدە قىزىقىشى كەمچىل ئادەملەر تىپىغا كىرىدۇ.

ئىللىق ھەم كۈچلۈك قول ئېلىشقاندا كۈچىنىشى تەكشى، باش بارمىقى قولىڭىزنىڭ ئۈستىنى بېسىپ تۇرسا، بۇ شۇ ئادەمنىڭ دوستانە، ساداقەتمەن، ئىشەنچلىك ھەمدە كۆڭلى ـ كۆكسى كەڭ ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. ھەددىدىن زىيادە يېقىنچىلىق قىلىپ سىز بىلەن قول ئېلىشىدىغان ئەر ـ ئاياللاردىن ئېھتىيات قىلىڭ. ئەڭ يېقىن دوستلىرىڭىز بۇنىڭ سىرتىدا. بۇ خىل ھېسسىيات قوزغالغان چاغدىكى بۇنداق قول ئېلىشىش ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەنلىك بولۇپ، ئۇ سىزدىن بىرەر ئىشنى ئۆتۈنىدۇ. جېنىنىڭ بارىچە كۈچەپ قول ئېلىشىش ئادىتى بارلار زىيادە كۈچلۈك، مىجەزى قوپال، سىز بىلەن ئانچە تونۇشلۇقى يوق، يەم ـ پاراستى كەمچىل ئادەملەرگە كىرىدۇ.

ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، قول ئېلىشىشتىن كۆزىتىلگەن ئادەمنىڭ خاراكتېرى، ئۇلارنىڭ قىياپىتى ۋە تەبىئىتىنى ئىپادىلەپلا قالماستىن، بەلكى يەنە يېقىنلىقى كەيپىياتى ھەم ھېسسىياتىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. سىز بىر ناتونۇش ئادەم بىلەن ھەرگىزمۇ ياخشى ئۆتىدىغان دوستىڭىز ياكى ئاشىقىڭىز بىلەن قول

ئىلىشقاندەك قول ئىلىشمايسىز، باشقىلار بىلەن ساغلام، خۇشال ۋاقتىڭىزدا قول ئىلىشقان چاغدىكى كەيپىياتىڭىز ئىچىڭىز سىقىلىپ تۇرغاندا قول ئىلىشقان چاغدىكى كەيپىياتىڭىز بىلەن ئوخشاشمايدۇ.

سوغۇق قول، قىزغىنلىقى كەمچىل كىشىنىڭ تەبىئىتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ، بىر ئادەمنىڭ قولى ئەگەر دائىم ئىسسىق تۇرسا، مىجەزىمۇ ئىللىق بولىدۇ. بۇ خىل ئادەم مول ھېسسىياتقا ئىگە ياكى ئۇنىڭ كاللىسىدا قىزغىن ھېسسىيات بىلەن مۇھەببەت بار.

بۇ بابتا سۆزلەنگەن ئادەمنىڭ چىراي ئىپادىسى مەسىلىسىنى ئاخىرلاشتۇرۇش ئالدىدا، ئىنتايىن مۇھىم بىر نۇقتىنى كۆرسىتىپ بېرەي، قولىنى تارتىپ تۇرسا بۇ ئىنكار قىلىشنى، قورقۇنچاقلىقنى، ئۈمىدسىزلىكنى ياكى قايغۇنى ئىپادىلەيدۇ. چاكىنا ھالەت شەخسىي سىر ۋە ئالدامچىلىقنى ئىپادىلەيدۇ.

كىشىلەرنىڭ بەدەن شەكلىدىكى توققۇز خىل ئالاھىدىلىكنىڭ ئىچىدىكى ئۆزگەرتىشكە ياكى ئىدارە قىلىشقا بولىدىغان ئالاھىدىلىك شۇكى، ھېچقانداق ئادەم ئۆزىنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ، پەقەت ھۆسن تۇزەش ئوپېراتسىيەسى قىلدۇرمىسىلا، ھەرقانداق ئادەم تېرىسىنى ۋە چېچىنىڭ رەڭگىنى، ئۇستىخان قۇرۇلۇشىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ، بىراق چىراي ئىپادىسىنى، يۈرۈش- تۇرۇش قىياپىتىنى ئۆزگەرتەلەيدۇ. ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، بۇ كىتابنىڭ ئالدىنقى بىرقانچە بابلىرىدا سۆزلەنگەن ئۆزگەرتىشكە بولمايدىغان تەن ئالاھىدىلىكلىرىگە قاراپ ئادەملەرنى كۆزىتىش، كەينىدىن قاراپمۇ چىرايىنى قىياس قىلغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ قول ئىلىشىش ئۇسۇلى، پوچىركىسى قاتارلىقلارغا تېخىمۇ بەك قاراش — مەڭگۈ كۆڭلىدە ساقلاش كېرەك. بىر ئادەمنىڭ ياكى مەلۇم بىر سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يۈرۈش - تۇرۇشى ئۇنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى بىلەن بىردەك بولماي قالسا، ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، ھەرىكەت قۇرۇق گەپتىن ئەلا، بىراق قۇرۇق سۆزگە

ئوخشاش ساختا، ئەمما ھەقىقەت بىلەن ساختىلىق ھەقىقىي خاراكتېرنى تەھلىل قىلغۇچىلارنىڭ كۆزىدىن قېچىپ كېتەلمەيدۇ.
ئاخىرىدا، لېكىن بۇ ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغىنى ئەمەس، بىز توققۇز خىل تەن ئالاھىدىلىكى ــ بەدەن ساپا ئەھۋالى بولۇپ، بۇ ئادەتتىكى نۇرغۇن خاراكتېر تەھلىل قىلغۇچىلار سەل قارايدىغان بىر تۈر بولۇشى مۇمكىن.
سىز ئېغىر ـ بېسىقلىق بىلەن بىر دوستىڭىزنى كۆزىتىپ، ئۇنىڭ يۈز شەكلى، تېرە رەڭگى، گەۋدىسى، تەن تۇزۇلۇشى قاتارلىقلار بىلەن تونۇشۇپ چىقىپ ۋە تەھلىل قىلىپ، ئۇنىڭ جانلىق، زېھىن ۋە كۈچ ـ قۇۋۋەتكە ئىگە ئەمەلىيەتچىل تىپىدىكى خاراكتېرلىك ئادەم ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلدىڭىز، ھالبۇكى، ئۇنىڭدا بۇ خىل ئالاھىدىلىكلەرنىڭ ھېچقايسىسى يوق بولسا، ئۈمىدسىزلەنمەڭ ھەم خاراكتېر تەھلىل قىلغۇچىلارنىڭ ھەممىتى تۇتۇرۇقسىز گەپ قىلىدۇ دەپ قارىماڭ، يەنىمۇ ئىنچىكىلىك بىلەن ئۇنى تەتقىق قىلىڭ، ئۇنىڭ بەدەن ھالىتى ۋە سالامەتلىك ئەھۋالىغا تەپسىلىي قاراڭ، سىز ئەسلىدە ئۇنىڭ بادامىبېزىدە مەسىلە بارلىقىدىن، يۈرەكنىڭ ئاجىزلىقىدىن ياكى باشقا كېسەللىك سەۋەبىدىن ئەسلىدە بار بولغان ئارتۇقچىلىقلىرىمۇ پۈتۈنلەي يوقىلىپ كەتكەنلىكىنى بىلەلەيسىز.
ئەستە تۇتۇڭ! ئەگەر سىز پائالىيەتچان بىر ئادەمنىڭ ھورۇن، ئەسلىدە تەمكىن بىر ئادەمنىڭ ھېسسىياتچان، ئىقتىدارلىق بىر ئادەمنىڭ ئاسان چېچىلىپ ئۇرۇشقاق بولۇپ قالغانلىقىنى بايقىسىڭىز، بۇنىڭدا مەلۇم كېسەللىكنىڭ بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن.
سىزمۇ ئۆزىڭىزنى تەكشۈرۈپ بېقىڭ، مۇشۇ بىر قانچە كۈن ياكى مۇشۇ بىر قانچە ھەپتە ئىچىدە كەيپىياتىڭىز، مىجەزىڭىز پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كەتكەندەك بولۇپ، ئۆزىڭىزنى ياخشى خىزمىتىڭىزدىن خۇشال ئەمەستەك ھېس قىلىۋاتامسىز؟ ئەگەر بۇنداق ئەھۋال ئۆزۈڭىزغا سوزۇلسا، چوقۇم قاتتىق دىققەت قىلىڭ،

ئەڭ ياخشىسى دوختۇرخانىغا بېرىپ سالامەتلىكىڭىزدە مەسىلە بار - يوقلۇقىنى تەكشۈرتۈپ كۆرۈڭ. ناۋادا ئۆزىڭىزنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەھلىل قىلغان بولسىڭىز، ئۆزىڭىزنىڭ قايسى خىلدىكى ئادەم ئىكەنلىكىڭىزنى، قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى چۈشەنسىڭىز، ئەمما ھازىرقى ئەھۋالىڭىزغا توغرا كەلمىسە، «بەدەننىڭ ئەھۋالى» دېگەن بۇ تۈرنى ئۆتتۈپ كېتىڭ.

سىز قايىل قىلماقچى بولغان دوستىڭىزغا ياخشىراق قاراپ بېقىڭ، نەسىھەت قىلماقچى بولغان خېرىدارىڭىزغا دىققەت قىلىپ بېقىڭ. ئۇلار گىدىيىپ ئىككى پۇتىنى ئالماپ ئولتۇرۇپتىمۇ؟ ئىككى بىلىكىنى قوۋۇشتۇرۇپ كۆكرىكى ئۈستىگە قويۇۋاپتىمۇ؟ بۇ ھالەت ئۇلارنىڭ رەت قىلىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ، چۈنكى ئۇلار سىزگە ئىشەنمەيدۇ.

سىزدە مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايدىغان قانداقلا ئىقتىدار بولۇشتىن قەتئىينەزەر، ئەگەر سالامەتلىكىڭىز ياخشى بولمىسا، ئۇنداقتا بۇ ئىقتىدارىڭىز ئاستا - ئاستا يوقىلىدۇ. ئەگەر سىز غايە ۋە كۆز قاراش جەھەتتە بىردەك بولغان بىر كىشى بىلەن توي قىلىپ، گۈزەل تۇرمۇشتىن بەھرە ئېلىۋاتقان بولسىڭىزمۇ، بىراق سىزنىڭ ئاجىز، كېسەلچان تېنىڭىز بۇ گۈزەل نىكاھنى ھامىنى ۋەيران قىلىدۇ ياكى سىز ئۆزىڭىزگە ئەڭ ماس كېلىدىغان خىزمەتنى تاپقان بولسىڭىزمۇ، لېكىن سالامەتلىكىڭىز ياخشى بولمىسا، ئۇنداقتا سىز بۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئامالسىز قالىسىز.

مەن بىر تونۇش كىشىنى، يەنى ناھايىتى ئاق كۆڭۈل بىر پىروفېسسورنى ئەسكە ئالدىم. ئۇ مەكتەپتە مۇلايىملىقى ۋە ئېسىللىكى بىلەن ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكەنىدى. بىر كۈنى ئۇ تۇيۇقسىز سەۋەبسىزلا ئاچچىقلىنىدىغان، غەزەپلىنىدىغان قوپال بىر كىشىگە ئايلىنىپ

قالدى. دوختۇرمۇ سەۋەبىنى تاپالمىدى. ئۇنىڭ ئائىلىسى ناھايىتىمۇ مۇكەممەل بىر ئائىلە بولۇپ، ئىقتىسادىي جەھەتتىمۇ ھېچقانداق قىيىنچىلىقى يوق ئىدى. بۇ ھەقىقەتەن بىر غەلىتە ئىش ئىدى. ئەڭ ئاخىرىدا بىر مۇتەخەسسىس ئۇنىڭ كۆز مۇڭگۈز پەردىسىگە بىر نەرسە ئۆسۈپ قالغانلىقىنى، بۇ پىروفېسسورنىڭ يۈتكۈل نېرۋا سىستېمىسى قالايمىقانلىشىپ كەتكەنلىكىنى بايقىدى. دوختۇر مۇۋاپىق ئۇسۇل ئارقىلىق ئوپېراتسىيە قىلىپ ئۇ نەرسىنى ئېلىۋەتكەندىن كېيىن، بۇ پىروفېسسورنىڭ مىجەزىمۇ ئۆزگىرىپ ئاۋۋالقىدەك مۇلايىم بولۇپ قالدى.

يۇقىرىدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مەزكۇر كىتابتا سۆزلەنگەن توققۇز خىل تەن ھالىتىنىڭ ئۆزگىرىشىنىڭ ھەممىسى خۇددى كۆۋرۈكنىڭ ھەممە تۈۋرۈكلىرى ئورتاق ھالدا كۆۋرۈكنى كۆتۈرۈپ تۇرغانغا ئوخشاش بىر ـ بىرىدىن ئايرىلالمايدىغانلىقىنى بىلىۋالدۇق. كۆۋرۈكنى تىرەپ تۇرغان ھەربىر تۈۋرۈك ساق تۇرغاندىلا ئاندىن سىز بۇ كۆۋرۈك ئارقىلىق نىشانغا يېتەلەيسىز، لېكىن تۈۋرۈكلەرنىڭ بىرىدىن چاتاق چىقىپ قالسا، ئۇنداقتا كۆۋرۈك مۇقىم تۇرالمايدۇ.

خاراكتېر تەھلىلى ھەرگىزمۇ ئوتتۇرىسىنى تاشلاپ ئۆتۈپ، ئاخىرىنى تەھلىل قىلىدىغان ئىلىم ئەمەس، ئۇ بەلكى ئىزچىللىقنى تەلەپ قىلىدىغان ئىلىم. بۇ يەردە جەمئىي توققۇز خىل بەدەن ھالىتى ئۆزگىرىشى بولۇپ، ئۆزىڭىزنى ياكى باشقىلارنى چۈشىنىمەن دېسىڭىز، پەقەت مۇشۇ توققۇز خىل بەدەن ھالىتى ئۆزگىرىشىنى ياخشى كۆزەتكەندىلا ئاندىن نىشانىڭىزغا يېتەلەيسىز.

ئەڭ ئاخىرىدا مۇنداق بىر مەسىلە بار، شاگىرتلىرىمنىڭ كۆپىنچىسى مەندىن ئادەمنىڭ خاراكتېرى ئۆزگىرەمدۇ؟ دەپ سورايدۇ. ئادەتتە كىشىلەر بىر ئادەمنىڭ تۇغما خاراكتېرىنىڭ مۇقىم بولىدىغانلىقىنى، ئۆزگەرمەيدىغانلىقىنى بىلىدۇ. بىراق، ھازىرقى زامان پسىخولوگلىرى بۇنى خاتا دەپ قارايدۇ ھەم ئالەمدە

ئۆزگەرمەيدىغان شەيئى يوق، ئەڭ ئىگىز تاغنىڭ چوققىسىدىكى گۈلنىڭ بەرگلىرىدىن تارتىپ، ھەربىر شەيئى، يەنى ئەڭ كىچىك مولېكۇلادىن تارتىپ سامانيولىدىكى يۇلتۇز سىستېمىسىغىچە، ھەربىر مولېكۇلا، ھەربىر شەيئى توختىماي ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، دەيدۇ.

ئەگەر سىز باشقىلار بىلەن مەلۇم بىر ئىش ئۈستىدە مەسلىھەتلىشىۋاتقاندا، قارشى تەرەپ پاسسىپ قارشى تۇرۇشنى ئىپادىلەيدىغان ھالەتنى ئىپادىلىسە، دەرھال سۆھبەتنى توختىتىڭ، چوقۇم بىر كۆڭۈلسىزلىك يۈز بېرىشى مۇمكىن، سىز سەۋەبلىكنىڭ سەۋەبىنى تېپىپ چىقىڭ.

خاراكتېرىڭىز ئۆزگەردىمۇ؟ بەدەن قۇرۇلمىڭىزدا ئۆزگىرىش كۆرۈلدىمۇ؟ ئەلۋەتتە. سىز بۇلتۇرقى مۇشۇ ئاي، مۇشۇ كۈنلەردىكى، ھەتتا تۈنۈگۈنكى چېغىڭىزغا قەتئىي ئوخشاشمايسىز، بۇ يەردىكى ئاساسلىق مەسىلە — سىز ئۆزگىرىپ يامان ئادەم بولۇپ قالدىڭىزمۇ ياكى ياخشى ئادەم بولۇپ قالدىڭىزمۇ؟

ئالدىنقى كۈنى مەن كوچىدا بىر كونا دوستۇمنى ئۇچرىتىپ قالدىم ھەمدە ئۇنىڭدىن: «يېقىندىن بېرى ياخشى تۇرۇۋاتامسەن؟ نېمە ئىشلارنى قىلىۋاتىسەن؟» دەپ سورىدىم. ئۇ: «ھېچنېمە قىلمىدىم، ماڭا ھازىر كۈن ئۆتىسىلا بولدى» دەپ جاۋاب بەردى. ئادەم ئالغا ئىلگىرىلىمەي بۇنداق چېكىنسە توغرا بولمايدۇ.

سىلەر باشتىكى قىسىمدا خاراكتېرنى ئىلمىي تەھلىل قىلىش توغرىسىدىكى ئاز بولمىغان بىلىملەرنى ئۆگەندىڭلار، بۇ بىلىملەرنى ئىشلىتىپ بېقىڭلار. لو ئىسىملىك بىر ياش بولۇپ، مەن بۇرۇن ئۇنى تەھلىل قىلىپ، ئۇنىڭ قىيىن مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشىپ بەرگەنىدىم. مەن ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئەھۋالىنى سۆزلەپ ئۆتەي. ئۇ: «مەن ئۆزۈمنىڭ ئىستىقبالىدىن ناھايىتى ئەنسىرەيمەن، مەن بۇ يىل

24 ياشتا، شۇڭا ئۆزۈمنىڭ قايسى يولدا مېڭىشىم كېرەكلىكىنى بىلىشىم كېرەك ئىدى. مەن باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ قۇرۇلۇش شىركىتىدە پىراكتىكانت بولۇپ ئىشلىدىم ھەم تۆمۈرچىلىك قىلدىم، ماتېرىيال باشقۇرغۇچى بولدۇم. مەن بۇ جەرياندا ئازراق پۇل تېجەپ، قۇرۇلۇش ئالىي مەكتىپىدە ئىككى يىل ئوقۇدۇم. بىراق، مەن ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن، ئۆزۈمنىڭ قايسى خىزمەتنى ياخشى ئىشلىيەلەيدىغانلىقىمنى بىلەلمىدىم. مەن ھەممە يەرگە چېپىپ يۈرۈپ خىزمەت ئىزدىدىم. بىراق، ئامالسىزلىقتىن نېمە خىزمەت ئۇچرىسا شۇ خىزمەتنىلا قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم ھەم ھامماللىق قىلدىم. مەن ھازىر بىر ئاشخانىدا ئاشپەز بولۇپ ئىشلەۋاتىمەن. بۇرۇن بىرنەچچە ئاي ئامانلىق ساقلىغۇچى بولۇپ، تۆمۈرچىلىكمۇ قىلدىم. بىراق، مېنىڭ نىشانلىرىم نەدە قالدى؟ مەن نېمە خىزمەت قىلسام ئاندىن مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايمەن؟ بالكىم ئەپەندىم، مەن يولدىن ئېزىپ كەتتىممۇ ـ قانداق؟ ئەزەلدىن بۇنداق بولۇپ باقمىغان؟» دېگەنىدى.

بۇ ياش يىگىتمۇ باشقىلارغا ئوخشاشلا ئۆزىنىڭ كەلگۈسىنىڭ قانداق بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. ئۆزۈڭلارنى ئۈنىڭ ئورنىغا قويۇپ ئويلاپ بېقىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن. چاچلىرىنى پارقىرىتىپ، رەتلىك كىيىنىۋالغان بۇ ساغلام ياش مۇشۇ كىتابتا سۆزلىگەن ئىبارىلەر بويىچە ئېيتقاندا، ئۈنىڭ تېرىسى ئاپپاق، ياندىن قارىغاندا يۈزىنىڭ ئۈستى دۆڭرەك، ئاستى تەرىپى ئولتۇرۇشقان، ئەقىللىق ھەم پائالىيەتچان، مۇسكۇللىرى يۇمشاق ھەم سوزۇلۇشچان، باش شەكلى سوزۇنچاق، بېشىنىڭ كەينى تەرىپى چاسا، ئېڭەكلىرى تار ئىدى. سىز دىققەت بىلەن ئۈنىڭ قىياپىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ، ئۇنىڭ ھازىر كۆڭلى جايىدا ئەمەس، غەمكىن. ئۇ ۋە ئۈنىڭ دوستلىرى ئىناق مۇھىتتا چوڭ بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ تۇرۇۋاتقان مۇھىتىدىن نەپرەتلىنىدۇ.

ئەگەر بىر ئادەمنىڭ بەدەن ھالىتى سىزگە يۈزلىنىپ تۇرغان، ئۆزىنى ئەركىن تۇتقان، ئاغزى ۋە كۆزى ئېچىلغان، قوللىرى سېلىنىپ تۇرغان ھالەتتە بولسا، ئۇنىڭدا چوقۇم قىزىقىش پەيدا بولىدۇ. ئۇ قۇلىقى بىلەن ئاڭلاپلا قالماستىن، يەنە يۈرىكى ۋە كاللىسى بىلەنمۇ ئاڭلايدۇ. ئۇ سىزگە ئىشىنىدۇ ھەمدە كۆپرەك نەرسە بىلىۋېلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ، شۇڭا داۋاملىق سۆزلەۋېرىڭ.

بىز خاراكتېر تەھلىلى ئېلىپ بارايلى. ئالدىمىدا بىر كۆزىتىش جەدۋىلى تۇرۇپتۇ. بۇ جەدۋەلدىكى مەزمۇنلار بىلەن ئىنسانلاردىكى توققۇز خىل ئالاھىدىلىكنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ ئۇزاق ئۆتمەيلا خۇلاسىگە ئېرىشتىم.

«لو ئەپەندىم، ھازىر سىزنىڭ ئاكتىپ ياكى ئەۋزەللىككە ئىگە خاراكتېرىڭىزنى كۆرۈپ باقايلى ھەم سىزنى خۇشال قىلايلى. بىرىنچى، سىز ماسلىشىشچان ھەم كۆپ ئىقتىدارلىق، سىز يېڭى پىكىر، يېڭى ھالەت، يېڭى جايلارغا قىزىقىسىز، ھەرگىزمۇ ھازىرقى ھالىتىڭىزنى ساقلاپ قېلىشنى خالىمايسىز. سىز تەنقىد قىلىشقا ئۇستا، لېكىن تەھلىل قىلالمايسىز. سىز بىرنەرسىلەرنى چۇۋۇپ، سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىشقا ئامراق. سىز ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ۋە دوستلىشىشتا ئوتتۇرا ھال سەۋىيەدە، كەلگۈسىدە بىر ياخشى ئەر بولالايسىز. سىز مەسىلىلەرنىڭ تۈپ نېگىزىنى تېپىشقا، ئويلىنىشقا ئامراق. سىز مەلۇم ئىشلارنىڭ ئورنى، ۋاقتى ھەم مەزمۇنىنى ئەستە تۇتۇشقا، ئۇلانما تەپەككۇر قىلىشقا ماھىر. سىز يەنە سان، سىستېما، تەرتىپ ئارقىلىق خۇلاسە چىقىرىش ئىقتىدارىڭىز ئالاھىدە ياخشى، ماتېماتىكىغا ماھىر.»

لېكىن (سىزدىكى ئامال قىلىپ ئۆزگەرتىشكە تېگىشلىك بىرنەچچە خىل خاراكتېر ئاجىزلىقىنى سۆزلەيمىز)، سىز دائىم ۋاقتىڭىزنى قۇرۇق خىيال قىلىپ ئۆتكۈزىسىز، كۆڭلىڭىز بىر يەردە ئەمەس ھەم مالىيە باشقۇرۇشقا ماھىر ئەمەس. سىزنىڭ ئىسىم، خەتلەرنى تۇتۇۋېلىش ئىقتىدارىڭىز ناچار. يەنە كېلىپ سىز

دائىم تونۇشلىرىڭىزنىڭ پىكىرلىرىگە كاللا ئىشلەتمەيلا رەددىيە بېرىپ قويىسىز. سىز ئىشلارنى بېجىرگەندە پۈت ـ قولىڭىزنىڭ چاققان بولۇشىغا موھتاج، باشقىلارنى چۈشىنىشنىڭ نېمىلىكىنى ئۇقمايسىز. مەن سىزنى باشقىلارنى قورقۇتىدۇ دېمەكچى ئەمەس. ئەمەلىيەتتە سىز تېخىمۇ كۈچلۈك، چاققان، ئىنتىلىشچان بولۇشقا موھتاج. سىز ھۆرۈن، گەپلىرىڭىز ئارقىلىق بىلىمىڭىزنىڭ چولتا ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلاپ قويىسىز، سىز ناھايىتى مۇلايىم، ناھايىتى ئېھتىياتچان بولغانلىقتىن ئاجىزلىقىڭىزنى ناھايىتى ئاسانلا چاندۇرۇپ قويىسىز.»

هازىر مەن سىزگە تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە تۈرلۈك كەسىپ، نىشان توغرىسىدا تەكلىپ بەرمەكچىمەن. سىز بۇ كەسىپلەرنى تاللىغاندىن كېيىن چوقۇم نەتىجە قازىنىسىز. ھەرگىزمۇ كەسىپنىڭ سىزنى ئىزدىشىنى كۈتمەڭ، چۈنكى سىز ئاشپەز ياكى تۆمۈرچى بولسىڭىز جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتە چارچاپ كېتىسىز. ئەگەر سىز تۆۋەندىكى بىرقانچە تۈرلۈك خىزمەتتىن بىرنى تاللىسىڭىز مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىپلا قالماي يەنە خۇشال بولىسىز: ① خىمىيە تېخنىكى، ② ئېلېكتىر ئۇستىسى، ③ ئىلمىي تەتقىقاتچى ھەمدە مەن سىزگە مۇشۇ خىزمەتتىن باشقا يەنە بىر قوشۇمچە خىزمەت توغرىسىدا تەكلىپ بېرىمەن. سىز سودا سەنئىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ بېقىڭ.

ھەي دوستۇم، سىز ھازىرقى خىزمىتىڭىزدىن قانچىلىك بىزار بولۇڭ، سىزگە بۇ خىزمەتتىن ۋاز كېچىش توغرىسىدا مەسلىھەت بەرمەيمەن. ئەگەر سىز تۇرمۇشىڭىزنى قامدايدىغان بىرەر خىزمەت تاپقان بولسىڭىز بۇنىڭ سىرتىدا. خىزمەت ۋاقتىڭىزدا قوشۇمچە دەرسلىكلەرنى ئۆگىنىپ بولۇڭ. كەچ كۇرسلارغا بېرىپ مەسلىھەتىم بويىچە ئۈچ خىل خىزمەت توغرىسىدىكى بىلىملەرنى ئۆگىنىپ قويۇڭ. خىمىيە، توكچىلىق ياكى قۇرۇلۇش ساھەسىدىن خىزمەت ئىزدەپ بېقىڭ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، سىز ئۆزىڭىز قىزىقىدىغان خىزمەت دائىرىسى

ئىچىدە چوڭقۇرلاپ تەرەققىي قىلىڭ. شۇ چاغدىلا سىز بىر ئاشپەز بولماي، ئىنژېنېر ياكى تەتقىقاتچى بولالايسىز.

ئېرەنسىز، بوش ھەم ئاجىز قول ئېلىشىش ھاياتىي كۈچى ۋە قىزغىنلىقىنىڭ كەملىكىنى ئىپادىلەيدۇ، ئۇ ماغدۇرسىزلىق ھەم غەمكىنلىكىنىڭ ئىپادىسى. بۇ خىلدىكى ئادەملەرگە تايىنىشقا بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ خاراكتېرى خۇددى ئۇلارنىڭ قول ئېلىشىشىغا ئوخشاش كۈچسىز، بۇ خىل قول ئېلىشىش كۆڭۈل بۆلمىگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى.

ئەمما، سىزنىڭ ئاشۇ ئاجىزلىقلىرىڭىزنى قانداق تۈزىتىش كېرەكلىكىگە قاراپ باقايلى. سىز ئۆزىڭىزنىڭ ئىنتىلىشچانلىقىڭىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئىككىلىنىپ بىر قارارغا كېلەلمەيدىغان ئاجىزلىقلىرىڭىزنى تۈزىتىپ، ئەھۋالغا قاراپ ئىش تۇتۇڭ. بىرىنچىدىن، ھەر كۈنى توختىماستىن ئېغىر نەپەس ئالىدىغان ھەرىكەتلەرنى مەشىق قىلىشنى باشلاڭ. ئىككىنچىدىن، تەنھەرىكەت مەيدانىغا بېرىپ، كەسكىن رىقابەت بىلەن ئويۇن مۇسابىقىسىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ تەمىنى تېتىپ بېقىڭ. ئۈچىنچىدىن، ئىتتىك مېڭىشنى، سۇ ئۈزۈشنى، كېمە ھەيدەشنى مەشىق قىلىڭ. ئەڭ چوڭ ئاجىزلىقىڭىز بولغان ھۇرۇنلۇقىڭىزنى ھەرگىزمۇ ئۇنتۇپ قالماڭ، تۆتىنچىدىن، ئۆزىڭىزنى دائىم نازارەت قىلىپ تۇرۇپ ئۆزىڭىزنى (دەرھال بارغىن، بۇگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قويما) دەپ ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرۇڭ.

تۇرمۇشىڭىزنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن پۇل خەجلەش توغرىسىدىكى بىلىملەرنى ئۆگىنىپ، چوقۇم ئېھتىياتچانلىق بىلەن پۇل تېجەڭ، تەلەي سىنايدىغان سورۇنلاردىن يىراق تۇرۇپ، كىرىم - چىقىمىڭىزنى خامچوت قىلىپ تۇرۇڭ. باشقىلاردىن پۇل ئارىيەت ئالماڭ ھەم باشقىلارغا ئارىيەت بەرمەڭ. داڭلىق مالىيە باشقۇرۇش مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىنى ئۆگىنىڭ. مەن سىزگە شۇنداق تەكلىپ بېرەيكى، فرانكلىن ھاربوسىنىڭ

داڭلىق ھەم قىزىقارلىق «باي بولۇشنىڭ سىرى» دېگەن كىتابىنى ئوقۇپ قويۇڭ.

سىز يەنە ئاممىۋى مۇناسىۋەت توغرىسىدا تېخىمۇ چاققان بولۇشقا، ئەقلىڭىزنى جايىدا ئىشلىتىشكە موھتاج. تەكلىپىم شۇكى، سىز بىر ياكى ئىككى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت كۇلۇبىغا ئەزا بولۇپ قويۇڭ ھەمدە ھەر خىل پائالىيەتلەرگە ئاكتىپلىق بىلەن قاتنىشىڭ. سىزنىڭ سۆزلەش ئىقتىدارىڭىز ئانچە يۇقىرى ئەمەس، چوقۇم كۆپرەك كىتاب كۆرۈڭ، يۇقىرى ئاۋازدا دېكلاماتسىيە قىلىڭ، ئەگەر مۇمكىن بولسا، رەسمىي بولمىغان مۇنازىرە يىغىنى ياكى نۇتۇق سۆزلەش مەشىق سىنىپلىرىغا ئەزا بولۇڭ، سىز چوقۇم ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارىڭىز ۋە تەسەۋۋۇر كۈچىڭىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇڭ. بۇ كىتابنىڭ كېيىنكى بابلىرىنى ئىجتىھات بىلەن ئوقۇپ چىقىڭ، ئۇنىڭدا مەن سىزگە ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش بىلەن ئەقلىي قابىلىيەتنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۇسۇللىرى توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىمەن.

مەن سىزگە سودا سەنئىتىنى قوشۇمچە كەسىپ قىلىش تەكلىپىنى بېرىمەن، بۇ ھەرگىزمۇ بوش ۋاقىتتا بۇ خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىمىز دېگەنلىك ئەمەس. بۇ سىزنىڭ ئىلىم - پەن تالانتىڭىز سىزنىڭ سەنئەت قابىلىيىتىڭىزدىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىدىن بولىدۇ، ئەكسىچە سىز ھەقىقەتەن سەنئەت قابىلىيىتىنى ھازىرلىغان، شۇنداقلا سىز بۇنداق ئىشتىن سىرتقى ھەۋىسىڭىزنى تەرەققىي قىلدۇرالىسىڭىز، چوقۇم ئىنتايىن خۇشال ھېس قىلىسىز.

سىز خۇشال، قىزغىن ۋاقتىڭىزدا، يازغان خەتلىرىڭىز ئېگىزلەپ كېتىدۇ. ئۈمىدسىزلەنگەن چاغدا، يازغانلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى پەسلەپ كېتىدۇ.

لو ئەپەندىم، يۇقىرىدىكىلەر سىزنىڭ مەنزىل پىلانىڭىز، مەن سىزگە دېگەن تەكلىپلىرىمنى قايتا بىر قېتىم تەكرارلاپ بېرەي، سىز ئۇنىڭغا ئىشىنىڭ ھەمدە ئۆز ۋاقتىدا ئورۇنلاڭ. قىسقىچە قىلىپ ئېيتقاندا تۆۋەندىكىچە: سىز يەنە قىسقا ۋاقىتلىق ئاشپەز بولۇشىڭىزنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق. سىز بىر قۇرۇلۇش تەتقىقاتچىسىدا بولۇشقا تېگىشلىك ئىقتىدارغا ئىگە. بىر خىمىيە ياكى ئېلېكتىر ۋە ياكى قۇرۇلۇش خىزمىتىنى تېپىڭ. خىزمەتتىن سىرتقى چاغلاردا كىتاب ئوقۇڭ. سىزگە ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدىغان كەسىپنى نىشان قىلىپ، شۇ نىشانغا قاراپ قەدەم ئېلىڭ. ئەگەر ئىقتىسادىي كىرىمىڭىزنى ئاشۇرۇشنى ئويلىسىڭىز، ئىلىم ـ پەن جەھەتتىكى تېخنىكىڭىزنى ۋە ئۇنۇمىنى تەرەققىي قىلدۇرۇڭ. لو ئەپەندىم، پەقەت سىز مېنىڭ يۇقىرىدىكى پىكرىم بويىچە تىرىشىپ ئىشلەشنى خالىسىڭىزلا كۆزلىگەن نىشانىڭىزغا يېتەلەيسىز، ئېسىڭىزدە بولسۇن، مۇۋەپپەقىيەت تىرىشچانلىقتىن كېلىدۇ!»

ئوقۇرمەن، يۇقىرىدا بىر ئىنسانىيەت ئىنژېنېرىنىڭ بىر ئادەمنىڭ قابىلىيىتى بىلەن ئىقتىدارىنى مۆلچەرلىگەنلىكىنى كۆردىڭىز. بىر ئۆمۈرلۈك پىلانىنىڭ تارقىلىش جەريانىنى بىلدىڭىز، قالايمىقانچىلىق ئىچىدە تەرتىپ تۈزۈشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بايقىدىڭىز. داغدام يولنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۆردىڭىز. مېنىڭ پىكرىمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، لو ئەپەندىمنىڭ كۆزىدە ئۈمىد نۇرى پەيدا بولۇپ، ئالغا قاراپ ئىلگىرىلەشنى باشلىدى.

بىراق، يۇقىرىدا ئېيتىلغانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ سىز بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى بار؟ ئەمەلىيەتتە مېنىڭ سىزگە دېمەكچى بولغىنىم شۇكى، سىز مۇنداق قىلسىڭىز بولىدۇ. سىزمۇ خۇشاللىقىڭىزغا خۇشاللىق قوشالايسىز. سىزمۇ بۇ كىتابتا سۆزلەنگەن ئىلىم- پەن بىلىملىرى بىلەن مەخسۇس قوراللارنى ئىشلىتىپ، ئىقتىدارىڭىزنى، قابىلىيىتىڭىزنى مۆلچەرلەيسىز. ئەگەر سىز بۇنى پەرەز قىلىنىپ تىلغا ئېلىنغان ياكى تەسەۋۋۇرنىڭ بىر بۆلىكى دەپ قارىسىڭىز، بايىلا تاپشۇرۇۋالغان خەتنى سىزنىڭ كۆرۈپ بېقىشىڭىزغا بېرەي:

«بالكىن ئەپەندىم، مەن بۇگۈن ئەتىگەن 293 يۈەنلىك پۇل چېكى تاپشۇرۇۋالدىم، ئۇنىڭ ئىچىدە 170 يۈەن مېنىڭ ساپ پايدام. بۇ سان بەلكىم سىزگە نىسبەتەن ناھايىتى كىچىك، بىراق سىزگە دېمەكچى بولغىنىم، مەن پەقەت ئېگىز بىنانىڭ لىفىت شوپۇرى، ئايلىق مائاشىم 80 يۈەن، بۇ بىر ئوشۇقچە كىرىم. سىزگە رەھمەت ئېيتىشىم كېرەك.»

سىز ئىلگىرى مېنىڭ خاراكتېرىمنى ماڭا تەھلىل قىلىپ بەرگىنىڭىز ئېسىڭىزدىمۇ؟ سىز نىڭ دېگىنىڭىزچە مەن كۆپۈنگۈ يۇزلۇك، تېرەم قوڭۇر، ھەرىكەتچان ۋە ئەقىل ـ پاراسەت ئارىلاشقان تىپلىق ئادەم بولۇپ، بەدىنىم كىچىك، تېرەم يىرىك، بېشىم سوقىچاق، پېشانەمنىڭ ئۈستۈنكى قىسمى چاسا، سىز بەلكىم ئۇنتۇپ قالغانسىز، مەن ئىلگىرى بىر سائەتچى ئىدىم، كۆزۈمدە چاتاق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىنچىكە خىزمەت ئىشلىشىمگە بولمايتتى، بىرقانچە ئاي ئىشسىز يۈرۈپ لىفىت شوپۇرلۇقى خىزمىتىنى تاپتىم.

سىز تەھلىل قىلغاندىن كېيىن، ئىلگىرى ماڭا ماشىنىسازلىق ھەققىدىكى خىزمەتنى قىلىشىڭىز كېرەك، چوڭراق ئىشلارنى قىلسىڭىزمۇ بولىدۇ. مەسىلەن، ئۆي سايمانلىرى ياساش دەپ مەسلىھەت بەرگەنىدىڭىز، مەن ئىلگىرى بۇلارنى ئويلاپ باقمىغانىدىم، ئەمما مەن ئالدى بىلەن ئۆزۈمگە كېرەكلىك ئۆي سايمانلىرىنى سىناق تەرىقىسىدە ياسىدىم، چۈنكى تەييار ئۆي جاھازلىرىنىڭ باھاسى ناھايىتى قىممەت.

ئەگەر ھەربىر خەتنى زىيادە يانتۇ قىلىپ يازسا، شۇ ئادەمنىڭ خاراكتېرى چوقۇم زېھنىي كۈچى مول، ئالغا ئىنتىلىدىغان، سەۋرچان، دەل يۈز شەكلى كۆپۈنگۈ تىپلىق ئادەمنىڭ خاراكتېرى بىلەن ئوخشاش. ئەگەر ھەربىر خەتنى تۈز ياكى يانتۇ يازسا، بۇ ئادەمنىڭ ئىنتايىن ئېھتىياتچان، ئىنچىكە ئويلايدىغان ھەم بەزىدە مەخپىيەتلىكنى ساقلىيالايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

سىز ئىلگىرى جىكىلەپ چۈشەندۈرگەن، مەن سائەتچى بولسام توغرا كەلمەيدۇ، چۈنكى ئۇ خىزمەت مەندىن ئىنچىكىلىكنى تەلەپ قىلىدۇ. بىراق، سىز يەنە ماڭا مېنىڭ ماشىنىسازلىق كەسپىگە، چوڭ نەرسىلەرنى ياساشقا بەك ماس كېلىدىغانلىقىمنى ئېيتقانىدىڭىز. ھا، ھا، سىزنىڭ دېگەنلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى توغرىكەن، مەن سىزنىڭ كۆرسەتمىڭىز بويىچە قىلغانىدىم، مانا ھازىر ئوشۇقچە كىرىمگە ئېرىشتىم.

تۇرالغۇ بىناسى باشقۇرغۇچىسىنىڭ قىزى توي قىلماقچىدى. ئۇنىڭ بولغۇسى ئېرىنىڭ قولىدىكى پۇل كۆپ ئەمەس، دۇكاندىكى تەييار ئۆي جاھازلىرىنى سېتىۋالالمايتتى. مەن بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇلارغا ئۆزۈم ئىنچىكىلىك بىلەن ياسىغان ئۆي جاھازلىرىنى كۆرۈپ بېقىش تەكلىپىنى بەردىم. خالىسا، مەن بىر يۈرۈش ياساپ بەرسەم بولىدۇ. باھاسى ئۆي جاھازلىرى دۇكانلىرىدىكىدىن كۆپ ئەرزان. دەسلەپتە ئۇ ئىككىسى مېنىڭ دېگىنىمنى چاقچاق دەپ ئويلاپ قالدى. كېيىن ئۇلار ئۆيۈمگە بېرىپ كۆرگەندىن كېيىن، قىز مېنىڭ قول ھۈنىرىمنى ماختاپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ مەن ئۇلار بىلەن بىللە ئۆي جاھازلىرى دۇكىنىغا باردىم. ئەڭ زامانىۋى ئۆي جاھازلىرىنى كۆرۈپ كەلگەندىن كېيىن 300 يۈەن چىقىرىشنى قارار قىلدى، مەن بولسام بارلىق ماتېرىياللارنى سېتىۋېلىپ ياساپ بېرىدىغان بولدۇم، مەن ھەر كۈنى ئازراق ۋاقىت چىقىرىپ ئۆيدە ياساشقا كىرىشتىم. ئىككى ئايدىن كېيىن، ئۆي جاھازىلىرى پۈتتى، جاھازلارنى ماشىنا كىرا قىلىپ ئۇلارنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ بەردىم. شۇ ۋاقىتتا مەن بۇ 293 يۈەن ئامېرىكا دوللىرىنىڭ چىكىنى تاپشۇرۇۋالدىم. مەن بۇرۇن دەپ ئۆتكەندەك 170 ئامېرىكا دوللىرى ساپ پايدا، مېنىڭ ئىككى ئايلىق مائاشىمغا تەڭ. ھا، ھا، بۇ ئەمدى باشلىنىش، مەن شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنىڭ يېقىن دوستلىرى بۇيرۇتقان بەش ـ ئالتە مال زاكاز قىلىش تالونىنى تاپشۇرۇۋالدىم. مەن لىفت شىركىتىدىكى خىزمىتىمدىن ئىستېپا بېرىپ، مەخسۇس بىر ياغاچ سايمانلار دۇكىنى ئاچسام بولىدىغان بولدى.

«بالكىن ئەپەندى، ماڭا بەرگەن تەكلىپىڭىزگە رەھمەت ئېيتىشىم كېرەك، ھېس قىلىشىمچە، ئۆي جاھازلىرى ياساش ئىنتايىن خۇشاللىنارلىق ئىش ئىكەن. مەن لىفىت شىركىتىدىكى خىزمىتىمدىن ئىستېپا بېرىپ مەخسۇس ياغاچ جاھازلىرى ياسسام بولىدىغان ئوخشايدۇ. ئىستىقبالىم بەك پارلاق، مەن ھاياتىمدا تۇنجى قېتىم مۇشۇنداق تەسىراتتا بولۇشۇم. سىزگە چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن، ئەيدىردىن سىزگە سالام!»

سىز كىتابنىڭ بىرىنچى قىسمىنى ئاللىبۇرۇن چۈشەنگەن بولسىڭىز، سىز مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ۋە خۇشاللىنىقا ئېرىشىدىغان قورالنى ھازىرلىغان بولاتتىڭىز. سىز بۇرۇنلا مۇشۇ بىلىمىڭىز ئارقىلىق چۈشەنگەن بولسىڭىز، پۈتۈن ئۈمىدىڭىزدە ئۆزىڭىزگە ئەڭ ئېھتىياجلىق نەرسىلەرنى بايقاش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشىڭىزغا پايدىسى تەگكەن بولاتتى. بىراق، ئېسىڭىزدە ساقلاڭكى، دۇنيادىكى بارلىق قورال ـ سايمانلار سىزگە پايدىلىق بولۇپ كەتمەيدۇ، ئەگەر سىز ئۇنى ئىشلەتمەي تاشلاپ قويۇپ داتلىشىپ كەتكەن بولسا، سىز ھازىردىن باشلاپ خاراكتېر تەھلىل قىلىش پىرىنسىپىنى ئىشلىتىشىڭىز لازىم. ئۆزىڭىز ئىشلىتىڭ، سىزگە ئۇچرىغان ئادەملەرگە ئىشلىتىڭ، خىزمىتىڭىزدە، ئائىلىڭىزدە ئىشلىتىڭ.

سىز قايسى خىل مۇۋەپپەقىيەت ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇشىڭىزدىن قەتئىينەزەر، ئەگەر سالامەتلىكىڭىز ياخشى بولمىسا، بۇ خىل ئىقتىدارىڭىز ئاسانلا يوقىلىپ كېتىدۇ. سىز ئۆز غايىڭىزدىكىدەك بىر ئادەم بىلەن توي قىلىپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى گۈزەل تۇرمۇشتىن ھۇزۇرلانسىڭىز بولىدۇ، بىراق سىزنىڭ نىكاھىڭىز سالامەتلىكىڭىزنىڭ ئاجىزلىقى تۈپەيلىدىن بۇزۇلۇشى مۇمكىن. سىز بەلكىم ئۆزىڭىزگە ئەڭ ماس كېلىدىغان خىزمەت تاپسىڭىزمۇ، سىزنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالىڭىز يەنىلا بۇ خىل خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنالماسلىقىڭىزغا سەۋەب بولۇپ قالىدۇ.

سىز ئۆيدە ئولتۇرۇۋېلىپ ھۆسن ـ جامالىڭىز بىلەن باي بولۇشنى ئويلىسىڭىز، ئۇنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى بولمايدۇ. سىز چوقۇم سىرتقا چىقىپ بېيىشقا بولىدىغان خىزمەت قىلىشىڭىز كېرەك.

شۇڭلاشقا، كېيىنكى قەدەمدە بۇرۇن ئۆگەنگەنلىرىڭىزنى قانداق ئىشلىتىسىز، بۇ ئىنتايىن مۇھىم، ئاڭغىچە ئازراق توختاپ ئۆزىڭىزنى بىر تەكشۈرۈپ بېقىڭ. سىز بۇرۇن ئېيتقان توققۇز خىل شەكىل ئالاھىدىلىكىنىڭ ھەممىسىنى تولۇق چۈشىنەمدىكەنسىز؟ بولىدۇ، بىز بۇنداق ئادەملەرنى ھەيران قالدۇرىدىغان خاراكتېرنى ئىلمىي تەھلىل قىلىش ئۇسۇلىنى ئىشلىتىشنى باشلايلى.

# ئون بەشىنچى باب

## قوللىنىشچان پسىخولوگىيە

يۈرىكىمىز بىلەن بەدىنىمىز ئىنتايىن زىچ مۇناسىۋەتكە ئىگە. بەدىنىمىزگە تەسىر كۆرسىتىدىغان ھەرقانداق نەرسە قەلبىمىزگىمۇ تەسىر كۆرسىتىدۇ، بۇ خىل پسىخولوگىيە تەڭپۇڭلۇقى ئىلمىي ئۇسۇلدا خاراكتېر تەھلىل قىلىشنىڭ ئاساسى.

داڭلىق پسىخولوگىيە ئالىمى ۋىلىيام جامىس دەپ ئۆتكەندەك، بارلىق ھېس ـ تۇيغۇلار ئاساسەن فىزىيولوگىيەدىن تەرەققىي قىلىدۇ. سىزنىڭ بارلىق ھېس ـ تۇيغۇلىرىڭىزنىڭ ئىپادىلىنىشى، مەسىلەن، خۇشاللىق، خاپىلىق، يىغلاش، ئۆچمەنلىك، ھەسەت قىلىش ياكى مەيۈسلىنىش، ھەممىسى بەدەننىڭ مەلۇم قىسمىدىكى مۇسكۇل كۆچىنى ئىشلىتىشكە باغلىق بولىدۇ دېگەنلىك.

سۆزلەپ ئۆتكەن قورقۇشقا مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلار ھېلىمۇ ئېسىڭىزدە بارمۇ؟ سىز قورقۇپ كەتكەن چېغىڭىزدا ئىككى تىزىڭىز تىترەپ، چىشلىرىڭىز كىرىشىپ، پۇت ـ قوللىرىڭىز كونتروللۇقىنى يوقىتىدۇ، يۈرىكىڭىز توختىماي سوقىدۇ، تاتىرىپ كېتىسىز، ئەمەلىيەتتە بەدىنىڭىزنىڭ تىترىشى ئەس ـ ھوشىڭىزنى يوقىتىپ قويغانلىقىڭىزنىڭ ئىنكاسى بولۇپ، قېنىڭىزنىڭ تېز سۈرئەت بىلەن مۇسكۇللىرىڭىزنىڭ ئۇچ ـ ئۇچلىرىغا يېتىپ بېرىشىغا ياردەم قىلالمايدۇ.

داڭلىق پسىخولوگلارنىڭ ھەممىسى يۈرەك بىلەن بەدەننىڭ مۇناسىۋىتىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ. خاراكتېر تەھلىل قىلىدىغان پسىخولوگلار يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا بۇ خىل قىزىقارلىق ئەمەلىيەتنى كۆرسىتىپ بەردى. سىز بۇ خىل ھېس ـ تۇيغۇنى ئىپادىلىگەن ۋاقتىڭىزدا، ئەگەر بىرلا قېتىم ئىپادىلىسىڭىز، بۇ كىشىلەردە ئانچە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرمايدۇ، قايتا ـ قايتا ئىپادىلىسىڭىز كىشىلەردە ئۆچمەس ئىز قالدۇرالايسىز، سىزنىڭ پېشانىڭىز ياكى قولىڭىزدىكى سىزىق ئەمەس (بىراق، بەزى جاھانكەزدى پالچىلار ئىلمىي بولمىغان يۈزەكى ئىسپات ئارقىلىق ئادەمنىڭ خاراكتېرىگە ھۆكۈم قىلىدۇ)، بەلكى سىزنىڭ بەدىنىڭىزنىڭ ھەربىر قىسمى، چوققىڭىزدىن تاپىنىڭىزغىچە بولغان بەدىنىڭىزنىڭ ئەڭ كىچىك بۆلەكلىرىمۇ سىزنىڭ نۇرغۇن خاراكتېرىڭىزنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ.

ئەمەلىي ئىشلىتىش جەريانىدا، بۇ خىل ئەمەلىيەت ئىنتايىن ئومۇملاشقان. ئۇزاق مەزگىللىك مەيۈسلۈك ئىپادىلىرىنىڭ شەكىللىنىپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ھەرقاچان تاقەتسىزلىنىپ يۈرمەسلىك، مۇشتۇمنى تۈرمەسلىك، قاپىقىنى تۈرمەسلىك، چېچىنى قويۇۋەتمەسلىك، ئاچچىقلانغان ھالەتتە يۈرمەسلىك كېرەك. بەلكى چەبدەس، خۇشال ـ خۇرام، ئاكتىپ پوزىتسىيەنى ساقلاش كېرەك. سىز ئۇچرىغان بارلىق مەسىلىلەرنى قەتئىي ۋە ئاكتىپ بولغان يېڭىلىق يارىتىش ئۇسۇلى بويىچە بىر تەرەپ قىلىڭ، ئاندىن چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ، مەيدىڭىزنى تىك تۇتۇپ كۈلۈڭ! بۇنداق قىلسىڭىز قايتىدىن غەم يەپ يۈرمەيسىز. پىروفېسسور كې ئوقۇغۇچىلىرىغا دائىم مۇنداق نەسىھەت تەلەپپۇزىدا «مېنىڭ ھەر كۈندىكى ھەربىر ئىشىم بارغانسېرى ياخشى بولىدۇ» دەپ كۈلۈپ كېتەتتى، بۇ گەپنى ھەم پات ـ پات تەكرارلايتتى.

شۇنداق، مەن بىلىمەن، سىزنى پۈتۈنلەي ئادەتتىكى تۇرمۇشىڭىزدا ئوخشاشمايدىغان يېڭى ئادەتنى قوللىنىڭ دېسەم،

سىزگە تەسكە توختايدۇ، بىراق پايدىلىق بولغان ئۇسۇلنى كونا، ناچار ئادەتكە ئالماشتۇرۇشقا مەجبۇرلاش ئادەمنى خۇشاللاندۇرىدىغان مۇھىم قەدەم ـ باسقۇچ.

مەن ھەر قېتىم ئوقۇغۇچىلارغا ئاساسىي پرىنسىپنى سۆزلىگەن ۋاقىتتا بىر پارچە قاتتىق قەغەز ئېلىپ ئۇنى ئاستا قاتلايمەن. كارتا بولسا ئاسانلا ئېچىلىپ ئەسلىگە كېلىپ قالىدۇ. كارتا ئۈستىدىكى قاتلانغان ئىزمۇ ناھايىتى ئوچۇق، بىراق مەن ئۇنى كۆچەپ بىرنەچچە قېتىم قاتلىسام، ئۇ ئاخىر قاتلىنىدۇ. مۇشۇ ئەھۋالغا ئوخشاش، يېڭى ئىشنى قىلغان ۋاقىتتا، ئۇ سىزنىڭ كاللىڭىزغا يېڭى بىر ئىز قالدۇرىدۇ، بىراق قايتا ـ قايتا قىلسىڭىز ئەڭ ئاخىرىدا ئۇ بىر ئادەت بولۇپ شەكىللىنىدۇ، ئەڭ مۇھىمى مۇھىم ئادەتنى يېتىلدۈرۈش، مەيلى ئەتىگەن تۇرۇشنى مەشىق قىلىش، تاماقنى ئاستا چايناپ يېيىش بولسۇن، ۋاقىتقا رىئايە قىلىش، مۇۋاپىق كۆلۈمسىرەش بولسۇن ياكى قىيىن مەسىلىگە دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرۈش بولسۇن سىز ئۈمىد قىلغان ئادەتنى شەكىللەندۈرۈش، ئەمەلىيەتتە ئىنتايىن ئاددىي ھەم ئىنتايىن ئاسان.

مەن تۇيۇقسىز بىر ھېكايىنى ئويلاپ قالدىم. ئىككى تونۇش يىگىت بىرلىكتە ئالدىنقى سەپكە بېرىپ ئۇرۇش قىلىدۇ. ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە بۇيرۇق بويىچە ئىلگىرىلەيدۇ. ئەترەت باشلىقى بۆسۈپ ئۆتۈشكە بۇيرۇق بېرىدۇ. ئۇ ئىككى يىگىت خەندەكتىن ئادەم يوق قاقاسلىققا قاراپ ئۆمىلەيدۇ. A يىگىت B يىگىتكە: «بۇرادەر، چىرايىڭ ئاقىرىپ ئاق قەغەزگە ئوخشاپ قاپتۇ» دەيدۇ. B يىگىت جاھىللىق بىلەن: «شۇنداق، بۇرادەر، مەن بەك قورقۇپ كەتتىم، بىراق سەن ئانچىكى قورققان بولساڭ ئاللىبۇرۇن قېچىپ كەتكەن بولاتتىڭ» دەيدۇ. ئۇنداقتا، بۇ ھېكايىدىكى ئىككى ياشنىڭ قايسىسى ئەڭ باتۇر؟ ئېنىقكى، B يىگىت گەرچە قورقۇپ تۇرغان بولسىمۇ يەنىلا باتۇر، چۈنكى ئۇنىڭ يۈرىكى قورقۇشقا جەڭ ئېلان قىلىۋاتىدۇ، يەنىلا ئالغا ئىلگىرىلەۋاتىدۇ، باتۇرلۇقنى

شەكىللەندۈرۈۋاتىدۇ. A يىگىت بولسا كۆز ئالدىدىكى خەتەرنى چۈشەنمەي قارىغۇلارچە قاپ يۈرەكلىك قىلىۋاتىدۇ. يەنە بىر قىزىقارلىق ئىش، بەدەن ۋە يۈرىكىمىزنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئوزۇقلۇق ۋە ئىشلىتىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك، مەسىلەن، سول قولىڭىزنى ئىشلىتىشكە ئادەتلەنمىگەن بولسىڭىز ئوڭ قولىڭىزنىڭ مۇسكۇلى چوقۇم سول قولىڭىزنىڭكىدىن چوڭ بولىدۇ. ئوڭ قولىڭىزنى ئىشلىتىپ پەي توپ ئوينايدىغان تەنھەرىكەتچى بولسىڭىز، ئىنتايىن ئېنىق كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئوڭ قولىڭىزنىڭ بوغۇمى سول قولىڭىزنىڭكىدىن توم بولىدۇ. بىز بۇ ئاددىي پرىنسىپتىن پايدىلىنىپ خۇلاسە قىلساق، ئوڭ قولنى ئىشلىتىشكە ئادەتلەنگەن ئادەمگە نېمىشقا ئوڭ قولى بىلەن قىلىدىغان خىزمەتنى بەرمەيسىز؟ بۇ ئىنتايىن ئاسان ئەمەسمۇ؟

بۇ يەردە بىز كۆزىتىش ئارقىلىق بىر قېتىملىق خاراكتېرنى ئىلمىي تەھلىل قىلىشنىڭ ئاددىي تەجرىبىسىنى ئېلىپ باردۇق.

مەسىلەن، بىر ئادەمنى ئارتۇقچىلىق ـ كەمچىلىك تەرەپلىرى بويىچە كەسىپ تاللاشقا يېتەكلىسەك، بىز ئۇ ئادەمگە يۈگۈر ـ يېتىم ئىشلارنى قىلىدىغان خىزمەت بەرسەك بولمايدۇ، بىز چوقۇم ئۇنىڭغا ئوڭ قولنى ئىشلىتىدىغان خىزمەت بېرىشىمىز كېرەك. بۇنىڭ نەتىجىسى قانداق؟ ئۇ ئاشۇ ئىشنى قىلىشنى ياخشى كۆرسە ئۇ ئىنتايىن خۇشال بولىدۇ، ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ. ئۇ خۇشال بولۇش بىلەن بىللە، باشقىلارنىمۇ قانائەتلەندۈرەلەيدۇ.

بۇ مىسال بەك ئاددىي بولۇپ قالدى دېيىشىڭىز مۇمكىن. بىراق، بۇنداق ئاددىي پرىنسىپتىن پايدىلىنىپ چىقىرىلغان مۇۋاپىق خۇلاسە سىزنىڭ پۈتۈن ئۆمرىڭىزنى ئۆزگەرتىۋېتىشى مۇمكىن. ئۇنداقتا بىز قانداق ئىشلىتىشىمىز لازىم؟

بىرىنچى، توغرا بولغان بەدەن ۋە يۈرەكنى ئادەتلەندۈرۈش مەشىقىنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش لازىم. ھەر خىل ئاكتىپ، توغرا بولغان كەيپىياتنى — قەتئىي ئىشەنچ، ئىرادە، خۇشاللىق، كەسكىنلىك، قىزغىنلىق قاتارلىق كەيپىياتنى قايتىلاڭ. شۇنىڭدا

بەدەن شەكلىدىكى ھالەت ئىپادىلىرى ئاپتوماتىك ئىنكاس قايتۇرۇش ئادىتىگە ئايلىنىدۇ.

ئىككىنچى، ئەۋزەل جىسمانىي ۋە مەنىۋى كۈچىڭىزدىن پايدىلىنىپ، ئالاھىدىلىكىڭىزنى كەسىپ ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇڭ. ئاجىزلىقىڭىز — «سول» قولىڭىز بولسا، «ئوڭ» قولىڭىزدىن پايدىلىنىڭ. ئۆزىڭىزنى تەھلىل قىلىڭ! ئارتۇقچىلىقلىرىڭىزنى تېپىپ چىقىڭ، مۇۋاپىق خىزمەت تېپىڭ، ئالاھىدىلىكلىرىڭىزنى ئىشلىتىڭ. ئالاھىدىلىكىڭىزنى زور كۈچ بىلەن جارى قىلدۇرۇڭ. مەسىلەن، مۇزىكا ئالاھىدىلىكىڭىز، ماشىنىسازلىق تېخنىك ئالاھىدىلىكىڭىز، ئىجتىمائىي ئالاقە ئالاھىدىلىكىڭىز، سەنئەت ئىقتىدارىڭىز، ئىجادچانلىقىڭىز ۋە كەسپىي ئىقتىدارىڭىز، ئىلمىي تەتقىقات ئىقتىدارىڭىز.

# ئون ئالتىنچى باب

## ئەخلاق ـ پەزىلەتنىڭ سىرى

ئەگەر بىر ئادەم ياخشى ئەخلاق ـ پەزىلەتنى هازىرلىسا، ئۇنىڭ باشقا ئارتۇقچىلىقى بولمىغان تەقدىردىمۇ هامان مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايدۇ. ياخشى ئەخلاق ـ پەزىلەتنىڭ كەم بولۇشى بارلىق مەغلۇبىيەتنىڭ ئاساسىي سەۋەبى.

مەن بىر خانىمنى تونۇيتتۇم، ئۇ ماڭا ئەرز قىلىپ: «بالكىن ئەپەندىم، مېنىڭ قىزىم فىلىس بۇ يىل 22 ياشقا كىردى، بەك چىرايلىق، ھەممە ئادەم شۇنداق دەيدۇ، ئۇ ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ۋاقتىدا پۈتۈن سىنىپقا ۋاكالىتەن مۇراسىم سۆزى قىلغان. بىراق ئۇ يىگىت تاپالمىدى، مەن ئۇنىڭدا بىرەر نەرسە كەمىدۇ دەپ ئويلايمەن، ئۇ بۇنداق ئالاھىدىلىكنى قانداق تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك؟ قانداق قىلغاندا يىگىت تاپالايدۇ؟ قوشنىمىزنىڭ قىزى، گەرچە ئانچە چىرايلىق بولمىسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ بىر ياخشى ئېرى بار، يەنە تېخى ئوماق بىر بالىسى بار، تۇرمۇشى خاتىرجەم. بالكىن ئەپەندى ماڭا جاۋاب تېپىپ بېرەلەمسىز؟»

ھا... ھا... ھا.... شۇنداق خانىم، جەزمەن جاۋاب تېپىلىدۇ. جاۋاب بېرىشنىڭ ئالدىدا ئاۋۋال ماڭا نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا كۆڭۈل ئېچىش سورۇنىدا ئاڭلىغان مۇنداق بىر گەپنى دېگىلى قويۇڭ. شۇ قېتىمقى سۆھبەتكە تۆت ئادەم قاتناشقان. ئۇلارنىڭ بىرىنچىسى داڭلىق تىياتىرخانىنىڭ دىرېكتورى، ئىككىنچىسى ئىنتايىن ئەقىللىك دۇكان غوجايىنى، ئۈچىنچىسى كاللىسى ئىنتايىن ئوچۇق مەلۇم شىركەتنىڭ كادىرلار بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى، تۆتىنچىسى مەن.

سۆھبەتنىڭ قاچانلاردا ئەخلاق ـ پەزىلەت توغرىسىدىكى مەسىلىگە مەركەزلىشىپ قالغانلىقىنى بىلمەيمەن.

«جۇ ئەپەندىم، ــ مەن تىياتىرخانا دىرېكتورىدىن سورىدىم، ــ ھەربىر تىياتىرخانا، سەھنە، ئىبكران ياكى ئاۋاز ئارتىسى ھەممە گۈزەل پەزىلەتكە موھتاج ھەمدە شۇنداق بولۇشى كېرەك. ئۇنداقتا پەزىلەت زادى نېمە؟»

ئۇ جاۋاب بېرىپ: «بالىكىن، مەن ئويلايمەن، بۇ خىل ئالاھىدىلىك قاملاشقان، چىرايلىق، كەڭ قورساق، مۇلايىم، فىكرى گۈزەل بولۇش ھوللىۋۇدنىڭ ئالاھىدىلىكى. بۇ مېنىڭ پەزىلەتكە بولغان كۆزقارىشىم.»

ھېلىقى دوكان غوجايىنى دەرھاللا گەپ قىستۇردى: «توغرا ئەمەس، مېنىڭچە ئەخلاق ـ پەزىلەتنىڭ بۇنىڭ بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوق، مېنىڭ ئەڭ قابىل مال ساتقۇچۇمنىڭ غەلىتە خاراكتېرى بار، ئۇنىڭدا سىز دەپ ئۆتكەن ئالاھىدىلىكلەرنىڭ ھېچقايسىسى يوق، بىراق ئۇ ئىنتايىن سۆزمەن، گەپلىرى شۇنداق قىزىقارلىق، سىزنى مەپتۇن قىلىۋالىدۇ. ئۇ نەگىلا بارسا نۇرغۇن مال زاكاز تالونىنى ئەكېلەلەيدۇ.»

ھېلىقى شىركەتنىڭ كادىرلار بۆلۈمى دىرېكتورى كەينىدىنلا گەپ باشلىدى: «مېنىڭ بۇ مەسىلىگە بولغان كۆزقارىشىم ھېچكىمنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ. ئەگەر مەن بىر قىز كاتىپ ئىشلىتىپ قالسام، چوقۇم ئۇنىڭ تىرناقلىرىغا ئىنچىكىلىك بىلەن قارايمەن، ئۇنىڭ سىرتقى قىياپىتى بىلەن كىيىنىشى پاكىز ـ رەتلىك بولۇشىغا ئىشىنىمەن. چاققانلىق، چەبدەسلىك ھەمدە گۈزەللىك چوقۇم ئەخلاق ـ پەزىلەت بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. مېنىڭ يەنە قوشۇپ قويىدىغىنىم تاتلىق بىر كۈلۈمسىرەش، بۇ بولسا تاتلىق ـ تۇرۇمنىڭ ئۈستىگە قايماق سۈركەپ قويۇلغانغا ئوخشىشىدۇ.»

لىنكولننىڭ باشقىلارغا ئوخشاشمايدىغان ئالاھىدە ئىقتىدارى بار، ئۇ بولسىمۇ، باشقىلارغا مۇناسىۋەتلىك، شۇنداقلا قىزىقارلىق ئىشلارغا ھېسداشلىق ھەمدە غەمخورلۇق قىلىدۇ، بۇ كىشىلەرنى دوستقا ئايلاندۇرىدىغان، شۇنداقلا باشقىلارنىڭ كۆزىگە ئىسسىق كۆرسىتىدىغان بىردىنبىر مەخپىيەتلىك. غايە، چۈشىنىش ۋە ھېسداشلىق قىلىش، پايدىلىق بولغان كۆڭۈل بۆلۈش ئەڭ مۇھىم. مانا بۇ ئەڭ مۇھىم تەرىپى.

ئۇنىڭدىن كېيىن غوجايىن ماڭا قاراپ: «ھەي بالىكىم، سەن بۇرۇن نۇرغۇن ئادەملەر بىلەن ئارىلاشقان. نۇرغۇن شىركەتلەرگە ئەزا بولغان، نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ خىزمەتكە ئورۇنلىشىشىغا يېتەكچىلىك قىلغان. بۇ نۇقتىغا نېمانچە ئەھمىيەت بىلەن قارايسەن؟» دەپ سورىدى.

مەن ئىشىنىمەنكى، ئۇلار مەن يېقىملىق دەپ قارىغان بۇ خىل پەزىلەتكە ھەيرانلىق بىلەن قاراۋاتىدۇ. «ھەرقايسىڭلار، — دېدىم مەن، — مەن ئويلايمەن، مەملىكىتىمىزدىكى قەدىمدىن ھازىرغىچە بولغان ئەڭ ئۇلۇغ، گۈزەل پەزىلەت بولسا ئەڭ ئادەتتىكى، ئەڭ ئېغىر ـ بېسىق، ئەڭ بىپەرۋا، ھەتتاكى ئەڭ دۆت ئادەمدە بولغان. ئۇنىڭكى سىرتقى قىياپىتىنىڭ ماختىغۇچىلىكى يوق، چاچلىرى قالايمىقان، كىيىملىرى كونا، غەمكىن، كاللىسى قىيىن مەسىلىلەر بىلەن تولغان. لېكىن ئۇنىڭ چىرايىدىن تەبەسسۇم ئۆزۈلمەيدۇ. شۈبھىسىزكى، ئۇلۇغ پەزىلەت شۇ ئادەمدە بار!»

«سىز دېگەن بۇ ئادەم لىنكولنمۇ؟» ھېلىقى كادىرلار بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى سورىدى، «ھەئە» دەپ جاۋاب بەردىم. ئەمما لىنكولننىڭ ئۇلۇغلۇقى، ھۆرمەتكە سازاۋەر، گۈزەل پەزىلىتىنىڭ سىرى نەدە؟

لىنكولننىڭ ئۆمۈر تارىخىنى تەتقىق قىلغاندا، مەن ئۇنىڭ ناھايىتى بىپەرۋالىقىنى بايقىغان. بىز ئۇنى ياۋايى دەپ ئاتىساق ھەرگىز ئارتۇق كەتمەيتتى. ئۇ ھەمىشە مەينەت مېھمانخانىدا كىشىلەرگە كۈنلۈك بىلەن چاشقان قوغلاش ھېكايىسىنى ئېيتىپ

بىرەتتى. ئەمما بىرەيلەن گېنېرال گىلانتىرنى هاراقكەش دەپ ئەيىبلىگەن چاغدا، راستچىل لىنكولن بىرىپ: «ئۇنىڭ ئىچكىنىنىڭ نىمىلىكىگە قاراپ بېقىڭلار، شۇنىڭغا ئوخشىشىدىغانىنى سېتىۋېلىپ باشقا قوماندانلارنىڭ ئىچىشىگە ئاپىرىپ بېرەي» دەپ جاۋاب بەرگەن.

بىركۈنى لىنكولن بىلەن بىر رەھبىرىي خادىم ۋاشىنگتون كوچىسىدا سەيلە قىلىۋاتاتتى. بىر نېگىر ئادەم شەپكىسىنى ئېلىپ لىنكولنغا سالام بەردى. لىنكولنمۇ جاۋابەن شەپكىسىنى ئېلىپ سالام قايتۇردى.

«لىنكولن ئەپەندى! — دېدى ھېلىقى خادىم ئاچچىقلانغان ھالدا، — سىز نېمە ئۈچۈن بىر نېگىرغا سالام بېرىسىز» دېدى. لىنكولن ناھايىتى تېزلىكتە: «مەن ئامېرىكىنىڭ داڭلىق پىرېزدېنتى تۇرۇپ مۇشۇ نېگىرچىلىك ئەدەپلىك بولمىسام بولامدۇ، توغرا ئەمەسمۇ؟» دەپ جاۋاب بەردى.

لىنكولن ناھايىتى ئاددىي - ساددا بولۇپ، ئۆزىنى تۈزەشتۈرۈشنى ئۇقمايدىغان كىشى ئىدى. ئۇنىڭ يول ماڭغان چاغدىكى قىياپىتى ناھايىتى قوپال، كونىراپ كەتكەن كىيىملىرى «سالاپەتلىك» دېگەن ئاتالغۇغا قەتئىي يېقىن كەلمەيتتى. بىراق، ئۇ باشقىلارغا ئاسانلا چوڭقۇر تەسىر قالدۇراتتى. نېمىشقا بۇنداق دەيمىز؟ تۆۋەندە مەن بۇنىڭغا تەبىر بەرمەكچىمەن.

ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ بىردىر ئىشقا كۆڭۈل بۆلمەيدىغان ئادىتىنى ئۆزگەرتىشنىڭ ئەڭ ئاددىي ئۇسۇلى ئەرلەرنىڭ ئۆزىنى چوڭ تۇتۇشى بىلەن ئاياللارنىڭ شۆھرەتپەرەسلىككە بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنى شەرت قىلىدۇ. ئەگەر سىز بىرەرى بىلەن ئۇنىڭ ئىشلىرى، راۋاج تاپقان سودىسى، سىياسىي جەھەتتىكى تۆھپىسى، ئەقىل - پاراستى، ساغلام تېنى قاتارلىقلار ئۈستىدە سۆھبەتلەشكەندە، چوقۇم ئۇنى تەسىرلەندۈرۈشكىز ھەم ئۇنى رازى قىلىشىڭىز كېرەك.

لىنكولننىڭ باشقىلارغا قەتئىي ئوخشىمايدىغان تالانتى شۇ كىشىگە زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئۇ قىزىقارلىق ئىشلارغا يېقىندىن كۆڭۈل بۆلەلەيدۇ.

مېنىڭچە، بۇ دوستلارنىڭ ھەم باشقا كىشىلەرنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشىشتىكى بىردىنبىر سەۋەب. دېمەكچى بولغىنىم دەل باشقىلارنىڭ مەسىلىلىرى، غايىسى ھەم چۈشەنچىسى بىلەن ئورتاقلىشىش ھەم ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلۈش.

باشقىلار بىلەن شۇ كىشىنىڭ ئىشلىرى توغرىسىدا پاراڭلىشىشنى ئۆگىنىۋېلىڭ. ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، ھازىرقى زاماندىكى 99% قىز ـ ئوغۇللار ئۆزىدە نورمال كىشىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى مۇجەسسەملەندۈرگەن ھەم ئۇلار شەخسىيەتچى كېلىدۇ. بىز ھەممىمىز ئۆزىمىزنىڭ ئائىلىسىگە، بالىسىغا، ئۆزىمىزنىڭ پىكرىگە، ئۆزىمىزنىڭ ئۈمىد ـ ئارزۇلىرىغا ھەم چىقارغان ھۆكۈملىرىمىزگىلا كۆڭۈل بۆلىمىز. ئەگەر سىز مەن بىلەن مەن ياخشى كۆرىدىغان ئىت توغرىسىدا پاراڭلاشسىڭىز، چوقۇم مېنىڭ ئالاھىدە خۇشاللىقىمنى قوزغايسىز، بىراق، سىز مەن بىلەن ئۆزىڭىزنىڭ ئىشى توغرۇلۇق پاراڭلاشسىڭىز، بەلكىم مېنىڭ بىزارلىقىمنى قوزغاپ قويۇشىڭىز مۇمكىن. ئەگەر سىز ناھايىتى قىزغىنلىق بىلەن ئۆزىڭىزنىڭ قارتا ئويناش ياكى توپ تېپىش تېخنىكىڭىز توغرۇلۇق سۆزلىسىڭىز، ئۇنداقتا ئۇلارنىڭ قوشۇمىلىرى تۈرۈلۈپ، گېپىڭىز ئۇلارغا خۇشياقماسلىقى مۇمكىن، بىراق سىز ئۇلاردىن قارشى تەرەپنى ئۇستىلىق بىلەن قانداق يەڭگەنلىكىنى سورىسىڭىز ئەھۋال باشقىچە بولۇشى مۇمكىن.

ئەينى ۋاقىتتا، لىنكولن قۇملۇقتا بالىلىرى ئۆلۈپ كەتكەن ئانىلارغا يازغان ئاشۇ مەڭگۈ ئۇنتۇلماس تەسەللى خېتىدە، ئانىلارغا چىن كۆڭلىدىن ھېسداشلىق قىلغان. بىر ئانا ئوغلى كېچىلىك قاراۋۇلدا مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغانلىقتىن، ھەربىي سوتتىن ئۆلۈم جازاسى بەرگەندە، ئۇ لىنكولندىن كەچۈرۈم تەلەپ قىلغان،

لىنكولن تەسىرلەنگەنلىكىدىن جازانى كەچۈرۈم قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئالاھىدە ھېسداشلىق قىلىدىغان ھەم باشقىلارنىڭ قەلبىنى چۈشىنىدىغان خاراكتېرىنى تولۇق نامايان قىلغان. ئۇ پۈتكۈل ھاياتىدا باشقىلارنىڭ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان ھەم ھېسداشلىق قىلىدىغان خاراكتېرىنى ئىپادىلەپ كەلگەن. شۇڭا ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىنمۇ گەرچە تاشقى قىياپىتى قوپال، كىيىملىرى كۆرۈمسىز ھەم غەلىتە، دېھقان ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان بولسىمۇ، پەزىلەت جەھەتتە ئەڭ ئۇلۇغ شەخس بولۇپ ھۆرمەتلىنىپ، ياد ئېتىلىپ كەلمەكتە.

ئەگەر سىز ئۆزىڭىزنى پەزىلەت جەھەتتە كەمتۈك دەپ قارىسىڭىز، ئۇنداقتا ئۆزىڭىز ئۇچراتقان بارلىق كىشىلەرگە كۆڭۈل بۆلىدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرۈڭ. شۇنداق قىلالىسىڭىزلا، سىز چوقۇم باشقىلارنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشەلەيسىز. مانا بۇ سىزنى بارلىق نىشانلىرىڭىزغا يەتكۈزىدىغان ئەڭ ئاددىي ئۇسۇل — باشقىلارنىڭ چۈشىنىشىگە ئېرىشەلەيسىز. ئۇنداقتا، زادى قانداق قىلىش كېرەك؟ ناھايىتى ئاددىي! سىز باشقىلار بىلەن ئۇلارنىڭ ئىشلىرى توغرۇلۇق پاراڭلاشقاندا باشقىلارنىڭ ئىشلىرىغا يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈپ ھەم ھېسداشلىق قىلىڭ.

# ئون يەتتىنجى باب

## چىراي ۋە خاراكتېر

سىز ماشىنىدا، ئاممىۋى سورۇنلاردا باشقىلارنىڭ خاراكتېرىنى پەرەز قىلىپ باققانمۇ؟ ياخشى، باشقىلارنىڭ يۈز قۇرۇلۇشىدىكى ئالاھىدىلىكنى تەتقىق قىلىش تەس ئەمەس، بولۇپمۇ ئىلگىرى سۆزلەپ ئۆتكەن ئادەمنىڭ ھەر خىل ئالاھىدىلىكىنى ئۆگەنگەندىن كېيىن سىز تېخىمۇ شۇنداق بولىسىز.

ئەلۋەتتە، بىزنىڭ پېشانە توغرۇلۇق دېگەن سۆزىمىزنىڭ مۇھىملىقىنى چۈشىنىسىز، چۈنكى ئادەملەرنىڭ يۈز قىسمى توغرىسىدىكى توغرا چۈشەنچە ئادەمنىڭ قېشى بىلەن ئېڭىكى ئوتتۇرىدىكى بۆلەكنى كۆرسىتىدۇ. كۆز ـ قاش خاراكتېرنى تەھلىل قىلىشتا ناھايىتى مۇھىم. مەن بۇنى بۇ بابنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا سۆزلەيمەن، شۇڭا بۇنى ھازىرچە تىلغا ئالماي تۇرايلى. بىز پەقەت ئىككى مەڭز سۆڭىكى بىلەن بۇرۇندىن تارتىپ تۆۋەنكى ئېڭەككىچە بولغان ئارىلىقنى كۆرسىتىدىغان يۈزنىڭ ئوخشاش بولمىغان بۆلەكلىرىنى تەتقىق قىلغاندا، ئالدى بىلەن يۈز قىسمىنى تۆۋەندىكى ئۈچ بۆلەككە بۆلۈۋالىمىز: (1) بۇرۇن قىسمى؛ (2) ئېغىز قىسمى؛ (3) ئېڭەك قىسمى.

بۇرۇن — يۈز قىسمىدا ئىقتىدارغا ۋەكىللىك قىلىدىغان قىسىم بولۇپ، ئەگەر سىز توغرا ئايرىيالىسىڭىز، بۇ پۈتۈن يۈز قىسمىنىڭ يېرىمىنى ئىگىلەيدۇ، ئوكسىگېن بۇرۇن ئارقىلىق سۈمۈرۈلۈپ ئۆپكىگە بارىدۇ، شۇڭا بۇرۇن — ئۆپكىنىڭ ساغلاملىق دەرىجىسىنى ئىپادىلەيدۇ. ئەگەر بۇرنىڭىز ئۇزۇن ھەم ساغلام قان يۈگۈرۈپ تۇرغان ھالەتتە بولسا، مەڭز سۆڭىكىڭىز ئېگىز ھەم كەڭ

بولسا، ئۇنداقتا يۇزىڭىز ئالاھىدە چوڭ بولىدۇ. مانا بۇ دەل ئاكتىپ ئىقتىدار ۋە ئەقلىي كۈچىنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلايدىغان يەنە بىر ئىسپات. ئەگەر بۇرۇن قىسمىڭىز ئۇزۇن، لېكىن ئانچە كەڭ بولمىسا، ئۇنداقتا ئەقلىي ئىقتىدارىڭىزنىڭ بەزىدە ياخشى، بەزىدە ناچار، تۇراقسىز ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. ئەگەر بۇرۇن قىسمىڭىز كەڭ، لېكىن ئانچە ئۇزۇن بولمىسا، ئۇنداقتا سىز يوشۇرۇن ئەقلىي ئىقتىدارغا ئىگە ياكى پائالىيىتى كەمچىل كىشىلەر تىپىغا كىرىسىز.

ئەگەر ئۆپكىدە ھەرقانداق ئۆزگىرىش بولسا بۇرۇن قىسمىغا دەرھال تەسىر قىلىدۇ. مەگىز سۆڭىكىنىڭ بىر تەرىپى ياكى ئىككىلا تەرىپىدە سۇس قىزىل رەڭ پەيدا بولۇپ قالسا بۇ دەل ئۆپكىدە بىرەر مەسىلە بارلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. مەگىز سۆڭىكىنىڭ ئۈستىدە توق قىزىل رەڭ پەيدا بولسا، بۇ، ئۆپكە كېسىلى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۆپكە تۇبېركۇليوز كېسىلى بار كىشىلەرنىڭ بۇرنى ھەم ئىككى مەگزى تاتىرىپ قالىدۇ.

بۇرۇنىنىڭ يېنىدىن تارتىپ ئېغىزىنىڭ بۇرجىكىگىچە بىر تال چوڭقۇر سىزىقچە بولسا بۇ ئىرادىلىك، قەيسەر، قەتئىيلىكنىڭ ئىسپاتى. مەن بىر قېتىم بىر داڭلىق زاۋۇتنىڭ دىرېكتورىنى تەھلىل قىلغان، ئۇنىڭ بۇرنى ئۇزۇن ھەم كەڭ، بۇ قابىلىيەت ھەم ئىقتىدارنى بىلدۈرىدۇ. بىراق، خاراكتېرنى تەھلىل قىلىشنى ئۆگەنگەن بىر كىشىنىڭ دېيىشىچە، بۇ دىرېكتوردا ھېچقانداق قابىلىيەت يوق بولۇپ، ئۇ كۈنبويى ئىشخانىسىدىن چىقماي ئولتۇرىدىكەن. ھالبۇكى، مەن ئۇنىڭ ئادەت ئالاھىدىلىكىنى تەپسىلىي تەھلىل قىلغاندىن كېيىن، شۇنى بايقىدىمكى، ئەسلىدە ئۇ ھېچنېمە ئىش قىلماي ئىشخانىسىغا سولىنىۋېلىپ ئولتۇرغان ۋاقىتتا نۇرغۇن ئادەملەرنى ئۇلۇغ پىلانلار بىلەن تەمىنلەيدىكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ توختىماي پىكىر قىلىدىغان كاللىسى ئارقىلىق، يېڭى

ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇللىرىنى، چەت ئەلدىكى يېڭى ئىستېمال بازىرىنى قانداق ئېچىشنى ھەم يېڭى ئىشلەپچىقىرىش تەدبىرلىرىنىڭ پىلانلىرىنى تۈزىدىكەن. ئۇنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى بولسا ئۇنىڭ ئاشۇ جىمجىت ئىشخانىسىدىن كەلگەن بولۇپ، ئۇ مۇشۇ ئارقىلىق بارلىق تەشكىللەشلەرنى ئېلىپ بارىدىكەن، ئۇنىڭ تەشكىللىشى خۇددى توك سىملىرىدا توك تارقىغانغا ئوخشاش زاۋۇتتىكى ھەربىر خادىمغا يېتىپ بارىدىكەن.

مەن يەنە بىر دانىشمەن تىپىدىكى پىروفېسسورنى تەھلىل قىلغان، ئۇ مەلۇم بىر ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ تەتقىقات گۇرۇپپىسىدا خىزمەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ بۇرنى ناھايىتى چوڭ. ئۇ گەرچە ئۇنچە بەك پائالىيەتچان بولمىسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئەقلىي قابىلىيىتى ئىلمىي تەتقىقاتتا ئۆز ئىپادىسىنى كۆرسەتكەن. ئۇ ئىملگىرى ئىبراي، گىرېك، لاتىن، فىرانسۇز، گېرمان، ئىتالىيان تىلى قاتارلىق تىللار تەتقىقاتى توغرىسىدا بىر كىتاب يازغان. ئۇ قەدىمكى زامان ئەدەبىياتى جەھەتتە مول بىلىمگە ئىگە. ئۇنىڭ پەلسەپە بىلەن ئىلاھشۇناسلىق جەھەتتە داڭلىق ئەسەرلىرى مەخسۇس تېما دەپ قارالغان. مانا بۇ ئۇنىڭ ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئىقتىدارىنىڭ ئىپادىلىنىشى.

شۇڭلاشقا، ئەگەر سىز بىر ئادەمنىڭ ئىنتايىن ئىقتىدارلىق ئىكەنلىكى بۇرۇن ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغانلىقىنى بايقىغان ۋاقىتتا، ھەرگىزمۇ خاتا ھالدا ئۇ چوقۇم ھەر كۈنى توپ ئوينايدۇ ياكى جىسمانىي ئەمگەك قىلىدۇ دەپ قارىماڭ. ئۇ بەلكىم شۇنداق ياكى ئۇنداق بولماسلىقى مۇمكىن، خۇددى مەن يۇقىرىدا كەلتۈرگەن ئىككى ئەمەلىي مىسالغا ئوخشىشىدۇ، ئۇلار ئوخشاش زېھنىي كۈچىنى ئىقتىدار جەھەتكە ئىشلەتكەن.

بۇرۇن ئىقتىدارغا ۋەكىللىك قىلىدۇ ھەمدە ئۆپكىنىڭ ئەھۋالىنى ئىپادىلەيدۇ، يەنە بىر جەھەتتىن، يۇز قىسمى ئاشقازان بىلەن ھەزىم قىلىش سىستېمىسىنىڭ ئەھۋالىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. دوختۇر كېسەلنى تەكشۈرگەن چاغدا، بىرىنچى قەدەمدە

كېسەلنىڭ تىلىنى، چىش مىلىكىنى، نەپەسلىنىش ئەزاسى، كالپۇكى ۋە چىشىنى كۆرىدۇ.

بىر ئادەمنىڭ ئېغىزى چوڭ، قېلىن، چىڭ كالپۇكىنىڭ رەڭگى قىزغۇچ، نەپەسلىنىشى ياخشى، شۆلگىيى كۆپ، چىشى بىلەن چىش مىلىكى ياخشى بولسا، ئۇنداقتا ئۇنىڭ ئاشقازىنىنىڭ ھەزىم قىلىش ئىقتىدارى چوقۇم كۈچلۈك بولىدۇ. بۇنداق ئادەم مول ھاياتىي كۈچكە ئىگە ھەم قورساققا ئامراق.

ئەگەر ئېغىز بۆلىكى تۇغۇلۇشىدىنلا چوڭ بولمىغان، قىسقا ھەم تار، چىش ۋە چىش مىلىكى ياخشى بولمىسا، بۇنداق ئادەم مۇقەررەر ھاياتىي كۈچى كەمچىل، شۇنداقلا ئەسلىگە قايتىشى ئاجىزراق كېلىدۇ. بەزىدە بۇ خىل ئەھۋال ھەزىم قىلىش ئورگانلىرىنىڭ ئانچە ياخشى ئەمەسلىكىنى بىلدۈرىدۇ، ئەگەر سىزدە مۇشۇنداق ئەھۋال كۆرۈلسە، ئەڭ ياخشىسى دوختۇرخانىغا بېرىپ ياردەم سوراڭ. بۇنداق ئادەم ئۇزۇقلۇق بىلەن ئوزۇقلىنىشى، شۇنىڭ بىلەن بىللە كۆپرەك ئارام ئېلىپ ئۇخلىشى كېرەك. ئۇلار ئاسان چارچايدۇ، ئاسان ئاچچىقلىنىدۇ، قايغۇغا پاتىدۇ. بۇنى ھەزىم قىلىش ئىقتىدارىنىڭ ناچار بولغانلىقى كەلتۈرۈپ چىقارغان، ھەربىر ھەزىم قىلىش ناچارلىق كېسەلگە گىرىپتار بولغان ھەرقانداق ئادەم چوقۇم ئاسان چارچايدۇ، ئۇمىدسىز كېلىدۇ، خاتامۇ؟ بۇ يەنە پىسخىكىسى ۋە فىزىيولوگىيەسىگە دائىر ھادىسىلەرنىڭ بىرىدۇر.

ئېغىزغا قاراپ خاراكتېر تەھلىل قىلىدىغان مىساللارنى سۆزلەپ باقايلى. كالپۇكى قانچە قېلىن بولسا، ئادەمنىڭ بەدەن شەكلىگە بولغان ئىنتىلىشى شۇنچە چوڭ بولىدۇ. كالپۇكى تار ھەم نېپىز ئادەم تەمكىن ھەم سالماق كېلىدۇ. كالپۇكى يۇمشاق ئادەمنىڭ ئىرادىسى كەمچىل؛ كالپۇكى زىيادە كەڭ ھەم قېلىن ئادەم ئىشقىۋاز كېلىدۇ، ئېغىز بۇلۇڭى ئاستىغا قارىغان ئادەم ئۈمىدسىزلىككە قاراپ يۈزلىنىدۇ، ئەكسىچە ئېغىز بۇلۇڭى ئۈستىگە قارىغان ئادەم ئۈمىدۋار كېلىدۇ، ئارزۇسى كۆپ بولىدۇ،

كالپۇكى ئۇزۇن ياكى قىسقا ئادەمنىڭ گېپى ناھايىتى كۆپ بولىدۇ. شۇڭلاشقا مەن ئايرىم بىر بابتا تەپسىلىي سۆزلەپ بېرىمەن.

**بىر ئادەمنىڭ ئېغىزى چوڭ، قېلىن، چىڭ، كالپۇك رەڭگى قىزىل، نەپەسلىنىشى ياخشى، شۆلگىيى كۆپ، چىشى بىلەن چىش مىلىكى ياخشى بولسا، ئۇنداقتا ئۇنىڭ ھەزىم قىلىش ئىقتىدارى بىلەن ئۇزۇقلۇقلارنى سۈمۈرۈش ئىقتىدارى چوقۇم ياخشى. بۇ خىل ئادەم ھاياتىي كۈچكە ئىگە ھەم قورساقلا ئامراق.**

يۈزنىڭ ئىككىنچى قىسمى ئېڭەك (بۇ ئېغىز بىلەن ئېڭەك) بۇ ئادەمنىڭ سەۋرچانلىقىنىڭ كۈچلۈك ـ ئاجىزلىقىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. مەن ئىلگىرى ئېڭەك بىلەن يۈرەكنىڭ ھەرىكىتى بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولىدىغانلىقىنى سۆزلەپ ئۆتكەنىدىم، شۇنداقلا يەنە چاسا يۈز، ئۇزۇن ئېڭەك بۇرۇنقىدەكلا ئىرادىلىك، غەيرەتلىك، كەسكىنلىكىنىڭ ئىپادىلىنىشى، ئېڭىكى قىسقا ھەمدە ئىنچىكە ئىچىگە كىرىپ كەتكەن ئادەم ئاسان خۇشال بولۇپ ھاياجانلىنىدۇ. شۇڭلاشقا ئىنتايىن ئېنىقكى، ئېڭەك قىسمى قانچە ئۇزۇن ھەم كەڭ بولغانسېرى ئادەم شۇنچە سەۋرچان، ئۇزۇنغا بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولىدۇ.

بەلكىم بەزىلەر مەندىن زىنىخلىق كىشىنىڭ نېمە ئالاھىدىلىكلىرى بار دەپ سورىشى مۇمكىن. نېمىشقا ئاياللارنىڭ زىنىخى بولىدۇ؟ زىنىخ ئادەتتە ئاياللارغا مەنسۇپ، بۇ ئادەمنىڭ ناھايىتى ھېسسىياتچان ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇلار تېخىمۇ كۆپ مۇھەببەتكە موھتاج. سىز بەزىدە ئەر كىشىنىڭمۇ زىنىخى بولىدىغانلىقىنى بايقىشىڭىز مۇمكىن، شۇ ئادەم ھېسسىياتچان.

بۇرنىڭىز بىلەن ئېڭىكىڭىز چوڭ، ئېغىزىڭىز كىچىكمۇ؟ ئۇنداقتا سىز پائالىيەتچان ھەم چىداملىق، بىراق يوشۇرۇن ھاياتىي كۈچىڭىز كەمچىل، سىز تېخىمۇ كۆپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش كۈچىگە موھتاج. سىزنىڭ زېھنىي قۇۋۋىتىڭىز ناھايىتى ئاسانلا ئېچىلىدۇ.

سىز خۇددى تىزىپ قويغان ماشىنىغا ئوخشايسىز، بىراق سىزدە ئالغا ئىنتىلىش روھى، تىرىشچانلىق يېتەرلىك ئەمەس. مانا بۇ سىزنىڭ خىزمەت جەريانىدا بوشاڭلىقىڭىزنىڭ سەۋەبى. سىزنىڭ ئېغىزىڭىز بىلەن ئېڭىكىڭىز چوڭ، بۇرنىڭىز كىچىكمۇ؟ ئۇنداقتا، سىزدە غايەت زور ھاياتىي كۈچ بىلەن ئەسلىگە كەلتۈرۈش كۈچى يوشۇرۇنغان بولىدۇ، بىراق سەۋرچانلىق كەمچىل. باشقىچە ئېيتقاندا، سىز ئومۇمەن ھۇرۇن.

سىزگە قۇلاق ھەققىدىكى بىر ئىشنى سۆزلەپ بېرەي، بۇ ئىش يۈز قىسمىنىڭ دائىرىسىدىن چىقىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئويلاپ بېقىڭ. سىز باشقىلاردىن قەرز ئېلىپ باققانمۇ؟ ھېس قىلىشىڭىزچە قانداق ئادەم ئەڭ مەرد، سىز ئۇنىڭدىن ئاسانلا قەرز ئالالامسىز؟ ئۇنداقتا، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ قۇلىقىغا قاراپ باقايلى. دەرۋەقە، سۆڭەك ـ مۇسكۇللىرى يۇمشاق، بېشى كىچىك، پېشانىسى ئېگىز بىر ئادەمنى تېپىش كېرەك، قۇلىقى ئۇزۇن ھەم تۈز ئادەمنى تاپقان تۈزۈك. بۇنداق ئادەم ئادەتتە باشقىلارغا ئىنتايىن ھېسداشلىق قىلىدۇ، باشقىلارغا مۇلايىم تەسىر بېرىدۇ. تەبىئىيكى، سالپاڭ قۇلاق ئەر ياكى ئايالدىن ھەرقانداق نەرسىنى سورىماڭ، ئۇلار ئادەتتە سىزگە ھەرگىز قەرز بەرمەيدۇ.

سىز قىلىدىغان قىزىقارلىق بىر ئىش شۇكى، ئۆزىڭىزنى ياكى دوستلىرىڭىزنى سۈرەتكە تارتىڭ. كەينىدىن ھەربىر ئادەمنىڭ بۇرۇن، ئېغىز، ئېڭەك قاتارلىق قىسىملىرىنى دۇنيادىكى داڭلىق شەخسلەر، مەسىلەن، گىتلېر، موسسولىنى، روزۋېلت قاتارلىق ئادەملەرنىڭ يۈز قىسمى بىلەن سېلىشتۇرۇپ چىقىڭ.

ئەمدى كۆز توغرۇلۇق سۆزلەيمىز. «كۆز ــ كۆڭۈلنىڭ دېرىزىسى»، قەدىمكى زاماندىكى شائىرلار ۋە ھازىرقى زاماندىكى خاراكتېرنى ئىلمىي تەھلىل قىلغۇچىلار شۇنداق دەيدۇ. ئەقىللىك ئادەملەر كۆز بىر ئادەمنىڭ بەدىنىنىڭ ئىچكى ھالەتلىرىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ دەپ قارىمايدۇ. ئادەم ئاچچىقلانغاندا كۆزدە غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاقنايدۇ، كۈلگەندە كۆزلىرى چاقناپ كېتىدۇ،

قايغۇرغاندا ياش تاراملاپ ئېقىپ كېتىدۇ. دۆت ئادەملەرنىڭ كۆزى قېتىپ قالىدۇ. ياشلارنىڭ كۆزى چاقناپ تۇرىدۇ، مۇھەببەتلىشىۋاتقانلارنىڭ كۆزىدىن مۇلايىم ۋە ھېسسىيات بىلىنىپ تۇرىدۇ، كېسەل ئادەمنىڭ كۆزى نۇرسىز، خۇنۇك بولىدۇ.



كۆڭلى ـ كۆكسى تار ئادەمنى كۆزىدىن ناھايىتى ئاسان بىلىۋالغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ قاپىقى سەل تۈرۈلگەن بولىدۇ، كۆز قارىسى ئوڭ ـ سولغا ئايلىنىپ تۇرىدۇ، باشقىلارغا تىكىلىپ قارىيالمايدۇ، بۇنىڭغا دىققەت قىلىڭ. بۇنداق كۆزدىن قۇۋلۇق، بىپەرۋالىق، كاززاپلىق چىقىپ تۇرىدۇ.

سەمىمىي ئادەمنىڭ كۆزى كۆپىنچە يوغان بولىدۇ. خاتىرجەملىك تۇيغۇسى بېرىدۇ. كۆز ئىپادىسىمۇ خاتىرجەم، يوغان، تەبىئىي بولىدۇ. بەزى ھىيلىگەر ئادەملەر قەستەن سەمىمىي قىياپەتكە كىرىۋالىدۇ. بىراق، ئۇلارنىڭ كۆز نۇرىدىن ئۆزىگە ئىشەنمەيدىغانلىقى چىقىپ تۇرسىمۇ، بار كۈچى بىلەن سىزگە تىكىلىپ قارىغان قىياپەتكە كىرىۋالىدۇ. بۇ خىل مەككارلاردىن ئېھتىيات قىلىڭ. ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، سەمىمىيلىكنى قەستەن كۆپتۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق.

چوڭ، يۇمىلاق كۆزدىن ئىنتايىن سەزگۈرلۈك ئىپادىلىنىدۇ. ئادەتتىكى ئىشلارغىمۇ قىزىقىدۇ. بۇ خىل كۆزلۈك كىشىلەر بارلىق ئىشلىرىنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ، شۇنداقلا ئوي ـ پىكرى جانلىق بولىدۇ. چۈنكى ئۇلار توختىماستىن ئۆگىنىدۇ. بالىلارنىڭ كۆزى ھەمىشە چوڭ ھەم يوغان كېلىدۇ.

تارتىنچاق ياكى نەزەر دائىرىسى تار كىشىلەرنىڭ كۆزىدە ئۆزىنى كەمسىتىش ياكى ھەددىدىن زىيادە تارتىنچاقلىق

ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. سىزگە تىكىلىپ قارىيالمايدىغان كىشىلەرنىڭ سەمىمىي بولماسلىقى ناتايىن، ئۇ بەلكىم ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسى تولۇق ئەمەس ياكى كۆڭلىدە بىر ئىشنى قاتتىق ئويلىنىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن.

كۆز قارىسى سۇس بولغان كىشىنىڭ ئادەتتە تېرىسىنىڭ رەڭگىمۇ سۇس بولۇپ، خاراكتېرى تېرىسى سۇس رەڭلىك كىشىلەرنىڭ خاراكتېرىگە مەنسۇپ بولىدۇ. ئۇلار ھەر خىل ئۆزگىرىشنى ياخشى كۆرىدۇ، يېڭى ئىدىيە، يېڭى قىياپەت، يېڭى ئورۇن. كۆز قارىسى سۇس رەڭلىك كىشىلەر مۇقىم، بىر خىللا خىزمەتنى ئىشلەشتىن ساقلىنىشى لازىم.

كۆز قارىسى قېنىق قوڭۇر ياكى قارا رەڭلىك ئادەملەر لاتىن ياكى شەرقلىكلەرگە تەۋە. بۇ خىل كۆز قەتئىي تەۋرەنمەس ھېسسىياتنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى ئىپادىلەيدۇ. قارا كۆزلۈك كىشىلەر ھەمىشە ھېسسىياتچان، ئەمما سىزگە مەڭگۈ سادىق كېلىدۇ. ئەگەر قارا كۆزلۈكلەر كۆزىنى يۇمۇۋالسا، گۇمانلانغانلىقىنىڭ ئىپادىسى.

ئىككى كۆزنىڭ ئارىلىقى يىراق بولغان كىشىلەرنىڭ ئوبراز، پاسون، مەنزىرە، چىرايغا نىسبەتەن ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارى يۇقىرى بولىدۇ. دۇنيادىكى داڭلىق رەسساملارنىڭ ئىككى كۆزىنىڭ ئارىلىقى ناھايىتى كەڭ. كىشىگە خۇددى يەنە بىر كۆز ئۆسۈپ چىققاندەك تەسىر بېرىدۇ، سەمىمىي كۆز — ساداقەتمەن، مەڭگۈ ئىشەنچلىك كۆز، ھەممىسى چوڭ ئېچىلغان، كىرپىكى تۈز، ئۇزۇن كۆرۈنىدۇ. كەپتەرنىڭ كۆزىگە قاراپ بېقىڭ.

خوتۇنپەرەس ياكى كۆپ خوتۇنلۇق ئادەمنىڭ قاپىقى ناھايىتى قېلىن، ئىششىپ قالغاندەك كۆرۈنىدۇ. كۆز نۇرى قېتىپ قالغان، يېرىم يېپىق، نۇرسىز كۆرۈنىدۇ.

چاقناپ تۇرىدىغان كۆزنىڭ كۆز چانىقى ئاستىدا قورۇقلار پەيدا بولسا، بۇ ئادەمنىڭ يۇمۇرستىك، پائالىيەتچان ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ؛ ھەقىقىي يۇمۇرىستىك، قىزىقچى ئادەمنىڭ كۆزى ھەمىشە چاقناپ تۇرىدۇ، ئېغىزى ئاسانلىقچە يۇمۇلمايدۇ.

ۋەھشىي كۆزلۈك ئادەمنىڭ ئاستى ـ ئۈستى قاپىقى پاراللېل، ئۈستى قاپىقى يېرىم ئېچىلغان، قاپىقى قاتتىق، كۆزى ئۈستىگە قىيپاش، ئۈستۈنكى قاپىقى پۈلتىيىپ چىققان بولىدۇ. بۇنداق ئادەم ھىيلىگەر، ئىشەنچسىز كېلىدۇ.

كۆزى ناھايىتى چىرايلىق، قاش، كىرپىكلىرى قىلدەك ئىنچىكە ئادەم سەزگۈر ھەم سەنئەتخۇمار، جانلىق كېلىدۇ، كۆز ئېقى پارقىراق بولسا، ياشلىقنى، قىزغىنلىقنى، ساغلاملىقنى، جۇشقۇنلۇقنى ئىپادىلەيدۇ.

يوغان كۆزلۈك ئادەم ھەرىكەتچان، ھېسسىياتچان، زىيادە سەزگۈر، ھېسسىياتى چوڭقۇر، چاققان، جانلىق كېلىدۇ. كۆزى كىچىك كىشىلەر سۆرەلمە، ئىدىيەسى مۇستەھكەم بولىدۇ. ئۇلار ھەرقانچە ئەقىللىك، ئېھتىياتچان بولسىمۇ، چوڭ كۆزلۈك ئادەملەرگە ئوخشاش ھېسسىياتقا باي ئەمەس. باشقىلارغا ئاسان ئىشىنىپ كېتىدۇ، ساددا، تۈز نىيەتلىك كۆز يۇمىلاق ھەم يوغان كېلىدۇ. بەزىلەرنىڭ كۆز ئېقى كۆز قارىچۇقىنى تولۇق چۆرىدەپ تۇرىدۇ. بۇ خىل كىشىلەر ئاسانلا ئالدىنىپ كېتىدۇ.

بىز قاشقا قاراپ باقايلى. قېشى ئۈستىگە كۆتۈرۈلۈپ قالغان ياكى كۆزىنى يېپىۋالغان ئادەمنىڭ چۈشىنىشى ياخشى، كۆزىتىشى چوڭقۇر بولىدۇ. ئۇلار ئىلىم ـ پەن تەتقىقاتىغا بەكرەك قىزىقىدۇ. قېشى تۈز كەلگەن ئادەملەر ئەرلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ، ئەمەلىيەتكە بەكرەك ئەھمىيەت بېرىدۇ، ئەمەلىي ئىشلارغا قىزىقىدۇ. بەك ئەگمە قاش ئادەتتە ئاياللارغا تەۋە بولۇپ، سەزگۈرلۈكنى، گۈزەللىكنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. تېرىسى سۇس بولسا، ئىشلارغا ئىنچىكىلىكنى بىلدۈرىدۇ، قېشى قويۇق، قاپاق تېرىسى يىرىك بولغان ئادەملەر ئەقىللىك، قاملاشقان، ماسلىشىشچان، دالا پائالىيىتىنى ياخشى كۆرىدىغان، جۇشقۇن، سەنئەتخۇمار كېلىدۇ.

قاش ئارىلىقى يېقىن ھەم تۇتىشىپ كەتكەن، كۆزلىرى يېقىن بولغان ئادەم ئېنىقكى، چېچىلاڭغۇ، قوپال، ھىيلىگەر، كۆڭلى ـ

كۆكسى تار بولىدۇ. سىز ھازىر ئۆدۈلىڭىزدا ئولتۇرغان ئادەمنىڭ ھەرقايسى قىياپەتلىرىگە دىققەت قىلىپ بېقىڭ. سىز ناھايىتى ئاسانلا ئۇنىڭ خاراكتېرىنى پەرەز قىلالايسىز. شۇنداق ئەمەسمۇ؟

سىز باشقىلاردىن پۇل ئارىيەت ئېلىپ تۇرۇشنى ئويلامسىز؟ ئۇنداقتا ئۇنىڭ قۇلىقىغا قاراپ بېقىڭ، ئەڭ ياخشىسى سالپاڭ قۇلاق ئادەمنى كۆزلەڭ. بۇنداق ئادەملەر ئادەتتە ھېسداشلىق قىلىدىغان ۋە باشقىلار بىلەن چىقىشقاق كېلىدۇ، سالپاڭ قۇلاق ئادەمدىن ھەرگىز بىر نەرسە ئۆتنە ئالماڭ، ئۇلار ھەرگىز بەرمەيدۇ.

# ئون سەككىزىنچى باب

## كالپۇكنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقىلىقى ۋە خاراكتېر

ئالدى بىلەن ماڭا ئىشخانامدا يۈز بەرگەن بىر ۋەقەلىكنى سۆزلىشىمگە ئىجازەت قىلىڭ.

مەن ئىلگىرى ئىنتايىن ئىقتىدارلىق ئايال كاتىپ ئىشلەتكەنىدىم. ئۇنىڭ مىجەز ـ خۇلقى بەك ئوماق، كىشىلىك مۇناسىۋەتكە ماھىر. لېكىن بۇ ئايالنىڭ بىر ئاجىزلىقى پوچېركىسى ئىنتايىن رەتسىز ئىدى. خاتالىق ھەربىر قۇردا ئۇچراپ تۇراتتى. بۇ ئايال بەك سەزگۈر بولۇپ، تەنقىدنى قوبۇل قىلمايتتى. مەن ئۇنى ياللىغان ۋاقىتتىلا بۇ تەرەپلىرىنى بىلگەنىدىم. مەن قانداق قىلىپ بۇ قابىلىيەتلىك ئايال كاتىپنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ساقلاپ قېلىش ھەم شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە ئاجىزلىقىنى ئۆزگەرتەلىدىم؟ گەپ مانا مۇشۇنىڭدا ئىدى. ئاخىر بىر كۈنى، ئۇ ماڭا بىر پارچە سودا ھۆججىتىنى ئۇرۇپ قولۇمغا بەردى. خەت رەتلىك ھەم پاكىز ئۇرۇلغانىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنى ماختاپ: «ناھايىتى ياخشى ئۇرۇپسىز، ئىنتايىن پاكىز چىقىپتۇ، مەن سىزنى قۇتلۇقلايمەن! مۇشۇنداق پاكىز ئۇرۇلۇپ چىققان سودا ھۆججىتى كۆڭۈلدىكىدەك سودا ھۆججىتى بولغان بولىدۇ» دېدىم.

شۇنىڭدىن باشلاپ، ئۇ ئۇرغان ھۆججەتلەرنىڭ ھەممىسى ناھايىتى رەتلىك ھەم پاكىز چىقىدىغان بولۇپ كەتتى. مەن ئەمدى رەسمىي تېمىغا قايتىپ كېلەي. مەن ئۇنىڭ ئەقىللىك ئىكەنلىكىنى قانداق بىلدىم؟ ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇشتا نېمىشقا ئۇنى ئەيىبلەش ئەمەس، بەلكى ماختاش ۋاستىسى قوللاندىم؟ بۇ ناھايىتى ئاددىي، چۈنكى ئۇنىڭ ئۈستۈنكى كالپۇكى قىسقا، بۇ ئۇ ئادەمنىڭ تەنقىد

قوبۇل قىلمايدىغانلىقىنى، تەرپلىنىشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ خىل ئالاھىدىلىكنى چۈشىنىسىز، دىققەت بىلەن بۇرۇننىڭ ئاستىدىن بويلاپ ئۈستۈنكى كالپۇكنىڭ گىرۋىكىدىن سوزۇلغان ئېرىقچىسىغا دىققەت بىلەن قاراڭ. ئەگەر ئېرىقچىسى قىسقا بولسا، ئۇنداقتا سىز بۇ ئادەمنى ماختاشنى خالايدىغان ئادەم دەپ قارىسىڭىز بولىدۇ. بۇنداق ئادەملەر بەزىدە باشقىلارنىڭ ساختا ماختاپ ئۇچۇرۇشلىرىغا ئامراق كېلىدۇ. ئادەتتىكى ئۆزئارا ئالاقىلىشىدىغان كىشىلەر ئارىسىدا ئالاھىدە سەزگۈر ئادەملەر بار، ئۇلارنىڭ نۇرغۇن ياخشى خاراكتېرلىرى بار، لېكىن ئۇلار ماختىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ. شۇڭا، سىز ئۇلارغا سۆز قىلغان ۋاقىتتا چوقۇم سالماقلىق بىلەن قاتتىق ئويلىنىڭ. قىلغان سۆزلىرىڭىز ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ھېسسىياتىغا قاتتىق ئازار بېرىپ قويۇشىڭىز مۇمكىن. پەقەت ئۇلارنىڭ ئۈستۈنكى كالپۇكىغا دىققەت قىلىپ قويۇڭ.

بىز بۇ نۇقتىدىن پايدىلىنىپ ئۆزىمىزنى ۋە باشقىلارنى مۆلچەرلەيلى ھەمدە خۇشاللىقىمىزنى ئاشۇرايلى. خانىمىڭىزنىڭ ئۈستۈنكى كالپۇكى قىسقىمۇ؟ ئۇنداقتا ئۇنىڭغا سۆزلىگەندە، سەل ئېھتىيات قىلىڭ، ئۇنى ماختاپ ئۇچۇرۇشتىن قورقماڭ. ئۇنىڭ مۇرىسىگە يەڭگىل ئۇرسىڭىز ئۇ خۇشال بولۇپ كېتىدۇ. تاماق يەپ بولۇپ ئولتۇرۇپ گېزىت كۆرۈۋاتقان ۋاقىتتا ئوخشاشلا ئۇنىڭغا: «قەدىرلىكىم، سىز قورۇغان كالا گۆشى، چەيزە قورۇمىسى ھەقىقەتەن بەك يېيىشلىك بوپتۇ» دېسىڭىز ياكى سىلەر سىرتقا چىقىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلغان ۋاقىتتا ئۇنىڭ كىيىم ئالماشتۇرۇش ھەم گىرىم قىلىش ۋاقتىنىڭ ئۇزۇنلۇقىدىن بىزار بولماي، ئۇ تەييارلىنىپ بولغان ۋاقىتتا: «قەدىرلىكىم، سىز ھەقىقەتەن چىرايلىق، گىرىمىڭىز بەك يارىشىپتۇ» دەپ قويسىڭىز ئويلىمىغان ئۈنۈمگە ئېرىشىسىز. ئۇ خۇددى ئىككىنچى قېتىم شېرىن ئاي ئۆتكۈزۈۋاتقاندەك خۇشال بولۇپ كېتىدۇ.

ماختاشنى ئەيىبلەشنىڭ ئورنىغا قويۇش كىشىلەر بىلەن مۇئامىلە قىلىشتىكى ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇل، مەيلى قانداق ئادەم بىلەن مۇئامىلە قىلماڭ، ھەممىسى ئوخشاش ئۈنۈمگە ئىگە. بولۇپمۇ ئۈستۈنكى كالپۇكى قىسقا ئادەملەرگە. ئۈستۈنكى كالپۇكى قىسقا ئادەمنى ئۇچراتسىڭىز چوقۇم بۇ نۇقتىنى ئېسىڭىزدە چىڭ تۇتۇڭ. ئۇلار ماختىنىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ماختاشتىن ئۇلارنىڭ يۇكسەك ئىرادىسى ئەڭ ياخشى تەسىرگە ئېرىشىدۇ. ئۇلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا ئىنتىلىشىمۇ ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە، دوستلىرىغا ياكى خەلقىگە ئۆزلىرىنىڭ تالانتلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۇرۇش.

ئىلگىرى بىر قابىلىيەتسىز يىگىت قىز دوستىنىڭ ماختىشىدىن دەرھال جاسارەتكە كېلىپ، تەنھەرىكەت مەيدانىدا ھۆججۈمغا ئۆتۈپ، ئاخىرىدا داڭلىق تەنھەرىكەتچى بولۇپ يېتىشىپ چىققانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك بىر ئىشنى ئاڭلىغانمۇ؟ لېكىن بۇ يەردە يەنە بىر خەتەرلىك سىگنال بار. كالپۇكى قىسقا كىشىلەر چوقۇم ئېھتىيات قىلىشقا تېگىشلىك. سىز چوقۇم ئۆزىڭىزنىڭ ئاجىزلىقىڭىزنى بىلىشىڭىز كېرەك. شۆھرەتپەرەسلىكتىن ھەزەر ئەيلەڭ، سىزنى ماختىغان ئادەم سىزنى راست ماختاۋاتامدۇ ياكى غەرەزلىك ماختاۋاتامدۇ؟

ئەلۋەتتە سىز يەنە بىر ئالدىدا سۆزلەپ ئۆتكەن باشقا بەدەن شەكلى ئالاھىدىلىكلىرىنىمۇ ئويلاپ كۆرۈشىڭىز كېرەك. ئەگەر ئۇ ئادەمنىڭ ئۈستى كالپۇكى قىسقا، تېرىسى يۇمران بولسا، سىزنىڭ تەرىپلىشىڭىز چوقۇم ئەدەپلىك ھەم مەدەنىي بولۇش كېرەك. ئەگەر ئۇ ئادەمنىڭ تېرىسى يىرىك بولسا، ئۇنداقتا سىز ئامال بار ئۇنى ماختاڭ، ئۇ ھەرقانداق ئىشنى قىلىدۇ. باشلىقىڭىز تېرىسى يىرىك ھەم ئۈستۈنكى كالپۇكى قىسقا ئادەممۇ؟ ياخشى، سىز ئۇنىڭغا «سىز بىلەمسىز، سىز مەن تونۇجى ئۇچراتقان ئۆتكۈر قابىلىيەتلىك ئادەم، سىزنى ھەقىقەتەن بىر تالانت ئىگىسى دەپ قارايمەن» دېسىڭىز، ئۇ چوقۇم ئىنتايىن ياقتۇرۇپ ئاڭلايدۇ.

ئەمدى يىغىنچاقلىساق، ئەر كىشى، ئايال كىشى، ئوغۇل ياكى قىز، ئومۇمەن ئۇستۇنكى كالپۇكى قىسقا بولغان ئادەم ماختىنىشنى ياخشى كۆرىدىغان ھەم باشقىلارنىڭ ئۆزىگە خۇشامەت قىلىشىنى قارشى ئالىدىغان ئادەم. ئۇنىڭ خاتالىقىنى تۈزەتمەكچى بولسىڭىز، ئۇنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى ماختاپ ئۇچۇرۇڭ. ئۆزىڭىز ئۇمىد قىلغان بىرەر ئىشنى قىلدۇرۇشنى ئويلىسىڭىز ئۇنى كۆپرەك ماختاپ ئۇچۇرۇڭ. ئەگەر سىز ئۇستۇنكى كالپۇكىڭىز قىسقا ئادەم بولسىڭىز، ئاسان باشقىلارنىڭ ماختىشىغا مەستانە بولۇپ كېتىشتىن پەخەس بولۇڭ. ئۆزىڭىزنى ئۆزىڭىز باشقۇرۇڭ، بىرنەچچە يىلدىن بېرى سىز مىڭىڭىزنىڭ ۋە قىسقا كالپۇكىڭىزنىڭ كونتروللۇقىدا بولدىڭىزمۇ؟

ھازىر سىز بەلكىم ئۇستۇنكى كالپۇكى ئۇزۇن بولسا، نېمىنى ئىپادىلەيدىغاندۇ دەپ ئويلاۋاتقان بولۇشىڭىز مۇمكىن. بۇ ماڭا داڭلىق كىنو چولپىنى جورجى ئەيلى ۋە ئۇنىڭ ماڭا يازغان خېتىنى ئەسلەتتى. ئۇنىڭ خېتىدىكى كەمتەرلىك بىلەن دېيىلگەن ۋە تاللاپ ئىشلىتىلگەن سۆزلەر ھەم رەسىمدىكى روشەن ئۇزۇن ئۇستۇنكى كالپۇك مەندە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. مەن يەنە ئىلگىرى توي قىلىش ئالدىدا تۇرغان بىر ئايالنىڭ قىزىقارلىق سوئالىنى ئەسلەپ قالدىم. مەندىن مۇنداق سورىغانىدى: «مەن بىر ئەر بىلەن توي قىلماقچى بولۇۋاتىمەن، لېكىن ئۇنىڭ تەق - تۇرقىدىكى ئالاھىدىلىكنى رەسىمدىن كۆرەلەيسىز — ئۇنىڭ ئۇستۇنكى كالپۇكى بەك ئۇزۇن، بۇ نېمىنىڭ سىمۋولى؟ مەنچە سىز كەلگۈسى تۇرمۇشىمىزنىڭ تېخىمۇ گۈزەل بولۇشى ئۈچۈن ماڭا چوقۇم كۆرسەتمە بېرەلەيسىز». بۇ ھەقىقەتەن ئاقىلانىلىك بىلەن سورالغان سوئال، دەرھال ئېنىق ھەم پايدىلىق جاۋاب بېرىشكە ئەرزىيدۇ. تۆۋەنگە نەزەر سېلىڭ:

ئۇستۇنكى كالپۇكى ئۇزۇن ئادەملەر ماختاش ھەم خۇشامەتچىلىكتىن ئاسان گۇمانلىنىدۇ. باشقىلار ئۇنى ماختاپ ئۇچۇرسا، ئانچە ئىشىنىپ كەتمەيدۇ، بىزار بولىدۇ، دائىم «ھە،

راستمۇ؟» دەپ قويىدۇ. بۇ ئۇستۇنكى كالپۇكى ئۇزۇن ئادەملەرنىڭ كىشىلىك ھايات تەجرىبىلىرىدىن ئېرىشكەن ئەڭ چوڭ ساۋىقى، ئۇلار بەك كۆپ ماختاش (ئەلۋەتتە ھەممىسى ئەمەس)نىڭ كۆپىنچىسى راست ئەمەس، ئۇلار مەلۇم نەرسىگە ئېرىشىشنى ئويلايدۇ دەپ قارايدۇ. سىز ئۇنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى ماختىسىڭىز، مەسىلەن، ئۇنىڭ ئائىلىسى ياكى كەسپى، ئۇنىڭدا دەرھال ئىپادىلەنگەن ئىنكاس گۇمانلىنىش بولىدۇ. ئۇ سىزنى چوقۇم بىرەر ئېھتىياجى بار ياكى ئۆزىگە بىرەر نەرسىنى سېتىشنى ئويلاۋاتىدۇ دەپ قارايدۇ. تاكى سىز ئۆزىڭىزنىڭ باشقا مەقسىتى يوقلۇقىنى ئىپادىلىگەنگە قەدەر.

لېكىن بۇ خىل ئالاھىدىلىك، ئادەتتە ئاقىلانە تەھلىل قىلىشقا ماھىر بولغان ئىدىيەدىن ھاسىل بولغان. جەمئىيەتتىكى چىرىكلىكتىن بىزار بولغان كىشىلەر ئەقىلنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنى ھېسسىيات ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. ھېسسىياتنى ئىدارە قىلماق تەس، ماختالغان كىشى كۆرەڭلەپ كېتىپ ئەسلىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ. شۇڭا ئۇنداقلار غادايغاق كېلىدۇ. ھۆكۈمنىڭ خۇشامەتچىلىك تەرىپىدىن ئازدۇرۇلۇپ كېتىشتىن ئېھتىيات قىلىڭ. ئۇنىڭ مەقسىتى ئادەتتىكىدەك بولمىغان ھەم مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايدىغان ئىشلارنى قىلىش، بۇنداق ئادەملەرنىڭ كۆپىنچىسى بىز داۋاملىق سادىر قىلىدىغان خاتالىق، يەنى ئۆزىنىڭ بەختسىزلىككە ئۇچرىشىنى باشقىلاردىن كۆرىدىغان خاتالىقتىن ساقلىنالايدۇ. بۇنداق ئادەمگە مۇئامىلە قىلىشتىكى ئەڭ ياخشى ئۇسۇل يۇزتۇرانە تەنقىدلەش، ئەكسىچە ماختاش ئەمەس، ئۇستۇنكى كالپۇكى ئۇزۇن ئادەملەرنى كۆرۈپ قالسىڭىز، ئۇلارنىڭ خاتالىقلىرىنى تېپىشقا تەييارلىق قىلىڭ، خاتالىقنى تېپىش ئۇسۇلى ئاددىي، مۇۋاپىق بولۇش، تىرناق ئاستىدىن كىر ئىزدىمەسلىك كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا ھەرقانداق ئادەممۇ ئۇنى قوبۇل قىلالمايدۇ. ئەگەر سىز راستتىنلا ئۇنىڭ خاتا قىلغان جايىنى تاپالىسىڭىز. ئۇنداقتا كېكەچلەپ ئولتۇرمايلا ئۇنىڭغا ئۇدۇللا

ئېيتىڭ، ئەپۇ سورىماڭ. تەنقىدلەپ بولغاندىن كېيىن ماختايدىغان سۆزلەرنى قىلماڭ، ئەڭ ياخشىسى ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشقان چاغدا ماختاش سۆزلىرىنى ئىشلەتمەڭ.

مەڭگۈ ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، ئۈستۈنكى كالپۇكى ئۇزۇن بولغان ئادەملەرنىڭ مۇستەقىل كۆزقارىشى بار. ئۇلار ئىش قىلغاندا پەقەت ئۆزىنىڭ خۇشاللىقى ئۈچۈن قىلىدۇ. ئۇلار ناھايىتى ئۆز بېشىمچى، غۇرۇرى ناھايىتى كۈچلۈك. غۇرۇرى كۈچلۈكرەكلەرنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن تەستىقلىنىشى ھاجەتسىز. ئۇنىڭ بىردىنبىر رىقابەتچىسى دەل ئۆزى. ئۇ پەقەت پىلاننى قانداق قىلىپ ئورۇنلاش توغرىسىدىكى پىكىرنى ئاڭلايدۇ.

بۇ خىل ئادەمدە ئۆزىنىڭ قانداق ھەرىكەت قىلىش، قانداق ئىنكاس قايتۇرۇش كېرەكلىكى توغرىسىدا مۇھىم شەكىل بار. ئۇ مۇۋەپپەقىيەت ۋە مەغلۇبىيەتنى مۆلچەرلەشتە ئۆزى تۈزگەن ئۆلچەمنى ئاساس قىلىدۇ. شۇڭا سىز مەيلى ئۇنى قانداق ماختاپ ئۇچۇرماڭ، ھەممىسى بىكار.

مېنىڭ ئۈستۈنكى كالپۇكى ناھايىتى ئۇزۇن دوستۇم بار. بىر قېتىملىق گولف توپ مۇسابىقىسىدە غەلىبىگە ئېرىشكەندىن كېيىن ئۇ بۇ خىل خاراكتېرىنى ناھايىتى ياخشى ئىپادىلىدى. شۇ قېتىملىق مۇسابىقىدە ئۇلار تەكلىپ قىلغان مۇسابىقىگە قاتناشقۇچى ۋاقىتلىق مۇسابىقىگە قاتنىشالمىغانلىقتىن ئۆزىنىڭ ئورنىغا ئۇنى تەكلىپ قىلغان. قارشى تەرەپتىكى ماھىرلار ئىچىدە دۇنياغا داڭلىق بىرقانچە تەنھەرىكەتچىلەر بولۇپ، شۇ قېتىم ئۇلار ھەممىسى ئىپادىسىنى ياخشى جارى قىلدۇرالمىغان، نەتىجىدە مېنىڭ ھېلىقى دوستۇم كىشىنى ھەيران قالدۇرۇپ ئىككىنچىلىككە ئېرىشكەن. مەن ئۇنى قۇتلۇقلىغان ۋاقتىمدا، ئۇ: «بولدى بەس، مەن ھاياتىمدا قاتناشقان مۇسابىقىلەر 800 قېتىمدىن ئارتۇق. ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 80 قېتىمدا بىر قېتىم بىرىنچىلىككە ئېرىشىمەن. بۈگۈن مەن بەك ياخشى ئويناپ كېتەلمىدىم. ئەكسىچە ئىككىنچىلىككە ئېرىشتىم. قارشى تەرەپ

تېخنىكىسىنى ياخشى جارى قىلدۇرالماي قالدى. خالاس» دېدى. شۇڭا بۇ ئادەمنى كۆپ ئۇچۇرغىنىڭىزنىڭ پايدىسى يوق. شۇڭا سىزمۇ ئەڭ ياخشىسى ئۇلارغا قوپال ئۇسۇلدا مۇئامىلە قىلىڭ.

يېقىندا مەن بىر زىياپەتتە ناھايىتى روشەن ئىككى ئىسپاتقا ئىگە بولدۇم. زىياپەتكە قاتناشقان بىر رەسسام مېھمانلار ئۈچۈن تېز سىزما سىزىپ بېرىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بىر چىرايلىق ئايال ناخشىچى ئالدى بىلەن ئۆزىگە تېز سىزما رەسىم سىزىپ بېرىشنى ئۆتۈندى. ئۇنىڭ ئالدى بىلەن قىلغان سۆزى: «ئەپەندىم، مېنى ئەينەن سىزىپ قويماڭ، سىزمىسى چىقسىلا بولدى.» ھېلىقى رەسسام پەس ئاۋازدا ماڭا: «ئۇنىڭ كالپۇكىنىڭ قىسقىلىقى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس» دېدى. سىزما پۈتكەندىن كېيىن، ئۇ يەنە بىر ھەربىي ئەمەلدارنىڭ تېز سىزمىسىنى سىزدى. بۇ ئەمەلدارنىڭ ئۈستۈنكى كالپۇكى ئالاھىدە ئۇزۇن ئىدى، ئۇ: «ئەپەندىم، تۇزۇت قىلماڭ، يۈزۈمدە نېمە بولسا شۇنى سىزىڭ، قورۇق، تاتۇق، پايىنەك ھەممىسىنى سىزىڭ» دېدى.

ئەگەر سىز مال ساتقۇچى بولسىڭىز، ئۈستۈنكى كالپۇكى ئۇزۇن خېرىدارنىڭ ئۆزىگە قويۇپ بېرىڭ. ئۇنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى ئەمەس، بەلكى قەيەردە خاتالاشقانلىقىنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىڭ. پاكىت بىلەن نەزەرىيەنى ئۇنىڭ ئالدىغا تىزىپ ئۆزىگە قارار قىلغۇزۇڭ، ئۇنىڭ ئورنىدا پىكىر بەرمەڭ. ئۇنىڭغا باشقىلارنىڭ ھەممىسى مەلۇم تاۋارنى ياقتۇرۇپ ئىشلىتىدۇ. دېمەك، ماختاپ ئۇچۇرۇشنىڭ ئۇنىڭغا نىسبەتەن ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق.

بىرقانچە كۈن ئىلگىرى مەن مەلۇم چوڭ شىركەتنىڭ رەئىسلەر يىغىنىغا قاتناشتىم. مۇدىرىيەت رەئىسى بىر داڭلىق باي كارخانىچى ئىدى. ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا ھە دەپ تۇرىدىكەن. مەيلى ئۇ نېمە دېسۇن، ھەممىسى پەقەت باش ئېگىپ ھە دەيدىكەن. لېكىن مەن شۇ يىغىندا قىلچە تەكەللۇپ قىلماستىن: «رەئىس، سىزنىڭ پىكرىڭىز ناھايىتى توغرا، لېكىن

پاكىتنى ئېنىق ئايرىيالمىدىڭىز، سىز مېنىڭ ئىسپاتلىشىمنى ئاڭلاپ بېقىڭ.» ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەرنىڭ قانچىلىك ھەيران قالغانلىقىنى، ئۇلار مېنىڭ بىرنەچچە ئېغىز سۆز ئارقىلىق ئۆزۈمگە بالا تېپىۋېلىشىمدىن بەك قورقۇپ كېتىشكەن. ئويلاپ كۆرۈڭ، مەن ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، يەنە ئۇستىلىق بىلەن ئاياغلاشتۇرۇپ: «شۇڭا، بىكەي ئەپەندىم، ئالدىنقى پاكىتىڭىز خاتا بولغاندىن باشقا سۆزلىگەنلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى توغرا» دېدىم. ھا، ھا، ھېلىقى ئەپەندىم ھازىر مېنىڭ ياخشى دوستۇم، مەن نېمە دېسەم ئۇ شۇنى قوللىنىدۇ، چۈنكى مەن ئۇنىڭغا پايدىلىق ھەم مۇۋاپىق تەنقىد بەردىم. ئەكسىچە باشقىلار ئىزچىل ئۇنى ماختاپ خۇشامەتچىلىك قىلدى. ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى خىزمەتچىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنى ناھايىتى ھۆرمەتلەيدۇ. لېكىن ئۇلار ئەگەر ئىلمىي خاراكتېر ئانالىزىنى ئۆگەنگەن بولسا، ئۇنىڭ ئۇزۇن كالپۇكىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىدا ئۆزىگە نىسبەتەن ئەڭ توغرا ھەم پايدىلىق تەنقىد بەرگەن ئادەمنى ناھايىتى قەدىرلەيدىغانلىقىنى بىلگەن بولاتتى. شۇڭا ئەگەر باشلىقىڭىز ئۈستۈنكى كالپۇكى ئۇزۇن كەلگەن ئادەم بولسا، ئېسىڭىزدە چىڭ ساقلاڭكى، ھەر ۋاقىت «ھە، ھە» دېمەڭ، مۇۋاپىق پەيتتە ئۇنىڭغا مۇۋاپىق پايدىلىق تەنقىد بېرىڭ. پەقەت بويسۇنۇشنىلا بىلىدىغان خىزمەتچىلەرنى تاللاشنى خالايدىغان باشلىقنىڭ كۆپىنچىسى تەنقىدكە چىدىمايدۇ.

سىز كالپۇك ئىپادىلىگەن ھەر خىل خاراكتېر ۋە مىجەزلەرنى چۈشىنىۋالدىڭىز. ئۇنى ئادەملەرنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئىشلىتىشىڭىز كېرەك. كېلەركى قېتىم ئەگەر نېفىت شاھىنىڭ رەسىمىنى كۆرگەن چېغىڭىزدا، ئۇنىڭ ئۇزۇن كالپۇكىغا دىققەت قىلىڭ. ئۇنىڭ ئوي - پىكرى نېفىتتا، سىز ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاچىمەن دېمەڭ.

ئومۇملاشتۇرغاندا، ئۈستۈنكى كالپۇكى قىسقا ئادەم سەزگۈر، تەنقىدتىن قورقىدۇ، ماختاش، تەرىپلەشتىن تەسىرلىنىدۇ.

ئۈستۈنكى كالپۇكى ئۇزۇن ئادەم گۇمانخور كېلىدۇ. ماختاش، تەرىپلەشلەرگە ئىشەنمەيدۇ، قۇيرۇق شىپاڭشىتىپ «ھە، ھە» دەيدىغان ئادەمدىن بىزار. بۇ نۇقتىدىن پايدىلىنىپ ئادەملەرنى كۆزىتىڭ. ئەلۋەتتە ئۇنى توغرا قوللىنىڭ.

سىزنىڭ ئۈستۈنكى كالپۇكىڭىز ئۇزۇنمۇ؟ شۇنداق بولسا، سىزگە بىرىدىغان مەسلىھەتىم ئارتۇق گۇمانلانماڭ. دۇنيادا يەنە سەممىي ئادەملەر بار. ئاياللىقىز سىزنى كېلىشكەن دەپ ماختىغان ۋاقىتتا سىزگە بىر قۇر يېڭى كىيىم ئالدۇرۇش ئۈچۈن شۇنداق دېگەن بولۇشى مۇمكىن. مۇئاۋىن ياردەمچىڭىزنىڭ ئالدىنقى كۈنى سۆزلىگەن نۇتقىڭىزنى ناھايىتى ياخشى بولدى، دېگەن گېپىدە ساختىلىق يوق.

# ئون توققۇزىنچى باب

## باشمالتاقنىڭ ئۈزۈن - قىسقىلىقى ۋە خاراكتېر

قەدىمكى رىم دەۋرىدە بىر ئادەت بار بولۇپ، باشمالتاقنىڭ پەۋقۇلئاددە ۋەزىپىسى بار ئىدى. رىمدا مەلۇم خاتىرىلەش كۈنى يېتىپ كەلگەندە، تەنتەنىگە چۈمۈلگەن كوچىلاردا، پۇتكۇل شەھەر ئاھالىسى رىمنىڭ چوڭ مۇسابىقە مەيدانىغا بېرىپ، پۇتبول مۇسابىقىسىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئويۇننى كۆرەتتى. يالىڭاچ كېلىنگەن پالۋانلار هاياتىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىغا قارىماي مەيداندا ئۇستۇنلۈك تالىشاتتى. 20 نەپەر ئالاھىدە قىلىچۋازدىن ئىككى ئادەم بىر گۇرۇپپا بولۇپ قارىمۇقارشى ئېلىشاتتى. قانلار دەريا بولۇپ ئاقاتتى. يېڭىلگەن گۇرۇپپا ئېلىشىشتىن توختاپ تەقدىرىنىڭ هۆكمىنى كۈتەتتى. غەلىبە قىلغان پالۋانلار قىلىچلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، كۆرەڭلىگىنىچە لوژادا ئولتۇرغان پادىشاھنىڭ ئەمرىگە قۇلاق سالاتتى. پادىشاھنىڭ ئەمرى قانداق؟ بۇ دەل باشمالتاق ئىدى. پادىشاھ باشمالتىقىنى ئاستىغا قاراتسا، يېڭىلگەن پالۋانلار دەرھال ئۆلتۈرۈلەتتى. باشمالتىقىنى ئۈستىگە قاراتسا، ئۇلارنىڭ هاياتى كېپىللىككە ئېرىشەتتى. باشمالتاق هايات - ماماتلىقنى بەلگىلەيتتى. ئۇنىڭدىن باشقا باشمالتاق ئېرىقلارغا نىسبەتەن ئىنتايىن مۇهىم خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئىدى.

ئەگەر سىزنى باشمالتىقىڭىزنى ئىنچىكە كۆزىتىڭ دېسەم، هەيران قېلىشىڭىز مۇمكىن. «ئادەم بەدىنىدىكى ئانچە مۇهىم هەم باغلىنىشلىقى يوق كىچىككىنە قىسىمنىڭ خاراكتېرنى ئېلىمىي ئانالىز بىلەن قانداق مۇناسىۋىتى باردۇ؟ سىز مەندىن شۇنداق سورىشىڭىز مۇمكىن. بولدى، جاۋابىنى دەپ بېرەي. مېنىڭ پىكرىم

مۇنداق، نۇرغۇن ئۇلۇغ ئالىملار باشمالتاقنىڭ تەرەققىياتى ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەتكە قاراپ تەدرىجىي تەرەققىي قىلغانلىقىنىڭ مۇھىم سەۋەبى دەپ قارايدۇ. ئاڭلىماققا ھېچبىر ئالامىتى يوق، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ ئۇزاق ئۆتمەيلا سىز ئۆزىڭىزنىڭ بەدىنىڭىزدىكى بۇ كىچىك ئەرسىنىڭ كىشىلەرنىڭ ئىشىنىشى تەس بولغان رىم تارىخى، ئىلىم - پەن تارىخى ۋە ئىنسانىيەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى چۈشىنىپ قالىسىز.

دىققەت قىلىپ ئاڭلاڭ، چۈنكى مەن ئالدى بىلەن تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيەسى بىيولوگىيە ئىلمى ئاساسىدىن، ئاندىن يەنە تارىخىي نۇقتىئىنەزەردىن سىز بىلەن باشمالتاقنىڭ خىلمۇخىل ئالاھىدىلىكلىرى ئۈستىدە سۆھبەتلىشىمەن، سىزمۇ تېببىي جەھەتتە باشمالتاق توغرىسىدا ئازراق ئىشلارنى ھەم خاراكتېر نۇقتىئىنەزەردىن بەزىبىر نەرسىلەرنى بىلمۇۋېلىشنى خالايسىز. بارمىقىڭىز توغرىسىدا بۇنچىلىك كۆپ ھېكايىلەر بارلىقى توغرىسىدا ئويلىنىپ باققانمىدىڭىز؟

ئىنسانلار بىلەن ھايۋانلارنىڭ بەدەن قۇرۇلۇشىدا بەزى جايلىرىنىڭ پەرقى ناھايىتى كىچىك، لېكىن ئىنسانلارنىڭ بارمىقى روشەن ھالدا بۇنىڭ سىرتىدا. «ئادەم بىردىنبىر ھەقىقىي بارماققا ئىگە ھايۋان.» يېقىندا ئالىملار ئادەمسىمان مايمۇننىڭ قولىدىمۇ بارماق بارلىقىنى، لېكىن ئۇلارنىڭ بارمىقى مەن سىزگە قىلدۇرماقچى بولغان ئىشنى قىلالمايدىغانلىقىنى بايقىدى.

باشمالتاق بىلەن قالغان تۆت بارماقنى ئۆزئارا جۈپلەشتۈرۈڭ. ناھايىتى ئاددىي، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ ھا، ھا، باشقا ھايۋانلار بۇنى قىلالمايدۇ. ئادەمسىمان مايمۇننىڭمۇ بارماقلىرى كىچىك ئالىقىنىدىن ناھايىتى يىراقتا ھايۋانلار ئىچىدە ئۇلارنىڭ بارمىقى بارماققا ئەڭ ئوخشىشىدۇ، لېكىن ئۇمۇ باشمالتاقنى قالغان بارماقلىرىغا تەگكۈزەلمەيدۇ. «ياخشى»، سىز بەلكىم «ئۇنداقتا نېمە

بوپتۇ؟ بۇنىڭ مېنىڭ بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى بار» دېيىشىڭىز مۇمكىن.

كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ جىسمانىي ھەم ئەقلىي جەھەتتە ھايۋانلاردىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقى توغرىسىدا جار سالىدۇ. لېكىن ئەمەلىيەتتە ئىنسانلار بىز ھەممە شەيئىلەردىن ئۈستۈن دەپ ئۆزىنى ئۇچۇرىدۇ. بۇ بىر بىمەنىلىك. ئەمەلىيەتتە نۇرغۇن ھايۋانلار ئىنسانلاردىن كۈچلۈك، ئادەمگە ئوخشاش بىر ئورانگۇتان ئىككى بوكسچىنى ئاسانلا يېڭىۋېتەلەيدۇ، خۇددى پەمىدۇرنى مىجىغاندەك ئادەمنىڭ بېشىنى مىجىۋېتەلەيدۇ. بەزى ھايۋانلارنىڭ ھەرىكىتى ناھايىتى تېز، بەزى ھايۋانلارنىڭ پۇراش سېزىمى ياكى كۆرۈش سېزىمى ئىنسانلارنىڭكىدىن ئۆتكۈر، بەزىلىرى ئائىلىسىنى ئىنتايىن سۆيىدىغان خاراكتېرگە ئىگە، مەسىلەن، مۈشۈك. تېيىن يىراقنى ئويلاپ ئىقتىساد قىلىدۇ. ھەسەل ھەرىسى ھەمكارلىشىدىغان خاراكتېرگە ئىگە. ئىت ناھايىتى سادىق، يەنە كېلىپ كېيىنكى ئەۋلادلىرىنى جېنىدىن ئەزىز كۆرىدۇ. قۇش تۇرىدىكىلەر ناھايىتى ياخشى رىتىم سېزىمىغا ئىگە.

لېكىن، ئىنسانلاردىكى ئىككى خىل كۈچ ئىنسانلارنىڭ ئىلغارلىقىنى روشەن گەۋدىلەندۈرگەن. بىرىنچىسى، ئىرادىسى ياكى ئارزۇسى؛ ئىككىنچىسى، ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى ياكى ئەقىل ـ پاراسىتى. ئەقىل جەھەتتىكى بۇ ئىككى خىل كۈچنىڭ ئوخشاشماسلىقىدىن باشقا يەنە بەدەن شەكلى جەھەتتىمۇ روشەن پەرق بار. ئىنسانلاردىلا ھەقىقىي بارماق بار، ئادەملەر بارماق ۋە تەرەققىياتىنىڭ بىر ئادەمنىڭ ئىرادىسى ۋە ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى بىلەن زىچ ھەم بىۋاسىتە مۇناسىۋىتى بارلىقىنى بايقىدى.

بارمىقى قانچە ئۇزۇن، ئالىقىنىدىن قانچىكى تۆۋەن بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ھۆكۈم قىلىشى ۋە ئىرادىسى شۇنچە كۈچلۈك بولىدۇ. خوش، بارمىقىڭىزغا قاراڭ، سىزنىڭ قارىماي تۇرالىشىڭىزغا ئىشەنمەيمەن، سىز قارىغان ۋاقىتتا قانداق قىلىپ بارماقنىڭ

ئۇزۇن ـ قىسقىلىقىنى توغرا مۆلچەرلىيەلەيدىغانلىقىڭىزنى دەپ بېرىمەن.



بارمىقىڭىز بىلەن قولىڭىزنى چىڭ جىپسىلاشتۇرۇڭ. ئادەتتە باشمالتىقىڭىز بىگىز بارمىقىڭىزنىڭ تۆتتىن بىرىگە توغرا كېلىدىغان جايدا تۇرىدۇ. توغرا، تۆتتىن بىرى. بۇ ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ بارمىقىنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقىلىق دەرىجىسىنى بىلدۈرىدۇ، ئەگەر باش بارمىقىڭىز قارىماققا ناھايىتى قىسقا بولسا، ئەقىل ـ پاراسىتىڭىزنى ۋە ئىرادىڭىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇڭ. بەزىدە سىز بەزىلەرنىڭ باشمالتىقىنىڭ كۆرسەتكۈچ بارمىقىنىڭ بوغۇم ئورنىغا يېتىدىغانلىقىنى، ھەتتا ئۇنىڭدىن ئېشىپ كېتىدىغانلىقىنى بايقايسىز. سىز ئۇنىڭ قانداق مەنىسى بارلىقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشىڭىز كېرەك. بۇنداق ئادەم ئىرادىسى بەك كۈچلۈك، جاھىل، قەيسەر كېلىدۇ.

ئەڭ كۆڭۈلدىكىدەك باشمالتاق ئۇزۇن باشمالتاقتۇر. ئومۇمەن، مەن ئانالىز قىلغان ھەربىر قابىلىيەتلىك مەمۇرىي ئەمەلدار مەسىلەن، روزۋېلت، خاۋلېنىس، تافۇتو، ۋېلسون، موفدىر قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنىڭ بارمىقى مۇشۇ خىل بارماق.

بىز تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيەسىدىن بۇنداق خاراكتېرلارنىڭ بەلگىسىنى كۆرۈپ باقايلى. ئىپتىدائىي ئىنسانلار يىرتقۇچ يولۋاس ياكى باشقا ياۋايى ھايۋانلار تەرىپىدىن ھۇجۇمغا ئۇچرىغان ۋاقىتتا، ئۇلار چوقۇم كۆز ئالدىدىكى ھەرقانداق قورالنى تاش ياكى كالتەكنى ئېلىپ دۈشمەن بىلەن ئېلىشىدۇ. دوستۇم،

سىز ھېس قىلالىدىڭىزمۇ؟ ناۋادا باشمالتاق بولمىسا، ئۇ ھەرگىز تاش ياكى تاياقنى ئالالمايدۇ. تەدرىجىي تەرەققىياتتا ئەگىشىپ ئۇچلاپ، نەيزە ياسىغان. كېيىن سىلىقلانغان تۆمۈر نەيزە بىلەن خەنجەرنى ئۆزگەرتىپ ياسىغان ھەم ئۈزۈكسىز تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ ھازىرقى قۇراللار دەۋرىگە كەلگەن. ئۇنداقتا ئىنتايىن روشەنكى، ئەگەر ئىنسانلارنىڭ بۇ مۇھىم باشمالتىقى بولمىسا، ئۇلار مەڭگۈ قورال ئىشلىتىشنى بىلىدىغان ھايۋان بولالمايتتى. ئىنسانلار ئالدى بىلەن قورال ياساش ھەم ئۇنى ئىشلىتىشنى بىلگەندىن كېيىنلا ئاندىن ئەڭ ئەقىللىك ھايۋانغا ئايلانغان. ئەگەر باشمالتاق بولمىسا، ھەرقانداق قورالنى ئىشلىتىش مۇمكىن بولمايدۇ — مەيلى ئۇ ئىپتىدائىي جەمئىيەت مەزگىلىدىكى تاش قورال ياكى ھازىرقى زاماندىكى بولقا ياكى ھەرە بولسۇن، باشمالتاق قانچە ئۇزۇن، ئالىقىنىدىن قانچىكى تۆۋەن بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى ۋە ئىرادىسى شۇنچە كۈچلۈك بولىدۇ.

تارىخنى ئەسلەپ كۆرەيلى. قەدىمكى سىپارتاك ۋە گىرېتسىيە دەۋرىدە ئىنسانلار ئىرادىسىز ئادەملەرنى ئەڭ كۆزگە ئىلمايتتى. ئەسكەرلەرنىڭ ئەڭ چوڭ خاتالىقى دۈشمەننى كۆرۈپ بەدەر قېچىش ئىدى. ئۇلار بۇ ئىرادىسىزلەرنى قانداق جازالايتتى؟ سىپارتاك غەلىتە ھەم ئاددىي جازالاش ئۇسۇلىنى قوللانغان. پەقەت خاتالىق ئۆتكۈزگەنلەرنىڭ باشمالتىقى كېسىپ تاشلانغان. ھەرقانداق بىر سىپارتاك ئەمەلدارى ياكى ئەسكىرىنىڭ تاسادىپىي ياكى مەلۇم سەۋەب بىلەن باشمالتىقى كېسىپ تاشلانغان بولسا، ئۇلار دەرھال ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالاتتى. چۈنكى باشمالتىقى بولمىسا ئۇ نەيزە، خەنجەرلەرنى ئىشلىتەلمەيدۇ. ئۇ ئۇرۇش مەزگىللىرىدە ئۇرۇش قىلالمىسا ھاياتىنىمۇ ساقلاپ قالالمايتتى.

بىز يەنە بىيولوگىيەدىن ئازراق سۆزلەپ ئۆتەيلى. سىز ئەمدىلا تۇغۇلغان بوۋاقنى كۆرۈپ باققانمۇ؟ يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقنىڭ ھەممىسى ئادەتتە باشمالتىقىنى چىڭ سىقىۋالغان بولىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بوۋاق تۇغۇلغاندىن باشلاپلا ئىرادە ۋە خۇلاسە ئىقتىدارىنى

ھازىرلىنىغان بولىدۇ. لېكىن بوۋاقنىڭ باشمالتىقى ئېچىلغاندىن ھەم كەينىگە قايرىلغاندىن باشلاپ، مەڭگۈ قايتىدىن يىغىلمايدۇ. تېببىي جەھەتتىن دوختۇر سىزگە باشمالتاق توغرىسىدىكى قىزىقارلىق ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىدۇ. تېببىي ساھەدە ئەڭ داڭلىق نوپۇزغا ئىگە بولغان بىرى: «ئېغىر كېسەللەرنىڭ مەسىلەن، شامالدارىش، تۇتقاقلىق، پالەچلىك ئىرادىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان كېسەللىكلەرنىڭ ھەممىسىلا باشمالتاقنى ناھايىتى زەئىپلەشتۈرۈۋېتىدۇ» دېگەن.

سىز ساراڭلار دوختۇرخانىسىنى زىيارەت قىلىپ باققانمۇ؟ ئىلگىرى تۇغما مېيىپ ئادەم مەسىلەن، ساراڭ ياكى ئىرادىسىنى يوقاتقان ئادەمنى كۆرۈپ باققانمۇ؟ سىز بۇ بەختسىز ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنىڭ دېگۈدەكلا باشمالتىقىنى ئالىقىنىغا قويۇپ ئويناۋاتقانلىقىنى ياكى سىقىۋاتقانلىقىنى سېزەلەيسىز.

بۇنىڭ تېببىي جەھەتتىمۇ ئالامىتى بار. ئېغىر دەرىجىدە زەئىپلەشكەن ئادەم يەنە ياشىيالامدۇ؟ بۇ بىر ئېغىر مەسىلە. بۇ ۋاقىتتا، ناھايىتى تەجرىبىلىك دوختۇر خىلمۇخىل ئادەملەرنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىدۇ. ئۇ نەپسىنى، يۈرەك سوقۇشىنى، تومۇر سوقۇشىنى ئاڭلايدۇ. ئۇ ھېلىقى ئادەمنىڭ باشمالتىقىغا قارايدۇ. كېسەل ئادەمنىڭ باشمالتىقى سىرتقا ئېچىلغانلا بولسا، بۇ ئۇنىڭ يەنە ھايات قېلىش ئىمكانىيىتى بارلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇ ئىرادە، ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ ھاياتىدىن يەنىلا ئۈمىد بولىدۇ. ناۋادا باشمالتىقى كۈچسىز ھەم ئالىقىنىغا قايرىلغان بولسا، دوختۇر ئۇنىڭ ئۇزاق ئۆتمەي كېتىپ قالىدىغانلىقىنى بىلەلەيدۇ. ئۇنى قۇتقۇزۇشنىڭ ئامالى يوق. ئۇ ئاللىبۇرۇن ئۆزىنىڭ ئىرادىسىنى ھەم ھاياتقا بولغان ئىنتىلىشىنى يوقاتقان بولىدۇ. شۇڭا، باشمالتاقمۇ قابىلىيىتىڭىزنى مۆلچەرلەيدىغان ۋە خۇشاللىقىڭىزنى ئاشۇرىدىغان يەنە بىر فورمۇلا مەسىلەن، سىز ئىدارە قىلىشنى ياخشى كۆرىدىغان سودا پېشۋاسىنىڭ قول ئاستىدىكى خىزمەتچىمۇ؟ باشمالتىقىڭىزغا قاراپ

بېقىلڭ. ئەگەر ئۇنىڭ ئۆزۈنلۈقى بىگىز بارمىقىڭىزنىڭ بوغۇمىدىن ئاشسا، سىزمۇ ئىرادىسى مۇستەھكەم، جاھىل مىجەز، باشلىقىڭىز بىلەن ئۇزاق ۋاقىت چىقىشالمايدىغان ئادەم. ئۇنداقتا، نەزەر دائىرىڭىزنى كېڭەيتىپ باشقا بىر خىزمەت تېپىڭ.

ئۇنداقتا، ئەمدى باشمالتىقىڭىزنى ئوينىماي، ئۇنى ئىشلىتىپ ئۆزىڭىزنى ۋە خۇشاللىقىڭىزنى ئىزدەڭ.

# يىگىرمىنچى باب

## قول ئىپادىلەيدىغان خاراكتېر

دۇنيادا مىلياردلىغان قول، مىلياردلىغان بېغىش، مۇشتۇم، بارماق، تىرناق، ئالىقان، باشمالتاق بار. سىز ئەزالىرىڭىزنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىڭىزدا ئوينايدىغان رولىنىڭ قانچىلىك مۇھىملىقىنى ئويلاپ باققانمۇ؟

مېنىڭ ئىلمىي تەتقىقات خىزمىتىم ھەقىقەتەن ماڭا ئادەمنىڭ قولى ئىنچىكىلىك ھەم ئېنىق بولغان خاراكتېر بەلگىسى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىدۇ.

قول ئەزەلدىنلا ئېغىر - يېنىك نەرسىلەرنى يۆتكەيدىغان ۋاستە ھەم شۇنداقلا باللارنى سالىدىغان بۆشۈك. ئۇ ئېغىر جىسمانىي خىزمەتلەرنى قىلىشقا يارايدۇ ھەم نادىر سەنئەت ئەسەرلىرىنى يارىتالايدۇ. سىزنىڭ بىر جۈپ قولىڭىز ئەپچىل قورال بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ھەر خىل ۋەزىپىلەرنى ئادا قىلالايدۇ. ئۇ يەنە كىلىپ خاراكتېرنى كۆزىتىدىغان بىر تەبىئىي كىتاب، ئۇلار ئارقىلىق ئۆزىڭىزنىڭ ھەم باشقىلارنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكلىرىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. شۇڭا، بۇ خىل پەننى ياخشى ئۆگىنىپ، قولىڭىزنى ئېچىپ ئالدىڭىزغا قويۇڭ.

سىزنىڭ قولىڭىزغا ھەۋەس قىلىشىم ھەرگىزمۇ بارلىق ئوخشىشىپ كېتىدىغان قوللارنىڭ ھەممىسىگە قىزىققىنىم ئەمەس. ئەمەلىيەتتە، مەن ھەرگىز ساختا ئىلىم - پەن ئۈچۈن سۆز قىلماقچى ئەمەس. ئىلمىي تەتقىقات خىزمىتىم ماڭا ئادەمنىڭ

قولىنىڭ ئىشەنچلىك ھەم ئېنىق خاراكتېر بەلگىسى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى.

خاراكتېرنى ئىلمىي ئانالىز قىلىدىغان ئالىملار سىستېمىلىق ھالدا قولنى كۆزەتكەندە، ئۇ قولنىڭ رەڭگى، قۇرۇلۇشى، تېرىسىنىڭ يىرىك ياكى يۇمرانلىقى، بارماق شەكلى، باشمالتاق ھەتتا تىرناقلىرىغىچە كۆزىتىدۇ. ئەگەر بۇ كۆزىتىشتىن ئۇنىۋېرسال خاراكتېر خەرىتىسىگە ئېرىشىپ، ئۇ ئادەمنىڭ خاراكتېرى، مىجەزى، يوشۇرۇن كۈچىنى توغرا مۆلچەرلىيەلەيدۇ. ئادىمىيلىك سىرى جەھەتتە تونۇشى ئاشىدۇ.

سىز تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەن ئۈچ خىل ئاساسىي تىپتىكى ئادەملەرنى — دانىشمەن تىپ، ھەرىكەتچان تىپ، ھاياتىي كۈچ ئۇرغۇش تىپ — يەنى مۇتەپەككۇر، ئەمەلىيەتچان، باشلامچى ئادەملەرنى ئەسلەپ ئۆتەيلى. خوش، ئۇنداقتا قولمۇ ئۈچ خىلغا بۆلۈنىدۇ.

دانىشمەن تىپىدىكىلەرنىڭ قولى ئۇزۇن، ئىنچىكە، ئۇچلۇق، ئۈچ بۇلۇڭ شەكىللىك، ئەپچىل ۋە يۇمران بولىدۇ. بۇ خىل قول ئەقىل - ئىدراكلىق، ئېھتىياتچان، ئەقىللىك ھەم سەنئەت تالانتىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

چوڭ، چاسا، ئۇگىلىرى روشەن كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان قول شۇبھىسىزكى پائالىيەتچان، شوخ خاراكتېرنى ئىپادىلەيدۇ. مېخانىك خىزمەتلەر ۋە تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىگە ماس كېلىدۇ.



قىسقا، يۇمىلاق، گۆشلۈك قوللار بىز دائىم ئۇچرىتىپ تۇرىدىغان جۇشقۇن سىمىز ئادەم تىپىدىكىلەرنى كۆرستىدۇ، ئۇلارنىڭ باشقۇرۇش ئىقتىدارى مول، سودا ئىشلىرىغا ماھىر، ھۇزۇرلىنىشنى بىلىدىغان تالانتى بار. چۈشەندىڭىزمۇ؟

لېكىن، قولنىڭ تۈزۈلۈشى مەيلى قايسى خىل شەكىلدە بولسۇن تۆۋەندىكى ئالتە خىل شەكىلدە بولىدۇ:

غايىپەرەس، جۇشقۇن تىپىدىكىلەرنىڭ قولى كىچىك، ئالىقىنى ئۇزۇن ھەم ئوروق، بارمىقى سىلىندىر شەكىللىك، بارماق ئۇچى ئالاھىدە ئىنچىكە بولىدۇ، تېرىسى ئاق ھەم يۇمران، تىرنىقى ئۆرۈك مېغىزىغا ئوخشاش بولىدۇ. بۇ خىيالپەرەس، شائىر، سەنئەتچى ھەم ئەدىب كىشىلەرنىڭ قولى، ئۇلار ئۆتكۈر، ئەپچىل، گۈزەللىكنى سۆيىدىغان، ئەمەلىيەتنى مۇھىم بىلمەيدىغان ئادەملەر.

سىلىندىر شەكىللىك ياكى ھېسسىياتقا باي قول، ئۇ ئالدىنقى قولدىن سەل قىسقىراق ھەم كەڭرەك بولىدۇ. بارمىقى سەل ئۇچلۇق بولۇپ، سەنئەتكار، چېۋەر، ئاسان ھاياجىلىنىدىغان ئەر ـ ئاياللارنىڭ مۇشۇنداق بولىدۇ. بۇ خىل ئادەملەر ئاسايىشلىقنى كۆزلەيدۇ.

ئۇلار نېمە ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ ئالاھىدە سەنئەت تالانتىدىن پايدىلىنالمايدۇ، بۇنىڭ سەۋەبىنى، شۇلارنىڭ قولىنىڭ باشمالتىقىنى ئىنچىكە كۆزىتىش ئارقىلىق تاپايلى، باشمالتىقى قاتتىق، ئېگىلمەس بولۇش ياكى يۇمشاق ئېگىلىپ تۇرۇش، پۈتۈنلەي ئوخشاش بولمىغان ئىككى ئادەمگە ۋەكىللىك قىلىدۇ، يەنى مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايدىغان ئادەم ياكى ئىقتىدارسىز ئادەم.

ئۈچىنچى خىلى بولسا پەلسەپەچىلەر ياكى كۆپ بوغۇملۇق قول بولۇپ، بوغۇملىرى ناھايىتى روشەن، تىرنىقى ئۇزۇن ھەم رەتلىك، چاسا كېلىدۇ. باشمالتىقى چوڭ، ئۇستىخانلىق ھەم ئىرادىلىك بولۇپ، بۇ خىل ئادەم قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ. قالايمىقانچىلىقنى بىر تەرەپ قىلىشقا ماھىر، ئۇ خۇلاسە قىلىشقا، پەلسەپە تەتقىق قىلىشقا ئامراق. ئۇ مۇستەقىل ئىدىيالوگچى ھەم ھەققانىيەتچى، ئېھتىياتچان.

ئەمەلىيەتچىلەرنىڭ قولى چىڭ ھەم چاسا شەكىللىك. بارمىقىمۇ چىڭ ھەم چوڭ. تىرنىقى قىسقا ھەم چاسا شەكىلدە، بۇنداق ئادەم پائالىيەتچان، مېخانىك ياكى ئىجادىي قولغا ئىگە، تىرىشچان، ئەمەلىيەتچىل كېلىدۇ.

يەنە بىر خىلى تۈز ھەم نېپىز قول، بۇ چاسا قولنىڭ چوڭايتىلمىسى، بارمىقىنىڭ تۆۋەن قىسمى ئىنچىكە، بارماق ئۇچى كەڭ، خۇددى پالاققا ئوخشاش، بۇنداق ئادەم قابىلىيەتلىك ھەم پائالىيەتچان، ئۇ بەلكىم ئىنتايىن ئۆتكۈر، ئىجادچانلىقى مول، ئۇنىڭ پەۋقۇلئاددە تالانتقا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ دەل سىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان چېگرا رايوننى ئۆزلەشتۈرگۈچىلەر، كەشپىياتچىلار، دېڭىزچىلار، ئالاھىدە ئىنژېنېرلار، ئۆتكۈر قابىلىيەتلىك كىشىلەر ئارىسىدا بۇنداق قولنى بايقىغانلىقىڭىزنىڭ سەۋەبى.

ئاخىرقى بىر تۈرلۈك قول بولسا ئالىقانلىرى ئالاھىدە قېلىن ھەم قاتتىق، باشمالتىقى قىسقا، بارماقلىرى توم ھەم قاتتىق. بۇنداق قوپال، شەكلى كۆرۈمسىز قول كۆپىنچە ئىپتىدائىي ئادەملەردە ياكى جاپالىق ئەمگەك قىلىدىغان ئادەملەردە كۆرۈلىدۇ. بۇ خىل قول بىلىمى تۆۋەن ھەم نادان، مىجەزى قوپال راق ئادەملەرگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. يۇقىرىقىلار ئالتە خىل ئاساسلىق قول شەكلى بولۇپ، يەنە ھەر خىل ئارىلاشما قول شەكلىمۇ بار. بەزى قوللارنىڭ بارماقلىرى كەڭ، بەزىلەرنىڭ بىگىزسىمان ياكى چاسا. بۇنداق غەلىتە قوللىرى بار ئادەملەر كۆپ ئىقتىدارلىق ھەم ماسلىشىشچان، ئۆزگىرىشچان كېلىدۇ. ئۆزگىرىپ تۇرۇشنى ياخشى كۆرىدۇ.

**قولنىڭ رەڭگى ئارقىلىق بىر ئادەمنىڭ غەيرەت ـ شىجائىتىنى، قىزغىن ۋە سەمىمىيلىكىنى بىلەلەيسىز.**

بىر خىل تۇرىدىغان ئاق رەڭلىك قول (ئۆي ئىچى ۋە سىرتىنىڭ تېمپېراتۇرا تەسىرىگە ئۇچرىمايدۇ) مەنمەنچى، باغرى قاتتىق، كەم سۆز، شەخسىيەتچى، ھېسسىياتسىز ۋە سەممىيەتسىزلىكنى ئىپادىلەيدۇ؛ سۇس قىزىل رەڭلىك قول خۇشخۇي، ئۇمىدۋار، سەمىمىي، ھاياتىي كۈچى بار ئادەمنى ئىپادىلەيدۇ؛ قېنى كۆپ قوللار ئوچۇق قىزىل رەڭلىك بولۇپ، ئىنتايىن قىزغىن، سەمىمىي، ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان، بەزىدە مىجەزى قوپاللىراق كېلىدىغانلارنى ئىپادىلەيدۇ؛ تېرە رەڭگى سارغۇچ قوڭۇر بولسا، بەدىنى ئانچە ساغلام ئەمەس ياكى جىگىرى ساغلام ئەمەسلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ خىل ئادەم دۇنيادىن قاقشاپ، ئۈمىدسىز يۈرىدۇ.

ئىشىنەمسىز ـ ئىشەنمەمسىز ئىختىيار سىزدە، تىرناقنىڭ شەكلى خاراكتېرنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. كىچىك ھەم قىسقا تىرناق تەنقىدنى قوبۇل قىلىدىغان گۇمانخور، زىددىيەتلىك ئادەمنى؛ كەڭ تىرناق ساغلام، باتۇر، چىدامچان ئادەمنى، ئۇزۇن ھەم ئوتتۇرا ھال كەڭ تىرناق گۈزەللىكنى سۆيىدىغان، سەنئەتكار، غايىپەرەس تىپىدىكى ئادەمنى بىلدۈرىدۇ.

سىز يەنە ئادەمنىڭ تىرناق ئۇچىدىن ئۇنىڭ خاراكتېرىنى كۆزەتسىڭىزمۇ بولىدۇ. تىرناق ئۇچى قانچە ئۇچلۇق بولسا، بۇ ئادەم شۇنچە ئۈمىدۋار كېلىدۇ. تىرناق ئۇچى قانچە كەڭ بولسا، ئۇنداق ئادەم شۇنچە ئەمەلىيەتچىل بولىدۇ. تىرناق ئۇچى ياپىلاق پالاققا ئوخشاش بولسا، ئۇنداق ئادەم ئەقلىي قۇۋۋىتى مول، ئالاھىدە تالانتلىق بولىدۇ. تىرناق ئۇچى چاسا كەلسە، ئۇنداق ئادەم قائىدە ـ قانۇنىيەتكە ئەھمىيەت بېرىدۇ، ئۇزۇن بارماقلىق ئادەم ئەستايىدىل كېلىدۇ. ئۇلار ھەرقانداق كىچىك ئىشلارغا قىزىقىدۇ. ئۆتكۈر، تاقەتلىك ھەم رەتلىك كېلىدۇ. سىز بارماقلىرى ئۇزۇن كەلگەن بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ ئەرزىمەس ئىش توغرۇلۇق ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن سۆزلىگىنىنى ئاڭلىغانمۇ؟ بەزىدە ئۇزۇن بارماقلىق ئادەملەرنى ئىشلىتىشمىزگە توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن، بوغالتىر، لايىھەلەش،

ئىلىم - پەن تەتقىقاتى قاتارلىق ئىشلاردا بۇ خىزمەتلەرنىڭ ھەممىسى ئەستايىدىل خىزمەت قىلىدىغان ئادەملەرنى تەلەپ قىلىدۇ.

قىسقا بارماقلىق ئادەم ئاسان ھاياجانلىنىدۇ. بۇنداق ئادەم ئۇلۇغۋار پىلان، مۇھىم كۆزقاراش، كەڭ دائىرىلىك ئىشلارغا قىزىقىدۇ. بارمىقى سىلىق ئادەم چەبدەس، پاراسەتلىك، بارمىقى كۆپ بوغۇملۇق كىشىلەر ئېغىر - بېسىق، ئەستايىدىل كېلىدۇ.

سىز باشمالتاق سۆزلەنگەن بابنى ئەسلىيەلەمسىز؟ بىز تارىخنى تەسۋىرلەش، فىزىيولوگىيە ۋە تېبابەت نۇقتىسى ئارقىلىق پەقەت ئادەمنىڭلا ھەقىقىي باشمالتاققا ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۇرۇپ ئۆتكەنىدۇق. ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىڭىزنى سىناپ كۆرۈڭ. ئازراق تەكرار قىلىپ كۆرەيلى، چۈنكى باشمالتاق سىزنىڭ بارماقلىرىڭىز ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم بولغىنىدۇر.

بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئىككى قولىڭىز توغرىسىدا قانچىلىك نەرسە بىلەتتىڭىز؟ قولىڭىزنى كۆتۈرۈڭ، ياخشى! بۈگۈن ئاخشام ئىككى قولىڭىزنى يوتقانغا تىقىشتىن بۇرۇن ئەزەلدىن قىلىپ باقمىغان بىر ئىشنى قىلىڭ، ئىككى قولىڭىزغا قاراڭ، دىققەت بىلەن كۆزىتىڭ، ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكى ئارقىلىق قانداق قىلىپ ئىمكانقەدەر ئارتۇقچىلىقىڭىزدىن پايدىلىنىش ۋە كەمچىلىكلىرىڭىزدىن خالىي بولۇش ئۇسۇلىنى، قانداق خىزمەت سىزگە ئەڭ ماس كېلىدىغانلىقىنى بىلىۋېلىڭ. بەدىنىڭىزدىكى باشقا ئەزالارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ئېنىق چۈشىنىڭ، بىزنىڭ تاماملايدىغىنىمىز بىر پۈتۈن رەسىم، ھەربىر سىزىقنىمۇ ئەستايىدىل سىزىشىمىز كېرەك.

ھازىر، سىز بەلكىم ئالدىنقى بابلاردا نېمىلەر سۆزلەنگىنىنى ئەسلىيەلمەيسىز ياكى ئالدىنقى بابلارنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كەتتىڭىز، بۇنىڭ ئۈچۈن سىزدىن ئاغرىنمايمەن. بىلىسىز، بۇنى ئۆگىنىش ئۈچۈن مەن 25 يىل سەرپ قىلدىم. شۇڭا سىزنىڭ 25 سائەت ئىچىدىلا پۈتۈنلەي قوللىنىپ كېتەلىشىڭىزنى ئۈمىد

قىلمايمەن. مەن پەقەت سىزنىڭ ھەر ۋاقىت ئىزچىل ئۆگىنىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.

بۇ يەردە قولغا مۇناسىۋەتلىك يەنە بىر ئىش بىزنىڭ دىققەت قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ، مەن ئېكران ھەم سەھنىدىكى مەشھۇر قوللارنى ئىنچىكە كۆزەتكەندىن كېيىن، دۇنيادا بىرەر جۈپ قولنىڭمۇ رىۋايەتلەردىكى قولنىڭ گۈزەللىكىگە ماس كەلمەيدىغانلىقىنى بايقىدىم. ھەقىقىي سەنئەتكار، ھەقىقىي ئەمەلىيەتچىل ئادەملەر، مەسىلەن، پاۋلو موننى، خېيلۇن فىس قاتارلىقلار پائالىيەتچان، ئەمەلىي ئىجادچان تىپىدىكى كىشىلەرنىڭ بارماقلىرىنىڭ ئۇچى ئورۇق، بوغۇملىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ھۇرۇن ئادەملەرنىڭ بارماقلىرى ئەپچىل، ئۇچلۇق، ئۇزۇن بولىدۇ.

بىز خاراكتېرگە ھۆكۈم قىلىشنى ئۆگىنىشىمىز ھەم ئۆگەنگەنلىرىمىزنى ئادەمنى كۆزىتىپ پەرق ئېتىش ئۈچۈن ئىشلىتىشىمىز كېرەك. سىز بىلەن ئىككىمىز ئوتتۇرىسىدا بىردىنبىر پەرق، سىز بىر ئادەمنىڭ خاراكتېرىنى قىياس قىلىسىز، لېكىن مەن ئۇنداق ئەمەس، مەن نۇرغۇنلىرىنى ئومۇملاشتۇردۇم، بۇلارنىڭ ھەممىسى توغرا ھەم ئىشەنچلىك كۆزىتىشلەردىن كەلگەن.

يېقىندا مەلۇم داڭلىق گېزىتنىڭ قوشۇمچە بېتىنى تەھرىرلىگۈچى كېلىپ خاراكتېر ئانالىز ئۇسۇلىنىڭ ھەر خىل ئۇقۇملىرى توغرىسىدا مەن بىلەن سۆھبەتلەشتى، ئەينى ۋاقىتتا مەن بەك ئالدىراش بولغاچقا ئۇنى رەت قىلغان، لېكىن ئۇمۇ ناھايىتى قابىلىيەتلىك مۇخبىر بولۇپ، ئىرادىسى مۇستەھكەم ئىدى. مەن ئەزەلدىن ئۇنى كۆرۈپ باقمىغان، بىركۈنى ئەتىگەندە ئۇ يەنە كەلدى ۋە مېنى مەن كەلگۈچە ساقلىدى. ئۇ ئاخىرىدا ماڭا كەسپىنى تەھلىل قىلىپ بېرىشىمنى ئۆتۈندى. ئۇ مۇشۇ توغرۇلۇق گېزىتكە بىر پارچە ماقالە يازماقچىكەن. ئۇ ئەقىللىك زىيارەتچى ھەم داڭلىق مۇخبىر، ئاخبارات ساھەسىگە كىرىشتىن ئىلگىرى ئەدلىيە ئورگىنىنىڭ مەخپىي خادىمى بولغان. مەن ئىشخانىغا

كىرگەندىن كېيىن ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆزىنى «فېيسىك» دەپ تونۇشتۇردى. ئۇنىڭ چىرايىدىن ھەيرانلىق ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى. ئەينى ۋاقىتتا مەن دەرھال ئۇنىڭدىن «سىز مۇخبىرغۇ؟» دەپ سورىدىم، ئۇ بىرئاز ئىككىلەنگەندىن كېيىن، ئويلاپ تۇرۇپ: «سىز قانداق بىلدىڭىز؟» دەپ سورىدى. «بۇ بولسا مېنىڭ كەسپىم» دەپ جاۋاب بەردىم. مەن ئۇنى كۇتۇپخانىغا تەكلىپ قىلدىم. بىرەر مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن مەن يەنە: «بىلىشىمچە، سىز ئادەتتە سول قولىڭىزنى ئىشلىتىسىزغۇ دەيمەن، شۇنداق ئەمەسمۇ؟» دەپ سورىدىم. ئۇنىڭ چىرايىنى بىر خىل ئەنسىزلىك قاپلىدى. «شۇنداق، قانداق بىلدىڭىز؟» دەپ سورىدى ئۇ. مەن يەنە ئۇنىڭدىن: «سىز ئىسكىرىپكا چالامسىز؟» دەپ سورىدىم. ئۇ تېخىمۇ ھەيران بولۇپ: «زادى قانداق بىلدىڭىز» دېدى. ھا، ھا، بۇ بولسا خاراكتېر تەھلىلچىسىنىڭ مەخپىيىتى.

بىرئازدىن كېيىن ئۇ مەندىن قانداق قىلغاندا كۆزىتىش ئارقىلىق بۇنچىلىك كۆپ ئىشلارنى بىلىۋالغىلى بولىدىغانلىقىنى دەپ بېرىشىمنى تەلەپ قىلدى. ئەسلىدە، ئۇ راستتىنلا مۇخبىر ئىكەن، ئادەتتە سول قولىنى ئىشلىتىدىكەن ھەم ئىسكىرىپكا چالالايدىكەن. مەن ئۇنىڭغا ئازراق چۈشەندۈردۈم ھەم كۆلكىلىك قىلىپ مۇنداق دېدىم: ئەگەر سىز بۇنىڭ مۇشۇنداق ئاددىي مەخپىيىتىنى بىلىۋالسىڭىز خاراكتېر ئانالىزچىسىغا بولغان ھۆرمەت تۇيغۇڭىز يوقىلىپ كېتىشى مۇمكىن.

مەن: «فېيسىك ئەپەندى، باش كىيىمىڭىزنى ئېلىپ، پەلەي ھەم كىيىملىرىڭىزنى سالغان ۋاقتىڭىز مېنىڭ سىزنىڭ قولىڭىزنى كۆزىتىشىمگە پايدىلىق، مەن باشقىلارنىڭ ھەرقايسى ئەزالىرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىشكە بەك ماھىر، سول قولىڭىزنىڭ سىنچىلاق بارمىقىڭىز بىلەن نامسىز بارمىقىڭىزنىڭ ئۇچىنىڭ قېتىپ كەتكەنلىكىنى بىلەلەيسىز، ئىلگىرى مەن ئىسكىرىپكا چالىدىغانلارنىڭ سول قولىنىڭ سىنچىلىقى ۋە نامسىز بارمىقىنىڭ مەشىق قىلىشتىن قېتىپ كېتىدىغانلىقىنى تەھلىل قىلىپ

باققان. ئەمما سىز سول قولىڭىز بىلەن كامالچىنى تارتىسىز، ئوڭ قولىڭىز بىلەن تارىنى باسىسىز. چۈشەندىڭىزمۇ؟»

مەن سىلەرگە ئۆزۈم ئۇچراتقان ھەم ئانالىز قىلىپ باققان شەخسلەرنى سۆزلەپ بەرگۈم بار. ئۇلارنىڭ ئىچىدە تارتىنچاق ئوتتۇرا مەكتەپ قىز ئوقۇغۇچىسى، ھاكاۋۇر شەھەر باشلىقى، مېيىپلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، جىنايەت ئۆتكۈزۈپ باققان كىشىلەر، يەرلىك مۆتىۋەرلەر بار.

مەن مۇلايىم ھەم گۇمانخور، يىرتىق ئىشتان كىيىۋالغان، بىرقانچە تال ئوت ـ چۆپ غولىنى ئارتىۋالغان، چاپىنىنى ئەتەي قىيسىق كىيىۋالغان كىشىنى قانداقمۇ ئۇنتۇپ قالاي؟ ئۇ مېنىڭ ئۆزىنىڭ سىرتقى قىياپىتىگە قاراپ دېھقان دەپ قارىشىمنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئەمما ئۇ بىر كىچىك، لېكىن ئىنتايىن مۇھىم كۆزىتىش نۇقتىسىغا سەل قارىغان. مەن داۋاملىق مەن ئانالىز قىلىپ باققان كىشىلەر بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشىمەن. مەن ئەزەلدىن قولى يۇمشاق، تىرناق ئۇچى سىلىنىدىرىسمان ھەقىقىي بىر دېھقاننى ئۇچرىتىپ باققان ئەمەس.

## مەزكۇر بابنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى

**ئادەتتىكىدەك قول**

شەكلى: يىرىك، قېتىپ كەتكەن، بارماقلىرى قىسقا ھەم يوغان، ئالىقىنى قېلىن.

مىجەز ئالاھىدىلىكى: تىرىشچان، ئەمەلىيەتچىل.

ئاجىزلىقى: نادان، تەسەۋۋۇر قىلىش كۈچى ئاجىز.

**چاسا شەكىللىك ياكى ھەرىكەتچان قول**

شەكلى: قولى ۋە بارماق ئۇچلىرى تۆت چاسا.

مىجەز ئالاھىدىلىكى: ئەمەلىيەتچىل، پائالىيەتچان، قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا ئامراق.

ئاجىزلىقى: زېھنىنى يىغىش ۋە تەسەۋۋۇر قىلىش كۈچىگە ئېھتىياجلىق.

**دانىشمەن تىپلىقلار قولى ياكى سىلىندىرسىمان قول**

شەكلى: قول دۈمبىسى كەڭرى، بارماقلىرى ئۇزۇن ھەم ئۈچلۇق.

مىجەز ئالاھىدىلىكى: سەزگۈر، ئىنتائەتچان، سەنئەت تېخنىكىسىغا باي.

ئاجىزلىقى: خىيالپەرەس، ئۆزگىرىشچان، مەيدانى يوق.

**جۇشقۇن تىپلىقلار قولى ياكى سېمىز قول**

شەكلى: قول ۋە بارماقلىرى گۆشلۈك.

مىجەز ئالاھىدىلىكى: راھەت ـ پاراغەت قوغلىشىدىغان، خىيالىي، ئىشتىھالىق، سودا قىلىش تالانتى بار.

ئاجىزلىقى: ھورۇن، شۆھرەتپەرەس.

**ياپىلاقسىمان قول ۋە بارماق**

شەكلى: بارمىقى پىچاقتەك ياپىلاق، بارماق ئۈچلىرى تەكشى ھەم ئىنچىكە.

مىجەز ئالاھىدىلىكى: ئىجادچان، ئەقلىي ۋە جىسمانىي كۈچى ياخشى.

ئاجىزلىقى: غەلىتە مىجەز.

**ھېسسىياتقا باي قول**

شەكلى: بارماق ئۈچى ئۈچلۇق ھەم ئۇزۇن، قولى نېپىز ھەم ئەپچىل.

ئالاھىدىلىكى: ھېسسىي سېزىمغا باي، ھېسسىياتچان، ئاسان تەسىرلىنىدۇ، گۈزەللىكنى سۆيىدۇ.

ئاجىزلىقى: بەدىنى ئاجىز، غايىپەرەس، سودا ـ سېتىققا ماھىر ئەمەس، چىدامسىز.

# يىگىرمە بىرىنچى باب

## ئەر ـ ئاياللارنىڭ تەن ساپاسى ۋە
## ھېس ـ تۇيغۇسىدىكى پەرقلەر

نۇرغۇن ئەرلەر ئۆزىنى ئاياللاردىن ئۈستۈن دەپ قارايدۇ. ھا، ھا، ناتايىن، بۇ نۇقتىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن مەن سىلەرگە ئەر ـ ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق توغرىسىدىكى قىزىقارلىق تېما ئۈستىدە سۆزلىمەكچى. ئالدى بىلەن گەپنى مۇشۇ ئۈچ ئىشتىن باشلاي. ئەرلەر ۋە ئاياللار ھەرگىزمۇ مەلۇم ئەر ياكى مەلۇم ئايال ئەمەس. مەن بۇ گەپنى ئالدىدا دېيىشىمدىكى سەۋەب يېقىنىدىن بېرى، مەن «قانداق قىلغاندا خاراكتېر ئالاھىدىلىكى بىلەن خىزمەتنى ماسلاشتۇرغىلى بولىدۇ؟» دېگەن نۇتۇقۇمنى سۆزلىگەندىن كېيىن نۇرغۇن خەت ـ چەكلەرنى تاپشۇرۇۋالدىم. خەتتە مەن مىسال كەلتۈرگەن سىلىشتۇرمىلار بىلەن ئۇلارنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكلىرى ئوتتۇرىسىدا مەلۇم ئوخشاشماسلىقلارمۇ بار. ئەمما بۇ دەل مېنىڭ بۇ خىل كۆزقارىشىمنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. يەنى ئاياللارنىڭ ئەڭ چوڭ كەمچىلىكلىرى شۇكى، ئۇلار ھەممىشە كۆپچىلىككە قارىتا ئېيتىلغان سۆزنى ئۆزىگە قارىتىلغان دەپ قارايدۇ. بۇ ئومۇملاشقان ئادەت.

مەن ئالدى بىلەن نەچچە خىل ئەر ـ ئاياللارنىڭ تەن ساپاسى ئۈستىدىكى پەرقلىرىنى مىسال كەلتۈرۈپ، ئارقىدىن يەنە ئەقلىي ھېسسىي تەرەپلىرىدىكى پەرقلەر ئۈستىدە توختىلىمەن. ئەڭ ۋەكىللىك خاراكتېردىكىلىرى قانداق بولىدۇ؟ ئۇلارنىڭ ھەممىشە تېرىسى قارا، يۈزىنىڭ ئۈستۈنكى تەرىپى دۈڭ، ئاستىنقى تەرىپى ئويمان، قاڭشارلىق، پېشانىسى كەينىگە ئۈچلۈق كەلگەن، ئېڭىكى

چىقىپ تۇرغان بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئەرلەرنىڭ تېپىك تۈزۈلۈشى بولسا كۆپىنچە مۇسكۇللىرىنىڭ كۈچى بولىدۇ، سۆڭىكى بىلەن مۇسكۇللىرى چىقىپ تۇرىدۇ.

ئاياللارنىڭ بۇنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ تېرىسى ئاق (غەربلىك ئاياللارنىڭ كۆپىنچىسى ئەرلەردىن ئاقىراق بولىدۇ)، يۈز شەكلى پېتىنغۇ شەكىلدە، روھلۇق ۋە تېتىك كېلىدۇ، بەدىنى كىچىكرەك، بەدىنىدىكى تۈكلەر يۇمران ھەم ئىنچىكە، ئۇستىخان ۋە گۆشلىرى تولغان ھەم يۇمران بولىدۇ.

ئەر ـ ئاياللار بەدەن شەكلى جەھەتتە روشەن پەرقلىنىپلا قالماستىن ھەم ئەقىل ـ پاراسەت، ھېسسىيات، پسىخىك جەھەتلەردە ناھايىتى چوڭ پەرقلىنىدۇ. ئەرلەر كۆپىنچە ئاكتىپ، پائالىيەتچان، شەخسىيەتچى، تەۋەككۇلچى، ھەرىكەتنى ۋە باشقۇرۇشنى ياخشى كۆرىدىغان ئىجادچان، مۇستەقىل، كەسكىن كېلىدۇ. ئاياللار بولسا پاسسىپ كېلىدۇ، گۈزەللىكنى سۆيىدۇ، سەزگۈر، كەمتەر، ھېسسىياتقا ئەھمىيەت بېرىدۇ، ئەستايىدىل، مۇتەئەسسىپ، تۇرغۇن كېلىدۇ، قارىغۇلارچە ئىشىنىدۇ، چىداملىق كېلىدۇ.

چۈنكى ئەرلەر ھۆكۈمرانلىق قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ، شۇنداقلا بەدىنى قاۋۇل بولغاچقا، كۆپىنچىسى ئاكتىپ، رەھىمسىز، بەزىلىرى ھەتتا ناھايىتى شەخسىيەتچى كېلىدۇ.

ئەكسىچە ئاياللار ئەرلەرنىڭ «قارشى تۇرغىلى بولمايدىغان»كۈچلۈك مىجەزى بويىچە ئىش قىلىشقا كۆنۈپ كەتكەن بولىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بىۋاسىتە سېزىمى، ئەقىل ـ پاراستى، سېھرىي كۈچىگە تايىنىپ ھەمدە قايىل قىلىش كۈچى ۋە تەسىرلەندۈرۈش ۋاسىتىسى ئارقىلىق ئەرلەرنىڭ قوپاللىقلىرى ۋە ئىرادىسىگە تاقابىل تۇرىدۇ. ئەرلەر بولسا بىۋاسىتە ئۇسۇلغا، ئاياللار بولسا ۋاسىتىلىك ئۇسۇلغا ئادەتلەنگەن. ئەرلەرگە لازىمى ھوقۇق ۋە مەرتىۋە، ئاياللارغا بولسا شەكىلسىز تەسىر قىلىش

كۆچى، ئەرلەر ئېرىششىنى، ئاياللار ساقلاشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئەرلەر بولسا پاكىتقا ۋە نام ـ ئابرۇيغا، ئاياللار بولسا مۇھەببەت ۋە گۈزەللىككە ئېھتىياجلىق. ئەرلەر ھەم يارىتالايدۇ، ھەم ۋەيران قىلىۋېتەلەيدۇ. ئاياللار ئۇنى تەربىيەلەپ ساقلاپ قالالايدۇ. ئەرلەر بىلىم، بايلىق، مۇۋەپپەقىيەت، ھوقۇق ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ. ئاياللار بولسا مۇھەببەت، گۈزەللىك، ئىناقلىق ۋە بەختەرلىك ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ. ئەرلەر ھايۋانلارنى، ئاياللار بولسا پەرزەنتلىرىنى ياخشى كۆرىدۇ. ئەرلەر بولسا ئائىلىنىپ يۈرۈشنى، ئاياللار بولسا ئۆيىدە مۇقىم تۇرۇشنى ياخشى كۆرىدۇ، ئەرلەر بولسا تەۋەككۈلچى، ئاياللار بولسا ئېھتىياتچان ھەم ئاجىز كېلىدۇ.

ئاياللارنىڭ ئۆگىنىش ئىقتىدارى ئەرلەرنىڭكىگە ئوخشاشلا ياخشى، بەزىلەرنىڭ ھەتتا ئۇلاردىن ياخشىراق. ئۇلار ھەم باشقىلارغا يېتەكچىلىك قىلالايدۇ، ئەمما ھازىرغا قەدەر ئۇلاردا باشلامچىلىق قىلىش جاسارىتى كەمچىل. ئەرلەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ رەھبەرلىك قىلىش ۋە ئىدارە قىلىش ئارزۇسى كۈچلۈك. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسانىيەتنىڭ نۇرغۇن ئۇتۇقلىرىنى ئەرلەر ئاساتلا مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئىگىلىۋالغان. مەيلى ئىلىم ـ پەن، ئۇرۇش، سانائەت، چېگرا ئېچىشتا ياكى دىن، پەلسەپە، مۇزىكا ۋە سەنئەت جەھەتلەردە بولسۇن شۇنداق.

ئەمما، ئاياللار ھوقۇقىنى تەكىتلەشتىن ئىلگىرى مەن ناھايىتى مۇھىم بىر نۇقتىنى ئۇتتۇرىغا قويماقچى. ساپ ئەرلەر خاراكتېرىدىكى ئەرلەرنى ياكى ساپ ئاياللار خاراكتېرىدىكى ئاياللارنى ئەسلا تاپالىماسلىقىڭىز مۇمكىن. نۇرغۇن ئەرلەر ئاياللارنىڭ خاراكتېرىگە ئىگە. مەسىلەن، گۈزەل سەنئەتتىن ھۇزۇرلىنىش، تاۋى نازۇك، قارشىلىق كۆرسەتمەسلىك، كەمتەر، ھېسداشلىقى كۈچلۈك، پەرزەنتلىرىنى ياخشى كۆرۈش خاراكتېرىنى ياقتۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا نۇرغۇن ئاياللارمۇ ئەرلەرنىڭ خاراكتېرىگە ئىگە. مەسىلەن، ئەمەلىيەتچان، ئىرادىلىك، شەخسىيەتچى، ھايۋانلارنى ياخشى كۆرۈش، ئاكتىپ ئىلگىرىلەش،

پۇل تېپىش.

بىر قېتىم، بىر قانچە چوكان ماڭا: «بىزگە ھەقىقىي بىر ئەركەك لازىم»دېدى. ئۇلارنىڭ مەقسىتى ئۇنداق ئەمەس. بۇ جۈملىدە بولسا بۇ گەپتىن يۇزەكى تەسەۋۋۇر چىقىپ تۇرىدۇ. چۈنكى ھەقىقىي بىر ئەركەك قوپال، شەخسىيەتچى، رەھىمسىز، مۇستەبىت ۋە مەنمەنچى كېلىدۇ، ھەقىقىي بىر ئايال بولسا يۇزى تۈۋەن، مىشچان، ھېسسىياتى تۇراقسىز، ئىتائەتچان كېلىدۇ، غۇرۇرى كۈچلۈك ئەرلەر بولسا بۇنداق ئايالنى چوقۇم سىغدۇرالمايدۇ.

ئەمما بىر نۇقتىنى بىلەلەيمىزكى، ئاياللار خاراكتېرىنىڭ ئۇستۇنلۈكىنى ئىسپاتلايدىغان ئېنىق ئىسپات ئۇ بولسىمۇ ئەرلەر خاراكتېرىدىكى ئايال، شۇ قائىدىگە ئوخشاش، ئەگەر ئەرلىك ئالاھىدىلىك ئۇستۇنلۈكنى ئىگىلىسە، ئۇ بىر كەسكىن ئەر ياكى ئايال. ئوقۇرمەن، مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلاردىكى ئوغۇللارغا ئوخشاش شوخ قىز ساۋاقداشىڭىزنى ياكى قىزلارغا ئوخشاش تارتىنچاق ئوغۇل ساۋاقداشىڭىزنى ئەسلىيەلەمسىز؟

بىز دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك قىزىقارلىق ئىش شۇكى، ئايال ئۇچقۇچى كۆپ جەھەتتە ئەرلىك خاراكتېرگە ئىگە بولىدۇ. ئەجەبا سىز ئۇنى ئەر ئۇچقۇچى لىند بورگ بىلەن ئوخشاش ئورۇندا قويامسىز؟ ئۇنىڭ ھەرىكەتچان ۋە چىڭ مۇسكۇللىرى ئۇنى ئاتلانتىك ئوكياننى كېسىپ ئۆتۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان مۇھىم سەۋەب. ئۇ مۇشۇنداق قەيسەرلىك بىلەن مۇۋەپپەقىيەت قازانغان تۇنجى ئايال. سىز سىنگىلادىن بوغۇزىدىن ئۇزۇپ ئۆتكەن ئايال ماھىر خەيدىرنى بىلەمسىز؟ ئۇنىڭ مۇرىلىرى كەڭ، بەدەن ساپاسى ياخشى، تېرىسى يىرىك. بۇلاردا ئەرلەرگە خاس خاراكتېر بار. يەنە مۇشۇلارغا ئوخشىشىدىغان داڭلىق ئايال تەنھەرىكەتچىلەردىن ئەنزانى، بېشىنىت، تابىر قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى روشەن ئەرلەر خاراكتېرىگە ئىگە.

خانىم، سىز ھەقىقىي بىر ئەركەككە ئېرىشىشنى ئويلىمامسىز؟ ھە... ئويلىمايسىز. سىزنىڭ ھەقىقىي مەقسىتىڭىزنى مەن

بىلىمەن، سىز ھەقىقىي بىر ئەركەككە ئېرىشمەكچى، ئەمما ئۇ چوقۇم سىزنىڭ پاراسەتلىك، ساداقەتمەن بولۇشىڭىزنى ھەم ئۆزىگە خەيرخاھلىق قىلىشىڭىزنى، ئائىلىنى ۋە پەرزەنتلەرنى ياخشى كۆرۈشىڭىزنى ئىستەيدۇ. شۇنداق ئەمەسمۇ؟ مانا بۇلار ھەقىقىي ئايالنىڭ ئالاھىدىلىكىدۇر.

ئەپەندىم، سىز جورا تاللىغاندا، ھەقىقىي بىر ئايالنى تاللايسىز، لېكىن سىز يەنە ئۇنىڭدا ئەرلەرگە خاس ئالاھىدىلىكلەرنىڭ بار ـ يوقلۇقىغا قارايسىز، مەسىلەن، ئەمەلىيەتكە ئەھمىيەت بېرىش، ئىرادىلىك بولۇش، ئۇنىڭ كىرىم ـ چىقىم باشقۇرۇشقا، مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا ماھىر بولۇش، تىرىشچان بولۇش، تەپەككۇرى تېز بولۇش، قەيسەر بولۇش قاتارلىقلار.

ئەمەلىيەتتە، مەدەنىيەت ئەر ـ ئاياللارنىڭ خاراكتېرىنى بىر ـ بىرىگە سىڭدۈرۈۋەتتى. تەرەققىي قىلغانسېرى ئەرلەر بەزىدە ئەرلىك خاراكتېرىنى يوقىتىپ بارماقتا. ئىپتىدائىي دەۋردىكى ئۆكتۈر ئادىمى ئەرلىرى پۈتۈنلەي ئەرلىك خاراكتېرىگە ئىگە ئىدى. ئۇلار ھېسسىيات، گۈزەللىك، مېھىر ـ مۇھەببەت، مۇلايىملىق، ئادىمىيلىك ياكى كېيىنكى ئەۋلادلار ئۆگىنىش ئارقىلىق ئېرىشكەن ئىجتىمائىي ئالاھىدىلىكلەرنى بىلمەيتتى. يەنە بىر جەھەتتىن، ئاياللار قانچە تەرەققىي قىلغانسېرى ئەرلەرنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرى ئاياللارغا ئۆتۈپ قېلىۋاتىدۇ. ئۇ ئاياللار ئەمدى پەقەت يەر تېرىشقىلا مەسئۇل مەخلۇق ئەمەس، ئۆچكۈرگە ياكى ئۆيگە بېكىنىۋالمايدۇ. سىرتقى دۇنياغا چىققاندا ئىتائەتچان، پاسسىپ ئورۇندا تۇرمايدۇ، بەلكى تەدرىجىي ھالدا ئۆزىگە ئىشىنىدىغان، قەيسەر ۋە ئەمەلىيەتچىل خاراكتېرىنى يېتىلدۈرۈۋاتىدۇ، ئاياللاردا ئىلگىرىلىيەلەيدىغان، خەتەرگە تەۋەككۇل قىلالايدىغان تەبىئىي خاراكتېر گەۋدىلەنمەكتە.

ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، ئىنتىلىشچان ھەم چىقىشقاق ھەمراھ تاللاش بولسا مۇكەممەل نىكاھنىڭ تۇنجى قەدىمى، چۈنكى ئەرلەر

تەرەققىي قىلغان ئاياللارنىڭ (پەقەت ئەرلەر خاراكتېرىگە ئىگە) ۋۇجۇدىدىن ئازاب ـ ئوقۇبەت، خۇشاللىق ھەم ئورتاق ھېسسىيات تاپالايدۇ، ئەرلەردىن ھېسداشلىق ۋە چۈشىنىشكە ئېرىشەلەيدۇ.

مۇبادا سىز سەزگۈر، چېۋەر، گۈزەللىكنى سۆيىدىغان ئەر ياكى ئايال بولسىڭىز، بۇ ئالاھىدىلىكلىرىڭىز ئالاھىدە قەدىرلەشكە ئەرزىيدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن خىجىل بولۇشىڭىز ھاجەتسىز. سىز بۇ خىل ئالاھىدىلىكلەرنى ياخشى كۆرىدىغان ئادەملەرنى تاللىيالايسىز ھەم ئۇلار بىلەن ئالاقە قىلالايسىز، ھەم مۇشۇ ئالاھىدىلىكلەرگە مۇۋاپىق كېلىدىغان كەسىپنى تاللىيالايسىز. يىغىنچاقلىغاندا، ئەسلىدىكى ئۆزىڭىزنى ساقلاڭ.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئەرلەرنىڭ ئېسىدە تۇتۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئاشۇ خىلدىكى نازاكەتلىك قىزلار سىزنى ناھايىتى مەپتۇن قىلىدۇ. ئەمما تويدىن كېيىنكى تۇرمۇشتا مۇشكۇلاتقا ئۇچرىغان ۋاقىتتا بۇ خىل بەخت سىزگە نېسىپ بولمايدۇ. ئەڭ ياخشى ئايال بولسا پۈتۈنلەي ئاياللىق خاراكتېرىگە ئىگە ئەمەس. ئاياللارنىڭ بەزىبىر خاراكتېرىگە ئىگە بولغان بىر قىسىم ئەرلەر كۆڭۈلدىكىدەك ئەر ھېسابلىنىدۇ.

ئەر ۋە ئايالنىڭ خاراكتېرى جەھەتتە مۇنازىرىلەشسەك، خاراكتېر ئانالىز ئىلمى قانداق قىلىپ ئىككى خىل جىنستىكىلەرنىڭ پسىخىك ۋە فىزىيولوگىيەلىك پەرقىنى باغلاشتۇرۇپ چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ؟ مەن ئىلمىي خاراكتېر ئانالىز ئۇسۇللىرىنى كىشىلەرنىڭ خاراكتېرى ئۇلارنىڭ تاشقى قىياپىتىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدىغان مۇشۇنداق قائىدىگە يىغىنچاقلايمەن. ئەدەبىي تىل ئارقىلىق ئېيتساق، بۇ كىتابتا دېيىلگەن گەپلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇ پسىخىكىلىق تەڭپۇڭلۇق نەزەرىيەسىگە ياتىدۇ. ئۇنداقتا، ئەڭ روشەن ئالاھىدىلىكلەردىن باشقا ئەر ـ ئاياللارنىڭ بەدەن قۇرۇلمىسىدا يەنە قانداق پەرقلەر بار؟

بۇ مەسىلە كىشىلەرگە ناھايىتى كۈلكىلىك تۇيۇلىدۇ، ئەمما بىز ئىنچىكىلىك بىلەن بەدەن شەكلىنى كۆزىتىپ باقايلى. سىز

ھەر كۈنى ئۇچراپ تۇرىدىغان ئەر ۋە ئاياللاردا قانداق ئوخشاشماسلىقلار بار؟ (سىز بۇ مەسىلىنى دوستلىرىڭىزدىن سوراپ باقسىڭىزمۇ بولىدۇ) مەن بەدەن شەكلىدىكى ئېنىق ۋە ئاسان كۆزگىلى بولىدىغان پەرقلەرنى دېمەكچى. مەن بۇ توغرۇلۇق كۆپ سۆزلەپ كەتكىنىمنى بىلىمەن. بىز يەنىمۇ تەتقىق قىلايلى، نېمە ئۈچۈن ئەرلەرنىڭ يۈزىدە تۈك بولىدۇ. ئاياللارنىڭ يۈزى پارقىراق كېلىدۇ؟ مانا بۇ پەرق. سىز يەنە باشقا جەھەتتىكى پەرقلەرنى ئويلىيالامسىز؟! ئويلاپ باقايلى، سىز دەپ بېرەلمەيسىز.

ئەگەر سىز مېنىڭ تەتقىقاتىمنى ئىگىلىگەن بولسىڭىز، ئەر ـ ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى ئەقىل، بەدەن شەكلىدىكى پەرقنى بىلەلەيسىز. سىزنىڭگە قىزىقارلىق تۇيۇلمامدۇ؟ تۆۋەندە بىرقانچە مىسال كەلتۈرەيلى. ئەرلەرنىڭ بەدىنى ئاياللارنىڭكىگە قارىغاندا يوغان، كېلەڭسىز، بەستلىك، مۇسكۇللۇق، بۇلۇڭ شەكلىدە ھەم مۈرىسى كەڭ ۋە ساغرىسى كىچىك بولىدۇ. ئەرلەرنىڭ بېشى بۇلۇڭ شەكلىدە كۆتۈرۈلۈپ چىققان بولىدۇ، ئاياللارنىڭ بېشىنىڭ كەينى ئۇزۇنراق، تەكشى بولىدۇ. ئەرلەرنىڭ قېشى توم، تۈز، ئاياللارنىڭ ئەگمە ھەم ئىنچىكە بولىدۇ. ئەرلەرنىڭ مۈرىسى كەڭ ھەم چاسا شەكىللىك، ئاياللارنىڭ تار ھەم قىرلىق، ئەرلەرنىڭ ئومۇرتقا سۆڭىكى تۈز ھەم تىك، ئاياللارنىڭ ئەگمە ھەم يانتۇ بولىدۇ. ئەرلەرنىڭ كۆكرەك قىسمى چوڭ ھەم چوڭقۇر. ئاياللارنىڭ تار ھەم تۈز (كۆكسى قىسمىدىن باشقا)، ئەرلەرنىڭ بېلى تۈز، ئاياللارنىڭ بېلى ياي شەكىللىك، ئەمەلىيەتتە ئەرلەرنىڭ پۇتۇن بەدەن قۇرۇلمىسى تۈز سىزىقنى، ئاياللارنىڭ ئەگرى سىزىقنى ئاساس قىلغان بولىدۇ. ئەرلەرنىڭ پۇتى، سۆڭەك بوغۇمى، قولى، تاپىنى چوڭ. ئاياللارنىڭ قول ـ پۇتى كىچىك، ئەرلەرنىڭ ئاۋازى بوم. ئاياللارنىڭ ئىنچىكە ھەم زىل. فىزىيولوگىيە ئالىمى ئەيلىسنىڭ دېيىشىچە، غەرب ئاياللىرىنىڭ تېرىسى جىگەر رەڭ، ئەرلەرنىڭ بولسا سۇس جىگەر رەڭ بولىدۇ.

ئەگەر سىز بىر ئادەمدە يۇقىرىقى ئالاھىدىلىكلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلسىڭىز، بۇ ئادەم ناھايىتى قالتىس ئادەم ـــ ئەرلەرگە خاس خاراكتېرگە ئىگە 100 پىرسەنتلىك ئەر ۋە ئاياللارغا خاس خاراكتېرگە ئىگە 100 پىرسەنتلىك ئايالدۇر.

بىز ھازىر نۇرغۇن تاشقى شەكىل پەرقلىرىنى ئايرىپ چىقىرىپلا قالماي، يەنە ئۇلار ئىپادىلەيدىغان خاراكتېر ئالاھىدىلىكلىرىنىمۇ تېپىپ چىقىشىمىز كېرەك. ئەر ـ ئاياللارنىڭ ھېسسىياتى، پىسخىكىسى ۋە ئەقىل ـ ئىدراكى جەھەتتە قانداق ئوخشاشماسلىقلار بار؟ ئاياللار مودا قوغلىشىش ئۈچۈن، قىشتا نېپىز كىيىنىۋېلىپ يۇرۇشكە رازى، ئەرلەر بولسا ئەكسىچە ئۇلارنى ساراڭ دەپ مازاق قىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا پەرقلەرمۇ بارمۇ؟

خوش، ئەقىل ـ پاراسەتتىن گەپ ئاچقان ئەرلەر ئەمەلىيەتكە كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىدۇ، ماددىنى مۇھىم دەپ قارايدۇ. ئۇلار تەۋەككۇلچى، ئۆزلەشتۇرگۇچى، كەشپىياتچى، ئۆتكۇر ھەم ئوبيېكتىپ كېلىدۇ. ئاياللار بولسا پۈتۈنلەي باشقىچە تەپەككۇرغا ئىگە. ئۇلار نەزەرىيەگە ئەھمىيەت بېرىدۇ، ئۇلار جۇشقۇن، ھېسسىياتچان، ئەپۇچان، سەزگۈر كېلىدۇ، گۈزەللىكنى سۆيىدۇ.

ئەرلەر بولسا كۆزىتىش ئارقىلىق يەكۈن چىقىرىدۇ، ئەمەلىيەتكە قارايدۇ، پاكىتقا ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئاياللار بولسا ئۆزىنىڭ ھېسسىياتىغا ئاساسلىنىپ ھۆكۈم چىقىرىدۇ. مەلۇم بىر ماددىنى بىر كۆرۈپلا بىلىۋالغىلى بولىدۇ دەپ قارايدۇ. ئەمما بەزى چاغلاردا ئۇلارنىڭ ھېسسىي سېزىمى ئەرلەرنىڭ يەكۈنىدىنمۇ توغرىراق چىقىدۇ، سىز بەلكىم بەزى ئەرلەرنىڭ ئاھ ئۇرغان ھالدا: «ئايالىمنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان بولسام بوپتىكەن» دېگىنىنى ئاڭلايسىز.

سۆزىمىزنى داۋاملاشتۇرۇۋېرەيلى، ئەرلەر رەھبەر ۋە باشلىق بولۇشنى ۋە ئەمەلىي جەھەتتە ئىدارە قىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئاياللار بولسا قارشى تۇرمايدۇ. بەلكىم بەزى ئاياللار ھوقۇقىقا

ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىشى مۇمكىن، ئەمما ئۇلار ئېرىشمەكچى بولغان ھوقۇق پەقەت ئاتاق جەھەتتىكى ئاددىي ھوقۇقتىنلا ئىبارەت. شۇڭا، ئۇلارنىڭ مەقسىتىگە يېتىشى ھەمىشە ئەگرى - توقاي يوللار بويىچە بولىدۇ — بۇ يوللار سۆز بىلەن قايىل قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. گۈزەل قىياپىتى، ھوشيارلىقى، نەيرەڭۋازلىقى ھەممىسى مەغلۇپ بولسا — ئۇلار كۆز يېشى قىلىدۇ. ئەمما ئەرلەر جان تىكىپ كۈرەش قىلىش ئارقىلىق مەقسىتىگە يېتىدۇ. ھەقىقىي ئەرلەر ھىيلە - نەيرەڭ ئىشلىتىشكە ئۆچ. كۆپ ساندىكى ئەرلەر پاراسەتلىكنى ئاياللاردىن ئۆگىنىۋالغان.

بىر ئىشنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتەيلى. بىلىملىك كىشىلەر شۇنى ئېتىراپ قىلىدۇكى، ئاياللار ئىدىيەسى ئازاد بولغاندىن بۇيان ئاز بولمىغان ئاجايىپ نەتىجىلەرنى ياراتتى. ئۇلار ھەر ساھەگە، ھەربىر كەسىپكە ئۆزىنىڭ ماسلىشالايدىغانلىقىنى ۋە مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. ئەمما ئۇلار نەچچە مىڭ يىلدىن بېرى ئېزىلىپ كەلگەن. بۇ ئېتىراپ قىلمىسا بولمايدىغان پاكىت، تەخمىنەن 1000 يىللار ئاۋۋال ئاياللار تۇغۇت ماشىنىسى دەپ قارالغان. ئىدىيە، سىياسەت، جەمئىيەتتىن ئايرىلىپ قالغان. بۇ ئاسارەت پاك - پاكىز سۈپۈرۈلۈپ تاشلاندى. ئىلگىرى بۇ خىل ھالەتلەر ۋە ئىككى جىنسنىڭ بەدەن شەكلى جەھەتتىكى پەرقلىرىدىن بۇ خىل تەڭپۇڭسىزلىق ھەقىقەتەن مەۋجۇت ئىدى. بۇ «ياخشى ياكى يامان» بولۇش مەسىلىسى ئەمەس. ئىككى جىنس ئوتتۇرىسىدىكى تۈپكى پەرق ئىدى. دېمەك، ئەرلەرنىڭ بەدەن قۇرۇلمىسى مۇشۇنداق بولغانلىقتىن ھەم ئەركىن قوللىنىش ئىقتىدارىغا موھتاج بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ ئەقلى تەرەققىي قىلدى. مەسىلەن، سىزنىڭ ئېدىسون، ماكنى (سىمسىز رادىيونىڭ كەشپىياتچىسى) ستېفېنسون (پار كېمىسىنىڭ كەشپىياتچىسى) قاتارلىقلارنىڭ قاتارىغا كىرەلەيدىغان ئالتە ئايالنى كۆرسىتىپ بېرەلمىگىدەك ئىنتايىن تەسكە توختايدۇ. ئايال كىشى ئەزەلدىنلا ماشىنىسازلىق ۋە كەشپىيات خىزمەتلىرىنى ئانچە ياقتۇرۇپ

كەتمەيدۇ. شۇڭلاشقا ئۇلاردىن مەلۇم ماشىنىسازلىق زاپچاسلىرىنى كەشىپ قىلىشنى ئۈمىد قىلىشنىڭ هاجىتى يوق.

ئايالار ئەقلىي ئىقتىدار جەھەتتە بىرقەدەر ئېھتىياتچان، پاسسىپ، قوبۇل قىلىش تىپىغا كىرىدۇ، ئۇلار ياخشىلاشنى ۋە ساقلاشنى خالايدۇ، ئەمما خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىش ۋە كېڭەيتىشنى خالىمايدۇ. ئايالار ھېسسىيات ۋە قەلب جەھەتتە ئەرلەرگە قارىغاندا سىرتقى دۇنيانىڭ تەسىرىگە بەكرەك ئۇچرايدۇ. ئۇلار بىرقەدەر ھېسسىياتقا باي، خىيالىيراق، روھلۇق ۋە ھېسسىياتچان كېلىدۇ. ئۇلار ئەرلەرگە قارىغاندا يىغلاڭغۇ كېلىدۇ! كىنوچىلىق ساھەسى بۇ نۇقتىنى بەكرەك چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، شۇڭلاشقا ئالاھىدە ئىشلەنگەن كىنو ئايالىڭىز ياكى يولدىشىڭىزنى «ئازابلىيالايدۇ». ئايالار ئەرلەرگە قارىغاندا بەكرەك ئىقتىسادچان كېلىدۇ. چېركاۋدا ئىبادەت قىلىۋاتقان كىشىلەردىن بىلەلەيسىزكى، ئايال مۇخلىسلار ئەر مۇخلىسلاردىن كۆپ بولىدۇ. ئەرلەر بىلەن ئوغۇللار ئىبادەت قىلغىلى بېرىپ قالسا ھەمىشە ئۇلارنىڭ ئايالى ياكى ئانىسى بىرلىكتە بارىدۇ.

تەرەققىي قىلالايدىغان (تەرەققىيات ئىستىقبالى) ھەمراھىڭىزنى تاللاش بولسا بەختلىك نىكاھنىڭ بىرىنچى قەدىمى. چۈنكى ئەرلەر تەرەققىيات ئىستىقبالى بار ئاياللاردىن خۇشاللىق ۋە خاسلىق، ئورتاق ئالاھىدىلىكلەر (ئەرلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە)گە ئېرىشەلەيدۇ. بىراق، ئايالار تەرەققىيات ئىستىقبالى بولغان ئەردىن (ئاياللىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە) ھېسداشلىق ۋە چۈشىنىشكە ئېرىشەلەيدۇ.

ھالبۇكى، ئەڭ قىزىقارلىق نۇقتا شۇكى، ئەرلەردە ھەممە ئىشتا كونترول قىلىش ھەم ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئىستىكى بولىدۇ، بولۇپمۇ ئاياللارمۇ قىلالايدىغان ئىشتا. كىم ئەڭ داڭلىق؟ ئەرلەر! سىز دىنىي ئەھكاملارنى چۈشەندۈرگۈچى ئاتاقلىق ئايال ماكۋېنسىننى كۆرگىنىڭىزدە، ئۇ ئەركەكلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە

ئاياللار ۋەكىلى بولۇپ چىقىدۇ. ئاشخانىدىكى قورۇما قورۇش تېخنىكىسىغا قاراپ باقايلى. دۇنيادىكى ئەڭ داڭلىق ئاشپەز كىم؟ ئەرلەر! بالا بېقىش ئىشلىرىدىچۇ؟ دۇنيادىكى ئانىلار ۋە ئايال باققۇچىلار نەچچە تۇمەنلەپ بولسىمۇ، بىراق ئەڭ ياخشى ئانا ـ باللار دوختۇرىنىڭ 98% ى يەنىلا ئەرلەر. مەكتەپ ئورگانلىرىدىكى رەھبەرلەر ئىچىدە تەبىئىي هالدا ئەرلەر كۆپ، شۇنداقلا ئەڭ داڭلىق تىككۇچى ۋە كىيىم لايىھەلىگۈچىلەرنىڭ ئىچىدىمۇ يەنىلا ئەرلەر كۆپ. ئائىلىلەردىكى كىر ئالغۇ، چاڭ ـ توزان سۈمۈرگۈچ، دەزمال، مېۋە ـ چېۋە ئاقلاش سايمىنى، بۇس سۈمۈرگۈچ قاتارلىقلارنى كەشىپ قىلغۇچىلارمۇ يەنىلا ئەرلەر.

هازىرقى زامان ئاياللىرىنىڭ ئالدىغا ناھايىتى مۇھىم بىر پاكىتنى ئوتتۇرىغا قويىمىز — سىلەرنىڭ ئىرسىيەت ۋە ئاياللىق خۇسۇسىيەتلىرىڭلار ئىنسانلارنىڭ مۇھىم بولغان قابىلىيەتنى بىر تەرەپ قىلىشىغا ياردەم بېرىدۇ. بىزنىڭ ئاساسلىق خىزمىتىمىزنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى بولسا ئادەملەرگە مۇئامىلە قىلىش، ئىجتىمائىي خىزمەت، جەمئىيەت مۇلازىمىتى، كادىرلار خىزمىتى، شۇنداقلا سۆھبەتتە ئىپادىلىنىدۇ. ھەرگىزمۇ ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئىپادىلەنمەيدۇ.

ئەرلەرنى ماشىنا، ئۇسكۇنە، زاپچاس، ئەسۋابلارنى ۋە ماددىي نەرسىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشقا قويايلى. ئەرلەر ئاياللار ۋە باللارنى ئىقتىدار يېتىلدۈرۈش مەشقىگە قويسۇن، ئۇلارنى چېنىقتۇرسۇن، ئۇلارنى تەربىيەلىسۇن.

كۆپلىگەن ئەرلەر ئاياللاردىن ئەقىل ـ پاراسەت ئۆگىنىدۇ. بىلمىلىك كىشىلەر بولسا ئاياللارنىڭ ئىدىيەسى ئازاد بولسا، ئۇلارنىڭ ئاجايىپ مۆجىزىلەرنى يارىتىشىغا ئىشىنىدۇ، بۇ ئۇلارنىڭ ھەرقانداق كەسىپ ۋە ھەرقانداق ساھەدە مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

# يىگىرمە ئىككىنچى باب

## سىز پەقەت ئۆزىڭىزنىڭ خوجايىنى

نەچچە يىللار ئىلگىرى دەيۋود ئەپەندىم خاراكتېرىنى ئانالىز قىلىپ بېرىشىمنى ئۆتۈنۈپ مېنى ئىزدەپ كەلگەن، يېقىندا ماڭا بىر پارچە خەت يېزىپتۇ، خېتىدە بولسا: «بالكىن ئەپەندىم، مەن ھېسابات قىلغۇچى بولغىلى ئالتە يىلدىن كۆپرەك بولدى. دىرېكتورىم بىر جاھىل ئادەم، مەن تۇرمۇشۇمنى قامداش ئۈچۈن ئۇنىڭغا بويسۇنۇشقا مەجبۇر بولدۇم، ئالدىنقى يىلى سىز مېنىڭ خاراكتېرىمنى تەھلىل قىلغان ھەمدە ماڭا ياساش ۋە ماشىنىسازلىق جەھەتتە ئۆزۈمگە تايىنىدىغان خىزمەتلەرگە ماس كېلىدىغىنىمنى ئېيتقان.

مەن ئۆزۈم قىلىۋاتقان ئىشتىن باشقا ياغاچ ۋە تۆمۈر ماتېرىياللاردىن ئۆي جاھازلىرىنى ياساشنى باشلىدىم. كېيىن ئىشسىز قالدىم، بىرنەچچە ئايغىچە خىزمەت تاپالمىدىم. مەلۇم بىركۈنى سىزنىڭ خاراكتېر تەھلىلىڭىزنى ئويلاپ قالدىم، شۇنىڭ بىلەن ئۆزۈم ياسىغان نەرسىلەرنى ساتتىم، نەتىجىدە، مېنىڭ كىرىمىم ھېساباتچى بولغان ۋاقتىمدىكىدىن بىر ھەسسە ئاشتى. ھازىر مەن ئىككى ياردەمچى ياللىۋالدىم، ئەمدى باشقىلارغا بويسۇنمايدىغان بولدۇم» دەپتۇ.

**سىز ۋە ئائىلىڭىزدىكىلەرنىڭ، دوستلىرىڭىزنىڭ بېشى يوغانمۇ؟ بېشىڭىزنىڭ ئۈستۈنكى قىسمى ئېگىزمۇ؟ ئەگەردە شۇنداق بولسا، سىز باشقىلارغا بويسۇنمايدىغان ئادەم بولۇپ، باشقىلارغا ياللىنىشقا ماس كەلمەيسىز.**

يېقىنىدا، كونا ھۆججەتلەر ئارىسىدىن دەيۋود ئەپەندىمنىڭ خاراكتېر تەھلىلىنى ئاختۇرۇپ تاپتىم. ئوقۇرمەنلەر ھۆكۈم قىلىپ بېقىڭلار. دەي ئەپەندىم تېرىسى سۇس رەڭلىك، يۇزى ئولتۇرۇشقان، بەستلىك، پائالىيەتچان، مۇسكۇللىرى چىڭىقان ئادەم ئىدى. بۇنداق ئادەم قانداقمۇ ھېساباتچى بولۇشقا ماس كەلسۇن؟ بۇنداق قۇرۇلمىلىق ئادەم ئۆز ئالدىغا ئىش قىلىشقا ماس كېلىدۇ. ئۇ ئۆزى ئۇچۇن خىزمەت قىلىشى كېرەك. بۇنىڭدىن باشقا ئۇنىڭ بېشى ئۇزۇن، ئېگىز، كەڭرى، بۇنداق ئادەمگە بۇيرۇق بېرىش مۇڭگۇزىگە قىزىل لاتا چىگىلگەن بۇقىنى ئويناتقانغا ئوخشىشىدۇ. قوپال خىزمەتتىن مەھرۇم قېلىش بۇنداق ئادەملەرگە پايدىلىق. دەي ئەپەندىم دەل شۇنداق.

ھازىر، ھەممىمىز بىرلىكتە سىزنى ئانالىز قىلىپ باقايلى، سىز ياكى ئائىلىڭىزدىكىلەر ياكى دوستلىرىڭىز يوغان باشمۇ؟ بېشى ئېگىزمۇ؟ ئەگەر شۇنداق بولسا، سىز دائىم قانائەت قىلمايدىغان يارەمچى، باشقىلارغا بويسۇنمايسىز، ياللانما خىزمەتكە ماس كەلمەيسىز. سىز ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلارنى قىلىشقا ماس كەلمەيسىز. بۇ ئىشلار سىزنى بىزار قىلىدۇ. سىز دائىم بۇيرۇق قىلىشنى ئويلايسىز، بۇيرۇقنى قوبۇل قىلىشنى خالىمايسىز. سىزدە بىر ياخشى پىلان بولۇشى كېرەك، سىز دەرھال ئۆگىنىش ۋە مەشىقنى ئۆزىڭىزدىن باشلىشىڭىز كېرەك ھەمدە تەجرىبىدىن پايدىلىنىپ ئۆزىڭىزنى تولۇقلىشىڭىز، ئىجرا قىلغۇچى، رەھبەر ۋە باشلىق بولۇشقا تەييارلىنىشىڭىز كېرەك.

ئەگەر سىزنىڭ ھازىرقى خىزمىتىڭىز باشقىلارغا بېقىنىدىغان خىزمەت بولسا، ئۇنداقتا تېزلىكتە قۇتۇلۇپ چىقىشنى قارار قىلسىڭىز تېخىمۇ ياخشى، ئۆزىڭىزگە ئۆزىڭىز رەھبەر بولۇڭ، ئۆزىڭىز ئۇچۇن خىزمەت قىلسىڭىزلا كوچىلاردا گېزىت ساتسىڭىزمۇ بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئېسىڭىزدە ساقلاڭكى، سىز تۇغما ئىجرا قىلغۇچى بولۇشقا ماس كەلسىڭىزمۇ،

شۇنىڭغا ماس بولغان سالاھىيەت ۋە ئىقتىدارنى ھازىرلىشىڭىز كېرەك. مەخسۇس سودا باشقۇرۇشقا ئائىت كىتابنى تاللاپ ئوقۇڭ، نۇتۇق سۆزلەشنى ئۆگىنىدىغان كۇرسقا قاتنىشىڭ. ئىقتىسادشۇناسلىقنى تاللاپ ئوقۇڭ. سودا ئۇنۇمى، خىزمەت ئۇنۇمى، مال باشقۇرۇش، كادىرلارنى باشقۇرۇش قاتارلىق ئاساسىي بىلىملەرنى تاللاپ ئوقۇڭ. مەسىلەن، بۇيرۇق چۈشۈرگەن ۋاقىتتا قانداق كۈلۈمسىرەشنى ئۆگىنىڭ. قانداق رەھبەر بولۇش ۋە باشقىلارنى قايىل قىلىش سەنئىتىنى ئۆگىنىڭ.

مەن دەپ ئۆتكەندەك ئۆگىنىش، مەشىق ۋە تەجرىبە سىزگە ياردەم بېرەلەيدۇ، ئىجرا قىلغۇچىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكىنىڭ بىرى باشقىلارنى چۈشىنىپ، باشقىلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىشنى بىلىش.

**تەۋەككۈلچىلىك بىلەن مەلۇم خىزمەتنى قىلىشقا بولمايدۇ. سىز مەلۇم خىزمەتكە تەييارلىق قىلىش ياكى خىزمەتنى قىلىشتىن بۇرۇن سىزگە ئاشۇ خىزمەتنىڭ ماس كېلىدىغانلىقىنى جەزملەشتۈرۈشىڭىز كېرەك.**

مەن ھازىر سىزگە بىرقانچە نۇقتىنى ئەسكەرتىپ، سىزگە قانداق قىلغاندا خىزمەتتىكى قاتاللىقنى بۇزۇپ تاشلىغىلى بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ قوياي. ئەگەر مەزكۇر كىتاب ۋە تەھلىلىڭىزنىڭ نەتىجىسىدىن ئىجرا قىلىش ياكى خىزمەت باشقۇرۇش تالانتىغا ئىگە دەپ يەكۈن چىقىرىلىپ ئىقتىدارىڭىزنى تالانتىڭىز ئارقىلىق ئۆلچەش توغرا كەلگەن ۋاقىتتا، سىزنى مۇستەقىل خىزمەت قىلغۇچى ياكى رەھبەر دېيىشكە بولىدۇ، ئۇنداقتا، قولىڭىزغا قەلەم ئېلىپ مېنىڭ كېيىنكى گەپلىرىمنى خاتىرىلەڭ، چۈنكى مەن تەۋسىيە قىلغان خىزمەتلەر (ئاز مەبلەغكە تايىنىپ) ھەرقانداق ئەر- ئاياللار قىلىشقا مۇۋاپىق كېلىدۇ. بەزى كەسىپلەر ئانچە كۆپ ئۇچرىمايدۇ. مەن 16 مىڭ ئادەمنىڭ كەسپىنى

تەتقىق قىلىپ، ئۇلارنى بەزى ئالاھىدە ئىشلارغا يولۇقتۇرغان. مەن بۇ كەسىپلەرنى سىزگە دېيىشتىن بۇرۇن سىزنى ئەسكەرتىپ قوياي، مەلۇم بىر كەسىپكە تەۋەككۇلچىلىك بىلەن ئاتلانماڭ.

سىز ئاۋۋال ئۆزىڭىزنى تەھلىل قىلىشىڭىز كېرەك، بىراق تېخنىكىلىق ئۇسۇلدىن پايدىلىنىشتىن باشقا، ئادەتتىكى ساۋاتلاردىن پايدىلىنىشىڭىز كېرەك. مەن بىر ئەمەلىي مىسال ئېلىپ ئۆتەي.

مەن بىر ياشنى تونۇيتتۇم، ئۇنىڭ يولدىشى خىزمەتتىدىن ئايرىلىپ قالغاچقا، خاراكتېرىنى تەھلىل قىلىپ بېرىشىم ئۈچۈن مېنى ئىزدەپ كەپتۇ. مەن ئۇنىڭغا سەنئەت كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىشقا تەكلىپ بەردىم، ئۇ سۈرەتچى بولۇشقا ئەڭ مۇۋاپىق ئىدى. بىراق، ئۇ سۈرەتخانىلارنىڭ ئىنتايىن كۆپلۈكىنى، يەنە ئېچىشنىڭ ھاجىتى يوقلۇقىنى بىلەتتى. ئۇ ئويلىنىپ، كېيىن مۇنداق ئۈچ نۇقتىنى يەكۈنلەپ چىقتى: بىرى، ئۇنىڭ بىر سۈرەت تارتىش ئاپپاراتى بارلىقى ھەمدە سۈرەتكە تارتىش تېخنىكىسىنى ئازراق بىلىدىغانلىقى؛ ئىككىنچى، ئۇنىڭ شەھەردە نۇرغۇن دوستلىرى بارلىقى؛ ئۈچىنچى، ئۇ بالىلارنى ياخشى كۆرىدىغانلىقى ھەمدە ئۇلار بىلەن ئاسانلا چىقىشالايدىغانلىقى قاتارلىق.

شۇنداق قىلىپ، ئۇ 70 پارچە باغاق تارقىتىپ، توي قىلىپ بولغان دوستلىرىغا، ئۆزىنىڭ بىر سۈرەتخانا ئاچقانلىقىنى، بالىلارنى سۈرەتكە تارتىشتا ئالاھىدە ئىقتىدارى بارلىقىنى ئۇقتۇردى. ئۇ دوستلىرىنىڭ بالىلىرىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى خاتىرىلىۋالدى، ھەر قېتىم بالىلارنىڭ تۇغۇلغان كۈنى كېلىشتىن ئىلگىرى، ئاتا ـ ئانىسىغا بىر پارچە ئىنتايىن تۈزۈت قىلىنغان باغاق ئەۋەتىپ، بالىلىرىنى سۈرەتكە چۈشۈرۈپ خاتىرە قالدۇرۇشقا ئۈندەيدۇ. ئۇنىڭ سودىسى دەرۋەقە يۈرۈشۈپ كەتتى. كېيىن ئۇنىڭ يولدىشىنىڭ خىزمىتى بار بولدى، بىراق ئۇنىڭ تاپقان پۇلى يولدىشىنىڭكىدىن كۆپ بولدى.

ئۆزىگە ئىشىنىش مۆجىزىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بىراق ئۆزىگە ئىشىنىش داۋاملىق ئىككى قۇرۇلمىغا ئاساسلىنىدۇ: بىرى، ئۆزىگە ئىشىنىش، ئۆزىنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىغا ئىشىنىش، ئۆزىنىڭ كەسپىي تالانتىغا ئىشىنىش؛ ئىككىنچى، بىلىم ھازىرلاش — مەخسۇس بىلىم: بىرىنچىسى ئۆز - ئۆزىنى چۈشىنىپ تەھلىل قىلىشتىن كېلىدۇ. ئىككىنچىسى ئۆگىنىش، تەربىيەلىنىش، مەشىق ۋە تەجرىبىدىن كېلىدۇ.

غەرب ئەللىرىدىكى بەزى تاغلىق دېھقانلار ئۆزىنىڭ چوڭ ماشىنىسى بولغاچقا، چوڭ ماشىنىسىنىڭ كەينىگە ئاشخانا ۋە ياتاقنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، مەخسۇس ساياھەتچىلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، رەسمىي مېھمانخانىلاردىن كۆپ ئەرزان، نەتىجىدە ئۇلارنىڭ كىرىمى كۆپىيىدۇ.

بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى مەدەنىي شەھەردە كىشىلەرنىڭ بېزىلىشى گۈزەل، مۇزىكىلىق، مۇھىتى تىنچ، باھاسى تۆۋەن بىر قەھۋەخانىغا ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ ۋە شۇنداق قىلىپ بىرنى ئاچىدۇ. نەتىجىدە، تىجارەت باشلىغاندىن كېيىن، سودىسى گۈللىنىپ، ئوقۇغۇچى، پىروفېسسور، يازغۇچى، سەنئەتكارلار ھەممىسى بۇ يەرگە كېلىشنى ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ.

سەنئەتكار، يازغۇچى، رەسساملار ئەركىن ھالدا پۇل تاپالايدۇ، ئىشخانىسىدا ئولتۇرىدۇ، يۇقىرىغا بويسۇنۇشنىڭ ھاجىتى يوق. تەنھەرىكەتچىلەر، ھەرىكەتنى ياخشى كۆرىدىغانلار ھەر خىل تەنتەربىيە ھەرىكەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلسا بولىدۇ ياكى ئۆگىتىش سىنىپى ئاچسىمۇ بولىدۇ. ئاياللار ماس كېلىدىغان كەسىپلەر تۆۋەندىكىدەك: بالىلار سوۋغات بۇيۇمى، يەنى كىيىم - كېچەك، ئويۇنچۇق دۇكىنى؛ قەھۋە، تاتلىق - تۈرۈم شىركىتى؛ ئۆي ئىچى زىننەت بۇيۇمى لايىھەلەش دۇكىنى، ئىچ كىيىم دۇكىنى؛ بالىلار يەسلىسى. ھازىر شەھەر ئاياللىرىنىڭ كۆپىنچىسى خىزمەت قىلىدىغان بولغاچقا، بالىلىرىنىڭ قارىغۇچىسى يوق، شۇڭلاشقا

كۆلەملەشكەن باللار يەسلىسىگە موھتاج، ھازىر كۆپلىگەن ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ ئالىي مەكتەپكە ئۆتەلمىگەن قىزلارغا بۇ خىل ئىشلار ماس كېلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، كەيسارۇن قىلىلىنىنىڭ «ئايالالار كەسپى» ناملىق ئەسىرى ئايالالار خىزمىتىگە مۇناسىۋەتلىك پايدىلىنىش ماتېرىياللىرىدۇر. بۇنىڭدا 150 نەپەر مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئايالنىڭ تەجرىبىسى سۆزلەنگەن. يەنە مارى دوچىنىڭ «50 خىل ئايالالار تىجارىتى» ناملىق ئەسىرى بار. ئەرلەر پايدىلىنىدىغان كىتابلاردىن رۇيت بىلەن داۋستىنىڭ «ئۆزۈڭنىڭ خىزمىتىنى ئىزدە» ناملىق پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە ئەسىرى بار.

مەن يەنە تەكىتلەي، مەلۇم كەسىپكە تەۋەككۈلچىلىك قىلماڭ. مەلۇم خىزمەتنى تاللاش ۋە قىلىشقا تەييارلىق قىلىشتىن بۇرۇن شۇ كەسىپنىڭ ئۆزىڭىزگە ماس كېلىدىغانلىقىنى جەزملەشتۈرگەندىن كېيىن، ئاندىن ھەرىكەتلىنىڭ. ئۆزىگە ئىشىنىش مۆجىزە يارىتىدۇ ھەمدە ئۆزىگە ئىشىنىش ئىككى چوڭ قۇرۇلمىغا تايىنىدۇ، بۇنىڭ بىرىنچىسى، ئۆزىگە ئىشىنىش، ئۆزىنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىغا ئىشىنىش، ئۆزىنىڭ كەسپىي تاللىنىغا ئىشىنىش؛ ئىككىنچىسى بولسا بىلىم — مەخسۇس بىلىم بولۇپ، سىز قىلماقچى بولغان كەسىپنىڭ تېخنىكىسى ۋە مەشقى. بىرىنچىسى بولسا ئۆزى چۈشىنىش ۋە تەھلىل قىلىشتىن كېلىدۇ. ئىككىنچىسى بولسا ئۆگىنىش، تەربىيە، مەشىق ۋە تەجرىبىدىن كېلىدۇ.

شۇڭلاشقا كاللىڭىزنى يوقىتىپ قويماڭ — ئۇنىڭدىن پايدىلىنىڭ.

بۇرۇن بىرى «قايسى خىلدىكى ئادەملەر خىزمىتىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورقىدۇ؟» دەپ سورىغان. بىر ئەقىللىك ئادەم جاۋابەن: «خىزمىتىدىن ئايرىلغان پادىشاھ ئەڭ بىچارە بولىدۇ» دېگەن. سەۋەبى: بىرىنچىدىن، ئۇنىڭ خىزمەت تېپىش پۇرسىتى ئىنتايىن چەكلىك، ئىككىنچىدىن، ئۇ خىزمىتىنى يوقىتىپ قويسا، كاللىسى كېتىش خەۋپى بار.»

# يىگىرمە ئۈچىنچى باب

## تويدىن كېيىن بەختلىك بولۇشنىڭ يولى

ئەگەر بىر ئادەم سىزدىن تۆۋەندىكى سوئالنى سورىسا، سىز قانداق جاۋاب بېرىسىز؟

ناۋادا بىر چىرايلىق ئايال سىزنىڭ ئۇدۇلىڭىزدا ئولتۇرۇپ سىزگە: «مەن توي قىلغىلى سەككىز يىل بولدى، ئىزچىل مەمنۇن بولۇپ كېلىۋاتىمەن. ئۆزىمىزنى ئىنتايىن ماسلاشقان بىر جۈپلەر دەپ قارايمەن. لېكىن يېرىم يىل ئىلگىرى، باشقا بىر ئەر كىشى بىلەن تونۇشۇپ قالدىم، ئۇ مېنىڭ كۆزۈمنى ئاچتى، ھەقىقىي مۇھەببەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ماڭا بىلدۈردى. ماڭا شۈكۈر ـ قانائەتنىڭ خۇشاللىق ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدۇردى. مېنىڭ مۇشۇ تۇيغۇم خاتامۇ؟ بالكىم ئەپەندىم، مەن ھازىر بۇ تۇيغۇنىڭ چەكسىز خۇشاللىقىغا چۆمۈلدۈم، كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان دوستلۇق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. رويچارد ـــ مەن تونۇشقان ھېلىقى ئەر، رويچارد ئۇ مېنى ھەممە جەھەتلەردىن قانائەتلەندۈردى، لېكىن يولدىشىمنىڭ نۇرغۇن يېتەرسىز تەرەپلىرى بار ئىدى. ئۇنىڭ يېتەرسىزلىكلىرىگە نەچچە يىلدىن بېرى چىشىمنى چىشلەپ چىداپ كېلىۋاتاتتىم، بىزنىڭ تېخى پەرزەنتىمىز يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن بىر مودا ئايال، رويچارد بىلەن خۇشاللىققا تولغان يېڭى تۇرمۇشنى باشلىسام، نېمىشقا بولمايدىكەن؟»

مېنىڭ تەكلىپىمگە ئاساسەن، ئۇ بىرقانچە مەسىلىنى ھەل قىلىشى كېرەك. تۇنجى ھەم ئەڭ مۇھىم قەدەم شۇكى، ئۇ چوقۇم ئۆزىنى ھەقىقىي چۈشىنىشى، ئۆزىنى تەسەۋۋۇرىدىكى خۇلق ـ نازى ئارقىلىق باشقىلارنى جەلپ قىلىدىغان ئايال ئورنىغا چۈشۈرۈپ

قويماسلىقى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ يەنە يولدىشى بىلەن ۋاقىتلىق ئۆي ئايرىپ تۇرۇشى، يولدىشىنىڭ خاراكتېرى ۋە ئادەم بولۇش پرىنسىپىنى يەنىمۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلىشى كېرەك، بەلكىم ئۇنىڭدا ئاز - تولا ئالاھىدىلىكلەر بولۇشى مۇمكىن. ئۇنى قايتۇرۇۋېلىش مۇمكىنمۇ؟ مەندىن ئۆزىگە تەكلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان بۇ كېلىشكەن ئايالغا مۇنداق بىرنەچچە خىل تەكلىپىم بار:

«سىز بىلەمسىز، كىشىلەر مۇھەببەتكە ئىنتىلىۋاتقان ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ئەسلىي قىياپىتىنى ئاشكارىلىمايدۇ. ئۆزىڭىزنى ئالدىماڭ، مېنىڭچە، سىز مېنىڭ بۇ گېپىمنى توغرا دەپ قارايسىز، مەسىلەن، سىز ئۆلچەملىك ئەر رويىچارد ئەپەندىم بىلەن كۆرۈشكەن ۋاقىتتا، سىز ئىنتايىن ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئۆزىڭىزنى ياخشى گەۋدىلەندۈرۈشكە، ئۆزىڭىزنى تېخىمۇ قابىلىيەتلىك ھەم ئۆتكۈر قىلىپ كۆرسىتىشكە تىرىشامسىز؟ (گەرچە سىز ئانچە ئەقىللىك بولمىسىڭىزمۇ) مىجەزىڭىزگە چەك قويالامسىز؟ (ئەمەلىيەتتە مىجەزىڭىز ناھايىتى ئەسكى) ئۆزىڭىزنى ئىنتايىن كەڭ قورساق، مۇلايىم ھەم سۆيۈملۈك كۆرسىتىشكە ئۇرۇنامسىز؟

سىز ئادەتتە ئۆيدىلا بولىسىز ياكى سىز ئىنتايىن رەتسىز ئايال (سىز ھەقىقەتەن شۇنداق)، لېكىن سىز ھەرگىز بۇنى رويىچارد ئەپەندىمگە بىلدۈرمەيسىز (تاكى ئۇنىڭ بىلەن توي قىلغانغا قەدەر)، يولدىشىڭىز سىزنىڭ بەتخەجلىكىڭىزگە نارازى (سىز ھەقىقەتەن ھەشەمەتخور)، سىز ئۇنىڭ بىلەن باغچىدا كۆنلەپ ئولتۇرۇشقا ياكى كەچتە كىنو كۆرۈشكە رازى، باشقا ھەرقانداق ئادەم بىلەن ھەشەمەتلىك زىياپەتكە بېرىشنى خالىمايدىغانلىقىڭىزنى بىلدۈرۈشكە تىرىشىسىز. لېكىن، ئەڭ مۇھىمى — يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى سىزنىڭ ئوينىغان ئويۇنىڭىز بولسا، ئۇنداقتا رويىچاردمۇ سىزگە ئوخشاش ئويۇن ئوينايدۇ!»

«سىز چىن كۆڭلىڭىزدىن قايىل بولغان بۇ ئەرنىڭ بارلىق ئىشلىرى ياكى پەقەت مەن دەپ ئۆتكەن (مۇھەببەتكە ئىنتىلىش مەزگىلىدىكى خاراكتېر)لىرى ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ (قىز ياكى ئوغۇل

بولسۇن) ھەقىقىي خاراكتېرىنىڭ دەل ئەكسى. بۇرۇنقى ئىشلارغا قاراپ باقايلى، سىز يولدىشىڭىز بىلەن توي قىلغان ئەينى ۋاقىتتا، ئۇ سىزنىڭ كۆڭلىڭىزدىكى مۇۋاپىق ئەر، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ ئەگەر 100 نومۇرنى مۇكەممەللىككە ۋەكىللىك قىلىدۇ دېسەك، ئۇ 92 نومۇر ئالالايدۇ. لېكىن سىز ئۇنىڭ بىلەن بىرنەچچە يىل ئۆي تۇتقاندىن كېيىن بۇ 92 نومۇر 78 گە چۈشكەن، بىز ھازىرچە شۇنداق پەرەز قىلىپ تۇرايلى، بۇ 78 نومۇر يەنىلا يۇقىرى ھېسابلىنىدۇ. يولدىشىڭىزنىڭ يوقاتقانلىرىمۇ ئاز ئەمەس. بۇنى بايىقى سۆزىڭىزدىن بىلگىلى بولىدۇ!»

«خوش، چوڭ مەسىلە مۇشۇ يەردە، سىز يولدىشىڭىزنى ئاللىبۇرۇن سىناپ باققان، ئۇنىڭ 100 نومۇرغا لايىق ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىسىز، لېكىن سىز باشقا ئەرنى بىلمەيسىز! ئۇ سىزگە 100 نومۇرغا لايىق ئەردەك تۇيۇلىدۇ، سىز ئۇنىڭ (مۇھەببەتكە ئىنتىلىش دەۋرىدىكى خاراكتېرى)غا قانداق توغرا ھۆكۈم چىقىرالايسىز؟ تەجرىبە سىزگە ئۇنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنىڭ ئەسلىي بۇنداق ئەمەسلىكىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. سىز قىمار ئويناشنى خالامسىز؟ سىز ھەقىقىي ئىشەنچلىك ھەم تۆۋەن دەپ كەتكىلى بولمايدىغان 78 نومۇردىن ۋاز كەچمەكچىمۇ؟ ئەكسىچە سىز ئۆزىڭىز بىلمەيدىغان يەنە بىر سانغا ئېرىشمەكچىمۇ؟ بۇ دەل سىز ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلە.»

يەنە كېلىپ بۇ مەسىلىدە، شەكىل بىلەن مەزمۇن ئوخشاشماسلىقى مۇمكىن. بىز كۆپ ھاللاردا ئۆزىمىز قارار چىقىرىشقا مەجبۇر بولىمىز، بۇ بىر ئېزىتقۇ ــ مۇھەببەتنىڭ بىزگە قۇرغان تۇزىقى! بۇ بىزنى ئومۇمەن ھاياتىمىزدىكى ھەرقانداق ئامىللاردىنمۇ بەكرەك قىينايدۇ، سەۋەبى دەل شۇنداق: بىز ئىلگىرى نۇرغۇن قېتىم ئاڭلىغان ھەم ئىشەنگەن، توي ئىشى ئۆمۈرلۈك چوڭ ئىش، تەبىئىيكى بىز تاللىغان ئۆمۈرلۈك ھەمراھىمىزنىڭ قانداق ئادەملىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشىمىز كېرەك. ئەكسىچە نۇرغۇنلىرىمىز توي كۈنى بېكىتىلگەنگە قەدەر جۈپتىمىزنى

ھەقىقىي چۈشەنمەيمىز!

چۈنكى مەن بىر خاراكتېر تەھلىل قىلغۇچى پىسخولوگ بولغاچقا، مۇھەببەت قايىنىمىغا كىرىپ كېتىۋاتقان ياشلارنىڭ ئۇيىنىغان ئويۇنلىرى، ئالدىراش ۋە ساختا ۋاستىلىرىنى كۆرگەن. مەن بىر قېتىم بىر ئائىلىدە تۇرغان ۋاقتىمدا، ئۇ ئائىلىدە ئىككى ياش قىز بار بولۇپ، ئۇلار ئىنتايىن تەبىئىي كۆرۈنەتتى. مەن يەنە ئۇلارنىڭ ئوغۇل دوستلىرىغا قىلغان مۇئامىلىسىنى كۆزەتتىم، مەن ھەيران قالغان ھالدا: «بۇ قانداق مۇمكىن بولسۇن؟» دەيتتىم. ئادەتتە ناھايىتى ئاق كۆڭۈل، كەم سۆز تاۋۋلا دىپلوماتىك تاۋۋلاغا؛ ئادەتتە ھۆرۈن ئېلىزا بولسا ئىنتايىن رەتلىك پەرىشتىگە ئايلىنىپ قالاتتى. مەن بۇ ئىككى ياشنى سۆيىقەستىنىڭ قۇربانى بولۇپ قېلىشتىن ئاگاھلاندۇرغۇم كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭمۇ ئوخشاشلا ساختا ۋاستىلىرىنى ئىشلىتىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇراتتىم. بۇگۇنگە قەدەر ئىنسانىيەت مۇھەببەتلەشكەن ۋاقىتتا مۇھەببەتكە پەرۋازسىز قارايدىغان خۇسۇسىيەتنى ئۆزگەرتەلىگىنى يوق! ئەمما، بىزنىڭ بىر قەدەر قايىل قىلارلىق يەكۈنىمىز بولۇشى كېرەك، بۇ دەل ئورتاق تەھلىل قىلىۋاتقان مەسىلە — خاراكتېرنى ئىلمىي ئانالىز قىلىش ئۇسۇلى!

سىز ھەقىقىي خاراكتېرنى ئىلمىي ئانالىز قىلغۇچىنى ئەخمەق قىلالمايسىز. مەن سىلەرگە ئېيتقان، خاراكتېر پىسخولوگلىرى كىشىلەرنىڭ چىراي ئىپادىسىنى ئىككىنچى ئورۇنغا قويىدۇ، ئەمما چىراي ئىپادىسى مۇھەببەتكە ئىنتىلىۋاتقان چاغدا ئىنتايىن مۇھىم — ئەلۋەتتە ھەم ئىنتايىن ئاسانلا ساختا قىياپەتتە بولىدۇ. بىزنىڭ تەتقىق قىلىدىغىنىمىز تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ ماھىيىتىگە يېتىش، كۆزىتىش، تەھلىل قىلىشتۇر. شۇندىلا بىز ئۇنى بىلەلەيمىز، ئەگەر بىزنىڭ تەھلىلىمىزنىڭ يەكۈنى «بۇ ئادەم ئۆزگىرىشچان بولۇپ، ئىشەنچلىك ئەمەس» دەپ چىقىرىلسا، ئۇنداقتا بىز بۇ ئادەمگە چوقۇم ئىشەنگىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلىمىز، مەيلى ئۇ (قىز ياكى ئوغۇل بولسۇن)

ھازىر ياساملىشىپ نەقەدەر ھېسسىياتچان ۋە ساداقەتمەن بولۇپ كەتسۇن. ئەگەر بىزنىڭ ئانالىزىمىزنىڭ يەكۈنى «مال ـ دۇنياغا نىسبەتەن ئىقتىدارى بەك كەمچىل» دەپ چىقىرىلسا، ئەڭ ياخشىسى ئۇنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى يەنە بىر سۈرۈشتۈرۈپ بېقىڭ، مەيلى ئۇ ھازىر پۇل خەجلەشتە بايلىقىنى قانچە ئىپادىلىگەن بولسىمۇ، مۇنداقچە ئېيتقاندا، خاراكتېر پىسخولوگىيەسى «مۇھەببەتكە ئىنتىلىۋاتقان پەيتتىكى خاراكتېرى»نىڭ ئەسلىي قىياپىتىنى ئاشكارىلاپ بېرىدۇ.

ئۆگىنىشتە بۇ خىل ئىنسانىيەت ياراتقان قىممەتلىك پەن بىلىملىرىنى داۋاملىق ئىشلىتىڭ، خانىمىڭىز ياكى مۇھەببىتىڭىزنى ئىنچىكە كۆزىتىڭ، ئۇنىڭ تېرىسى يۇمران، تەق ـ تۇرقى زىلۋامۇ؟ ــ ئۇنداقتا، سىز چوقۇم بىلىڭكى ــ ئۇ قوپال نەرسىلەرنى ياخشى كۆرمەيدۇ ــ توڭ گەپلەر ئۇنى بىزار قىلىدۇ. گەرچە سىز سۆزلەۋاتقان ۋاقىتتا ئۇ كۈلۈمسىرىگەن بولسىمۇ.

سىزنىڭ يولدىشىڭىز پائالىيەتچان ئادەممۇ؟ يەكشەنبە كۈنى ئۇ سىزنى توي ئويناشقا ئاپارماقچى بولسا، ئەڭ ياخشىسى ئۇنىڭغا بويسۇنۇڭ ياكى ئۇنىڭدىن بالىنى پات ـ پات بېلىق تۇتۇشقا ئاپىرىشنى تەلەپ قىلىڭ. سىزنىڭ قىز دوستىڭىز چىرايلىق، يۇملاق يۈزلۈك، ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرىدىغانمۇ؟ خوش، ھازىر ئۇنىڭ بەدەن قۇرۇلۇشى ناھايىتى ئەۋرىشىم بولسىمۇ، لېكىن سىز يەنىلا كەلگۈسىدە بىر سېمىز ئايالىڭىزنىڭ بار بولىدىغانلىقىغا ئىدىيەڭىزدە تەييارلىق كۆرۈپ قويۇڭ. ئەگەر ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىش ئويىڭىز بولسا.

لېكىن، بىز بۇ خىل ئىشلىتىش ئورنى ناھايىتى كۆپ بولغان خاراكتېر ئانالىز ئۇسۇلىدىن ئىبارەت بۇ قورالدىن پايدىلىنىپ ھەر تەرەپلەردىن كۆزىتىپ باقايلى. سىزنىڭ يۈزىڭىز كۆپۈنچە شەكىللىك، پىكىر قىلىش ۋە ھەرىكىتىڭىز تېزمۇ؟ ئۇنداقتا، سىز پىكىر قىلىشى سىزگە ئوخشاش چاققان، ئەمما ھەرىكىتى سەل تەمكىن، سالماق ئادەمنى تاللىماقچى بولىسىز، سىز قايسى خىل

توسالغۇ كۆچىنى ھېس قىلىسىڭىز، ئۆزىڭىزنىڭ ئاسان ھاياجانلىنىدىغان مىجەزىڭىزنى ئۆزگەرتىسىز. سىزنىڭ كۆزىڭىز پۇلتىيىپ چىققانمۇ؟ سۆزلەشنى ياخشى كۆرەمسىز؟ ئەگەر قارشى تەرەپمۇ مۇشۇنداق ئادەم بولسا، ئۇنداقتا سىز قەدىمىڭىزنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئېلىڭ، سىلەر ئىككىڭلارلا گەپ تالىشىپ قېلىشىڭلار ھەم شۇ سەۋەبتىن ئىناقلىقىڭلار بۇزۇلۇشى مۇمكىن.

بۇ قەدىمىي ھەم ئىخچام ئېنىقلىما «ئېلىپ بەر»گە يىغىنچاقلىنىدۇ، بۇ قەدىمىي ھەم ئاددىي ئېنىقلىمىغا سەل قارىماسلىق كېرەك. كەچكى قۇياش ھەر كۈنى كىشىنىڭ ئىچىنى ئېچىشتۇرۇپ غەربكە پېتىپ كېتىدۇ.

ھەقىقىي نىكاھ خۇددى گۆش بىلەن مايدەك بىر ـ بىرىگە سىڭىشىپ كېتىدۇ. ئۆمۈرلۈك ھەمراھىڭىزغا بولغان ھەقىقىي ئېھتىياجىڭىز، بىردەملىك ھاياجانلىنىش، بىردەملىك خۇشاللىققا ئېرىشىش ئەمەس، ئۇ سىزنى كەمچىلىكتىن خالىي قىلىپ، ئارتۇقچىلىقىڭىزنى تېخىمۇ جارى قىلدۇرىدۇ. سىزنىڭ ئۇنىڭغا بىر يىللىق ئەمەس، بەلكى ئۆمۈرلۈك ئېھتىياجىڭىز چۈشىدۇ.

بۇ خىل ئىلمىي خاراكتېر ئانالىزى مۇھەببەتكە ئىنتىلىش مەزگىلىدىكى بىر ئادەمنىڭ ھەقىقىي خاراكتېرىنىڭ نىقابىنى ئېچىپ بېرىدۇ. ئوخشاشلا بارلىق ساختا نىقابلارنىمۇ ئاشكارىلىۋېتىدۇ.

ئۆزىڭىزدىكى يوشۇرۇپ قالغان نىقابلىرىڭىزنى يىرتىپ تاشلاڭ. ئالدامچى ياكى مەنمەنچىلەرنىڭ نىقابىنى يىرتىپ تاشلاڭ، خۇشامەتچىلەرنىڭ چىرىك نىقابلىرىنى يىرتىپ تاشلاڭ.

«مەن توي قىلماقچى!» بۇ سۆزنى دېيىش ئۈچۈن كۆپ ۋاقىت كەتمەيدۇ ــ لېكىن ئېسىڭىزدە بولسۇن، ئۇ ناھايىتىمۇ ئۇزۇن گەپ.

مەلۇم ئاخشىمى، قارتا ئوينىلىۋاتقان جوزىدا، تۇرمۇش قۇرۇشقا قانداق ماسلىشىش مەسىلىسى ئوتتۇرىغا چىقتى، ئۇزاق ئۆتمەي تالاش ـ تارتىش باشلاندى، نەتىجىدە، ئۇ ئاخشامقى قارتا

ئويناشنىڭ داۋامى چىقمىدى. قارتا ئويناۋاتقانلارنىڭ ئارىسىدا 35 ياشلىق بىر بويتاق ھەم ئىرىدىن ئاجرىشىپ كەتكەن ئىككى ئايال بار ئىدى. ئارىسىدىكى بىرى ئىنتايىن چىرايلىق، ئاق يۈزلۈك بولۇپ، ئۇ ئىغىر - بېسىقلىق بىلەن ئۇلارنىڭ نىكاھىنىڭ بۇزۇلۇشىدىكى سەۋەبىنىڭ ئۇنىڭ تىرىسى ناھايىتى ئاق بىر ئەرنى تاللاپ توي قىلغانلىقىدا ئىكەنلىكىنى، ئاجرىشىپ كەتكەن يولدىشى تەن ساپاسى جەھەتتىمۇ ئۇنىڭ بىلەن ئوخشاش بولۇپلا قالماي، يەنە مىجەزىنىڭمۇ ئوخشاش ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتتى.

ئۇ: «بۇ خۇددى ئۆزۈم بىلەن ئۆزۈم توي قىلغانغا ئوخشاش، مەن ئەزەلدىن بۇنداق ئازابلىنىپ باقمىغان» دېدى.

بۇ نۇقتىدا، ئاجراشقان يەنە بىر ئايالنىڭ پىكرى تامامەن ئوخشاش بولمىدى، ئۇ بىر قوڭۇر تەنلىك بولۇپ، ئاق تەنلىك، تەن ساپاسى جەھەتتە ئۆزى بىلەن قارىمۇقارشى بولغان ئەر بىلەن توي قىلغان، نەتىجىدە ئوخشاشلا بەختسىز بولغان، ئۇنىڭ تۇرمۇشى نادامەت ئىچىدە ئۆتكەچكە، بەرداشلىق بېرەلمىگەن. ئۇ مىجەز-خاراكتېر ئۆزئارا ماس كېلىدىغانلار ئاندىن ئىناق ئۆتۈپ كېتەلەيدۇ، دەپ قارىدى، يولدىشى ئۆيدە بەش مىنۇت ئولتۇرالمايدىكەن، قايناق سورۇنلارغا بېرىشقا، بولۇپمۇ ناخشا - ئۇسسۇللارنى كۆرۈشكە ئامراق ئىكەن، ئەمما ئۇ ئايال قارتا ئويناشنى ياخشى كۆرىدىكەن. بۇ ئايال: «مەن كىتاب ئوقۇشقا، مۇزىكا ئاڭلاشقا ھەم شېكىسپىرنىڭ دىراملىرىنى كۆرۈشكە ئامراق، دەسلەپتە ئامالسىز ئۇنىڭ بىلەن چىققان، لېكىن بىر ئايدىن كېيىن ئۆيدە قېلىپ ئارام ئېلىشنى قارار قىلدىم» دېدى.

ئەمەلىيەتتە تېخىمۇ قىزىقارلىق بولغىنى، ئۇلار بىلەن قارتا ئويناۋاتقان ھېلىقى بويتاق مەسىلىنىڭ نېگىزىنى چۈشەنگەندەك قىلىپ: «گەرچە مېنىڭ سۆز قىلىش سالاھىيىتىم توشمىسىمۇ، دەپ باقاي، ئىككىلىڭلارنىڭ توغرا ئەمەس، مەن تېخى توي قىلمىدىم، مەن ئېنىق بىلىمەن، ئەگەر مەن توي قىلماقچى بولسام، چوقۇم مۇنداق بىر قىزنى تاللايمەن: ئومۇمەن، مەن ياخشى كۆرگەن

نەرسىنى ئۇمۇ ئوخشاش ياخشى كۆرۈشى، ئەمما ئۇنىڭ يەنە ئازراق ماڭا ئوخشاشمايدىغان تەرەپلىرى بولۇشى لازىم، مانا بۇ ئىككى ئۇقتا ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تەڭپۇڭلۇقنى ساقلىيالايدۇ. مەن ئۇنىڭ مەن ھەۋەس قىلغان نەرسىلەرگە ھەۋەس قىلىشىنى، ئىككىمىزنىڭ ئورتاق ھۇزۇرلىنىشىمىزنى، ئەمما ئۇنىڭدىن باشقا، مەن يەنە ئۇنىڭ مەن ئانچە بىلىپ كەتمىگەن ئىشلاردا مەندىن چېۋەررەك بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى.

سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن ئۇ يەنە ئازراق ناماقۇل بولغاندەك كۈلۈپ قويدى. «بەلكىم سىز مېنىڭ تەلىپىمنى بەك قاتتىق ئىكەن دېيىشىڭىز مۇمكىن، لېكىن مەن ھەقىقەتەنمۇ شۇنداق ئويلايمەن. مەن ئۇنىڭ مېنى باشقۇرۇشىنى، بەك ئىسراپخورلۇق قىلماسلىقىنى، ماڭا مېنىڭ كىرىمىمدىن ئارتۇق چىقىم قىلدۇرماسلىقىنى، مەن بىلەن بەكلا كارى بولماي قالماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمەن، ئۇنداق بولمىسا بىز پارچىلىنىمىز. ئەلۋەتتە، مەن ئۇنىڭ پىخسىق بولۇشىنى خالىمايمەن.»

ھا، ھا، يۈز بەرگەن بۇ ئىشلارغا نىسبەتەن، بۇ تەجرىبىسىز بويتاق ھەقىقەتەن توغرا سۆزلىدى. ئەگەر ھەممە ئادەمنىڭ كۆز قارىشى ئۇنىڭ كۆزقارىشىدەك بولسا، ھەرقايسى دۆلەتلەردە ئاجرىشىش نىسبىتىمۇ بۇنچىلىك كۆپ بولمىغان بولاتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە مىليونلىغان ئادەم ئۆمۈرلۈك ھەمراھ تاللىغان ۋاقتىدا، تىراگېدىيەلىك سەۋەنلىك ئۆتكۈزمەيتتى. چۈنكى شۇنى ئۇنتۇماڭكى، بەش بىر جۈپنىڭ ئىچىدە ئىككىسى مەغلۇپ بولغۇچى، نىكاھتىن ئاجراشقانلارنىڭ سانى پەقەت بۇگۈنكى زاماندىكى كۆڭۈلدىكىدەك بولمىغان نىكاھ ھادىسىلىرىنىڭ ئىسپاتىلا، خالاس. ئۇلار يەنە ئەر - خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتىنى داۋاملاشتۇرماقتا، چۈنكى ئىقتىساد ئۇلارنىڭ ئايرىلىشىغا يول قويمايدۇ. بەش جۈپ ئىچىدە، ئۈچ جۈپنىڭ ھەقىقىي خۇشاللىق ئامىللىرى كەمچىل، ئىككى جۈپى ئەمدىلا توي قىلىشقا پۈتۈشكەن ۋاقتىدىلا بەزى يېتەرسىزلىك ئاشكارىلانغان، ئەمەلىيەتتە ئەينى

ۋاقىتىدىلا توي قىلماسلىقى كېرەك ئىدى.

**سىزنىڭ كۆزلىرىڭىز پولتىيىپ چىقىۋاتامدۇ، سۆزلەشكە ئامراقمۇ سىز؟ ئەگەر قارشى تەرەپمۇ مۇشۇنداق بولسا، ئۇنداقتا سىز ئېھتىيات قىلىڭ. ئىككىڭلار گەپ تالىشىپ قېلىشىڭلار ھەم شۇ سەۋەبلىك ئىناقلىق بۇزۇلۇشى مۇمكىن.**

ئۇلار بىر ـ بىرىگە پۈتۈنلەي ماس كەلمەيدۇ. ئۇلارنى ئۇزاق ۋاقىت بىر يەرگە قويۇپ قويغاندا، خۇددى ئاسان ئوت ئالىدىغان ئىككى خىل خىمىيەلىك ماددىنى بىر يەرگە قويۇپ قويغاندەك ئىش بولىدۇ، سەرەڭگە ياقسىلا خىمىيەلىك ماددىلار ئۇزۇن ئۆتمەي پارتلايدۇ. خىمىيەلىك ماددىلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ كۆيۈشى ئاستا بولىدۇ، نارازىلىق، ئۆچمەنلىك، ھېسسىيات جەھەتتە يىرىكلىشىش كۆرۈلىدۇ.

بىز ئالدى بىلەن ياخشى كۆرۈش بىلەن ئۆچمەنلىك مەسىلىسىنى تەھلىل قىلىپ باقايلى، بۇ ناھايىتى روشەن، ئىشىنىمەنكى، ئەگەر سىز ئۆزىڭىز بىلەن ئوخشاش مىجەزلىك ئادەم بىلەن توي قىلسىڭىز، نەتىجىسى چوقۇم بەك ئادەتتىكىدەكلا بولۇپ قالىدۇ. سىزنىڭ ئارتۇقچىلىقىڭىز ھەمراھىڭىزدىمۇ بولسا، ئۇ تېخىمۇ كۈچىيىدۇ. لېكىن سىزدىكى بۇ ئالاھىدىلىك بۇرۇندىن تارتىپ ياخشى جارى قىلدۇرۇلغان. يەنە بىر تەرەپتىن، سىزدە يېتەرسىزلىك تېخىمۇ ئېغىرلاپ كېتىدۇ. دەل مۇشۇ يېتەرسىزلىك، ئاجىزلىقلار بىزنىڭ ھاياتىمىزغا ھەقىقىي ئاۋارىچىلىك تېپىپ بەرگۈچى ئامىللاردۇر. چۈنكى سۇيى بار يەرنىڭ ئوتى يوق، ئوتى بار يەرنىڭ سۇيى يوق.

«تەن ساپاسى ۋە خاراكتېرى ئەكسىچە بولغان ئىككى ئادەم توي قىلسا تېخىمۇ كۆڭۈللىكدەك بولىدۇ» دەيدىغان يەنە بىر قاراش بار بولۇپ، بۇمۇ ئوخشاشلا خاتادۇر، بۇ ئىنتايىن روشەن خاتالىق، ناۋادا سىز لوگىكىغا ئاساسەن يەكۈن چىقارغان بولسىڭىز، بۇ خىل

نەزەرىيەگە ئاساسەن، بىز تېرىسى يۇمران، سەزگۈر، غايىلىك، خۇش چىراي، كېلىشكەن ياش ئايالغا شۇنى ئاگاھلاندۇرىمىزكى، تېرىسى يىرىك، ئۆڭى قارا قارام ئەرگە تەگسە، بۇ تولىمۇ قاملاشمىغانلىق، شۇنداقمۇ؟

ئۇنداقتا، خوش! توغرا جاۋاب نېمە؟ مۇۋاپىق يەكۈن بولسا: ئەگەر سىز ئىككى ئادەمنىڭ تاماق، ياتاق، خىزمەت، ئويۇن - تاماشا، يەنى ئىككىڭلارنىڭ تۇرمۇشىنى پىلانلىسىڭىز ھەم قېرىغىچە بىللە ياشاشنى ئويلىسىڭىز، ئۇنداقتا ئىككىڭلار چوقۇم ئۆزئارا يېقىن كېلىدىغان ئورۇندا بولۇشۇڭلار، ئەكسىچە ئورۇندا بولماسلىقىڭلار كېرەك. توغرىسى يەنىلا «ئىناقلىق».

ئۆمۈرلۈك ھەمراھىڭىزغا بولغان ھەقىقىي ئېھتىياجىڭىز بىردەملىك ھاياجانلىنىش، بىردەملىك خۇشاللىققا ئېرىشىش ئەمەس، بەلكى ئۇ سىزنى كەمچىلىكتىن خالىي قىلىپ، ئارتۇقچىلىقىڭىزنى تېخىمۇ جارى قىلدۇرىدۇ. سىزنىڭ شۇ ئادەمگە بىر ئايلىق ياكى بىر يىللىق ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭغا ئۆمۈرلۈك ئېھتىياجىڭىز چۈشىدۇ.

بىز يىمخسىق بىلەن ھەشەمەتخورنىڭ بىرلىشىشىنى ھەم تەۋەككۇلچى بىلەن ئائىلىسىنى سۆيىدىغان، مۇلايىم، ئېھتىياتچان قىزنىڭ بىرلىشىشىنىمۇ ئۈمىد قىلمايمىز، يەنە بىر جەھەتتىن ئېنتايىن پىخسىق ئادەم بىلەن پىخسىقلىقتا ئۇچىغا چىققان ئادەممۇ ئىناق ئۆتەلمەيدۇ.

نۇرغۇن نىكاھلارنىڭ ھەممىسى خاتا ھۆكۈمدىن پەيدا بولغان ھەمدە بۇنى قەلبىنىڭ پاسسىپ كۈچى شەكىللەندۈرگەن. مۇزىكا ئوقۇتقۇچىسى تاياقچە ئارقىلىق دىرىژورلۇق قىلىپ ئىناقلىقنى تەكىتلەيدۇ، نىكاھ ئىشىدا بىزنىڭمۇ ئىزدەيدىغىنىمىز چوقۇم مۇشۇ نىشاندۇر.

سىز ئوخشاش ئاۋاز بەلگىسى ئارقىلىق ئىناقلىققا ئېرىشەلمەيسىز! ئوخشاش ئاۋاز بەلگىسىدىن ئىنتايىن ئاز ئىناقلىق

مېلودىيەسى ياڭرايدۇ، ئەكسىچە بولغان ئىككى ئاۋاز بەلگىسى ئارقىلىقمۇ ئىناقلىق كۈيىنى ياڭرىتالمايسىز، ئىناقلىق كۈيىنىڭ تاماملىنىشى ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل ئاۋاز بەلگىسى بىلەن ئوخشاش بىر ئاھاڭ شەكىللەندۇرۇش، ئۇلارنىڭ چوقۇم ئوخشاش بولمىغان ئاۋاز بەلگىلىرى بولۇشى، توپتىن ماسلىشالمايدىغان ئاۋاز بەلگىسى بولماسلىقى كېرەك.

ئەگەر تالاش ـ تارتىش بېسىقمايدىغان نىكاھ مەسىلىلىرىنى بىر فورمۇلا قىلغىلى بولسا، يۇقىرىدا دېيىلگەن گەپلەر دەل ئۇنىڭ فورمۇلاسى بولىدۇ. ئەلۋەتتە، تۇرمۇش قۇرۇشتا ماسلىشىش مەسىلىسى ئۇستىدە يەنە نۇرغۇن نەرسىلەرنى سۆزلەشكە بولىدۇ: ئەمما مېنىڭ سۆزلىگەنلىرىمنى ئېسىڭىزدە چىڭ تۇتۇڭ، كۆڭۈلدىكىدەك بولمىغان كۆپ ساندىكى نىكاھلار، ئەڭ دەسلەپ خاتا ھۆكۈم قىلغانلىقنىڭ نەتىجىسى. بىر تەرەپتىن ئۇلار چوڭقۇر مۇلاھىزە قىلمىغان، ئۇلار ئۆزلىرىنى چۈشەنمىگەن، شۇڭا ئۆز ھەمراھىنى تاللاشتا تولۇق تەييارلىق قىلالمىغان؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇلار تونۇش ھاسىل قىلغان ۋاقىتتا بىر ـ بىرىنى ئالدىغان.

ئەگەر مېنىڭ باشقۇرۇش ھوقۇقۇم بولسا ياكى تەسىر قىلغۇدەك كۈچۈم بولسا، توي خېتى تارقاتقان ۋاقىتتا، مەن چوقۇم بىر قائىدە تۇرغۇزاتتىم، ئۇ بولسىمۇ ھەربىر چاي ئىچۈرۈلگەن ياش توي خېتى ئېلىشتىن بۇرۇن چوقۇم بىر تەجرىبىلىك خاراكتېر پسىخولوگىدىن مەسلىھەت ئېلىشى ھەم شۇنداقلا دوختۇرنىڭمۇ مەسلىھەتىنى ئاڭلىشى كېرەك.

ئالىم فودىك مۇنداق دېگەن: «مەغلۇپ بولغىنى نىكاھ ئەمەس، بەلكى كىشىلەرنىڭ ئۆزى.» بارلىق نىكاھ پەقەت كىشىلەرنىڭ ياخشى ـ يامانلىقىنى ئېچىپ بېرەلەيدۇ، خالاس.

ئەمەلىي پوزىتسىيەدە تۇرۇپ يىغىنچاقلىساق، بىز قانداق قىلغاندا ئىناقلىققا ئېرىشەلەيمىز؟ قانداق قىلغاندا هازىرقى مۇشۇنچىۋالا كۆپ كۆڭۈلسىز نىكاھلاردىن ساقلىنالايمىز؟ ئەلۋەتتە،

دۇنيادا مۇتلەق مۇكەممەللىك بولمايدۇ، لېكىن، مەن ھەقىقەتەن بىزنىڭ تېخىمۇ ئىناق يولدا ماڭالىشىمىزغا ئىشىنىمەن، ناۋادا بىز ئاددىي ساۋاتلاردىن پايدىلىنالىساقلا.

**ئىلمىي خاراكتېر ئانالىزى مۇھەببەتكە ئىنتىلىش مەزگىلىدىكى بىر ئادەمنىڭ ھەقىقىي خاراكتېرىنىڭ نىقابىنى ئېچىپ بېرەلەيدۇ. ئوخشاشلا يەنە بارلىق ساختا نىقابلارنى ئېچىپ تاشلايدۇ.**

ئەمدى بىزنىڭ فورمۇلايىمىز بار بولدى، بۇ بىزدىن بۇ مەسىلە ئۈستىدە كۆپرەك كۈچ سەرپ قىلىپ پىكىر قىلىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. سىز تېرىسى ناھايىتى ئاق كەلگەن ئادەممۇ؟ ئۇنداقتا تېرىسى ناھايىتى قارا كەلگەن ئادەم بىلەن توي قىلسىڭىز بولمايدۇ، ئالدىنقى بىر بابتا تېرىسى ئاق كىشىلەرنىڭ ئاسان ئۆزگىرىدىغان، يېڭى ئېقىمنى ياخشى كۆرىدىغان، ئاسان باشقىلار بىلەن چىقىشالايدىغان، خۇشخۇي ھەم ئاسان ھاياجانلىنىدىغانلىقىنى سۆزلەپ ئۆتكەنىدۇق؛ ئەگەر ئۇنى پاسسىپ، چىدامچان، تېرىسى ناھايىتى قارا كەلگەن ئادەم بىلەن ئۇچراشتۇرسىڭىز، ئۇ چوقۇم ئاچچىقلىنىپ بىزار بولىدۇ. تېرىسى ناھايىتى ئاق ئادەم بىلەن تېرىسى قارىراق كەلگەن ئادەم توي قىلىشى كېرەك. يەنە بىر تەرەپتىن، تېرىسى ناھايىتى قارا كەلگەن ئادەم بىلەن تېرىسى ئاقراق ئادەم توي قىلىشى، تېرىسى بەكلا ئاق ئادەم بىلەن توي قىلماسلىقى كېرەك.

چۈشەندىڭىزمۇ؟ بىزنىڭ تەلەپ قىلىدىغىنىمىز تەڭپۇڭلۇق، ئىزدەيدىغىنىمىز بولسا ئوخشاشماسلىق، ئەكسىچە بولغان ئاۋاز بەلگىسى ئەمەس.

سىز دانىشمەن تىپىدىكى ئادەممۇ؟ پېشانىڭىز ئېگىز ھەم كەڭ، بەدىنىڭىز ۋىجىكرەكمۇ؟ ئۇنداقتا، ئاداققىچە بولغان خۇشاللىقىڭىز ئۈچۈن ھەرگىز يەنە بەدەن ساپاسى ئاجىز بىرەيلەن بىلەن توي قىلماڭ، توي قىلغاندىن كېيىن ناھايىتى سىلىق ـ

سىپايە ھەم ئىلمىي تۇرمۇش كەچۈرەلىسەڭلارمۇ، ئۇنداق بىرىكىشتە جۇشقۇن ھاياتىي كۈچ كەمچىل بولۇپ، تۇغۇلغان پەرزەنتلەرنىڭ بەدەن ساپاسى تېخىمۇ ئاجىز بولىدۇ. ئىنتايىن ئەقىل ـ پاراسەتلىك ئادەم چوقۇم ئەقىللىك ھەم پائالىيەتچان ياكى ئەقىللىك ھەم ھاياتىي كۈچكە تولغان ئارىلاشما تىپتىكى ئادەم بىلەن توي قىلىشى كېرەك. بۇ ناھايىتى ياخشى بىرلىشىش، بۇ خىل بىرلىشىش كۆڭۈلدىكىدەك خۇشاللىق پەيدا قىلىپلا قالماي، بەلكى يەنە تۇغۇلغان پەرزەنتلەرمۇ ناھايىتى سۈپەتلىك بولىدۇ.

ھازىر بىز يەنە باشقا بىر تەرەپتىن — تېرىسى ۋە چىراي ئالاھىدىلىكى بويىچە بۇ مەسىلىنى كۆزىتىپ باقايلى. گېزىتلەردە بەزىدە داڭ چىقارغان مەلۇم قىز بىلەن توپ ئەترىتىدىكى زەربىدار ياكى داڭلىق تەنھەرىكەتچىنىڭ توي قىلىدىغانلىق خەۋىرىنى چوڭ خەتلىك قىلىپ بېسىپ چىقىرىدۇ، بۇ خىل بىرلىشىش سىزچە قانداقراق؟ ھا، ھا، ھا، جاۋابى ئىنتايىن ئاددىي: «بولمايدۇ! پەقەت قىزمۇ قوپال ھەم ئوچۇق چىراي بولسا بولىدۇ ياكى ئىككىڭلارنىڭ مىجەزىڭلارنىڭ ھەقىقىي ماس كېلىدىغانلىقىنى جەزملەشتۈرەلىسىڭىز بولىدۇ. «ئەگەر تېرىڭىز يۇمران، چاچلىرىڭىز ناھايىتى يۇمشاق، بەش ئەزايىڭىز قاملاشقان، بويىڭىز زىلۋا بولسا، ئېھتىيات قىلىڭكى، قوپال ھەم قاۋۇل ئەر بىلەن توي قىلماڭ. تەبىئەت بەلكىم بۇ ئىككىسىنىڭ بىرىكىشىنى خالىشى مۇمكىن، ئەمما مەدەنىيەت ھەم ئائىلىنىڭ ئىناقلىقىمۇ نەزەرگە ئېلىنىشى كېرەك. بۇنداق ھەمراھلار ياكى چىركاۋ، ياكى ئادەتنى ئېتىراپ قىلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە تۇغۇلغان پەرزەنتلىرىمۇ ئادەتتە ساغلام بولىدۇ، سۈپەتلىك تۇغۇشنى تەتقىق قىلغۇچىلار بۇنى ناھايىتى قوللايدۇ. لېكىن بۇ خىل بىرىكىشكە كۆپ بەدەل كېتىدۇ، ئائىلىنىڭ گۈزەللىكى پۈتۈنلەي يوقىلىدۇ. مەنمۇ سىزنىڭ قەغەزدەك ئاق ئادەمنى ئەر قىلىپ تاللىشىڭىزنى قوللىمايمەن، ئۇمۇ سىزگە ئوخشاشلا نازۇك ئادەم! لېكىن سىزگە شۇنى ئېنىق دەيمەنكى، بەك قوپال ياكى بەك نازۇك ئەر بىلەن توي قىلماڭ، سىزدىن قىياپىتى

قوپالراق كەلگەن ئەر بىلەن ـــ سىلەرنىڭ بىرىكىشىڭلارنى تېخىمۇ چىڭىتالايدىغان ئەر بىلەن توي قىلىڭ. ئەگەر سىز قوپال ئەر بولسىڭىز، سىزمۇ ئۆزىڭىزدىن نازۇكراق كەلگەن ئايالنى تاللاڭ، ئەگەر سىز شوخ، تەنتەك، قىزغىن قىزنى ئالسىڭىز، ئۇنداقتا سىز غايە، مەدەنىيەت، نەپسىلىك ھەم سەنئەتتىن قانداق ھوزۇرلىنىشنى مەڭگۈ بىلمەيسىز، يەنە بىر تەرەپتىن، ئەگەر سىز تېرىسى يۇمران، ئۆزى گۈزەل ئايالنى تاللىسىڭىز، ئۇنىڭغا يېقىنلىشالمايسىز، تەق ـ تۇرقى قوپالراقنى تاللىسىڭىز، ئۇ سىزگە ئەڭ مۇۋاپىق.

سىز ياخشى كۆرىدىغان ھەمراھىڭىز ئۆيدە ئولتۇرۇشنى ياخشى كۆرىدىغان، ئائىلە تۇرمۇشىنى سۆيىدىغان بولسىچۇ؟ ئۇنداقتا، ئۆيدە ئولتۇرۇشنى خالايدىغان ئەڭ ئۆلچەملىك ياخشى ئاتا ـ ئانا تېپىدىكى ئادەمنىڭ بېشىنىڭ ئارقا تەرىپى يۇمىلاق، تولغان بولىدۇ. بۇنداق ئادەم مەڭگۈ ساداقەتمەن، ئائىلىسىنى ۋە پەرزەنتلىرىنى سۆيىدىغان ئادەمدۇر.

سىز مالىيە ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا ماھىر، پۇل يىغالايدىغان ئەركەكنى ئۆزىڭىزگە جۆپ قىلىپ تاللاشنى خالامسىز؟ ئۇنداقتا، خانقىز، ئوغۇل دوستىڭىزنىڭ چېكە چاچ قىسمىغا دىققەت قىلىپ قاراڭ، مۇشۇ قىسمى قانچە كەڭ بولسا ئۇنىڭ پۇل يىغىش ئىقتىدارى شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ.

سىزگە چاپلىشىۋالىدىغان ئادەمنىڭ چوقۇم مۇسكۇللىرى يۇمشاق؛ يەنە سەيلە قىلىشنى ياخشى كۆرىدىغان، سىز بىلەن ھەرقانداق جايغا بېرىشنى خالايدىغان قىزنىڭ چوقۇم تېرىسى ئاق، ئۆزى پائالىيەتچان.

سىز غەيرەتلىك ئادەمنى ياخشى كۆرەمسىز؟ ئۇنداقتا بېشى ئېگىز ئادەمنى تېپىڭ. ئېڭىكى ئۇزۇن چىقىپ تۇرغان، بۇرنىنىڭ ئاستى قىسمىدىن ئېغىزىغىچە بىر تال چوڭقۇر سىزىقچە بار ئادەممۇ بولىدۇ. لېكىن مەيلى قىز ياكى ئوغۇل بولسۇن، ئېھتىيات قىلىش كېرەككى، لېۋى توم، بېشىنىڭ ئارقىسى چوڭ، بويىنى گۆشلۈك، قاپىقى قېلىن ھەم گۆشلۈك ئادەملەردىن پەخەس بولۇڭ.

بۇ خىلدىكى ئادەم نەپسانىيەتچى، شەخسىيەتچى كېلىدۇ، سىز ھەرگىز بۇنداق ئادەم بىلەن بىر ئۆمۈر بىللە ئۆتۈشنى خالىمايسىز.

مەيلى نېمە ئىش قىلماڭ، ھەرگىز ئۆزىڭىزنى ئالدىماڭ. ھەمراھ تاللاشتا تېخىمۇ شۇنداق، ئۆزىڭىزنى ئوبدان چۈشىنىڭ. تاشقى قىياپىتىڭىزنى ھەقىقىي خاراكتېرىڭىز بىلەن ئايرىۋەتسىڭىز، تاشقى قىياپەتنىڭ ئاساسەن ئاڭسىز بولىدىغانلىقىنى بىلەلەيسىز، مەسىلەن، سىز ئۆزىڭىزنى ئەقىل ـ پاراسەتلىك دەپ قارىشىڭىز مۇمكىن، بۇ سىزنىڭ «مەنمەنچىلىكىڭىز»نى ئاشۇرۇشقا ياردەم بېرىدۇ. سىز ياكى تاشقى قىياپىتىڭىزنى ناھايىتى تەبىئىي ئىپادىلىسىڭىز، ئەقىل ـ پاراسەتلىك ھەمراھ تاپالىشىڭىز مۇمكىن، ئەمەلىيەتتە سىز بىر پائالىيەتچان ئادەم، بەلكى ئەقىل ـ پاراسەتلىك ئادەم ئەمەس، بۇ خىل يوشۇرۇن قاراش ئاڭسىز ھالدا ئۆز ـ ئۆزىنى ئالداشتۇر، پەقەت خاراكتېر ئانالىز ئۇسۇلىلا ھەقىقىي ماھىيىتىنى بايقىيالايدۇ.

مەيلى توي قىلمىغان ئوغۇل ياكى قىز بالا بولسۇن ياكى توي قىلغان ئەر ـ ئاياللار بولسۇن ھازىردىن باشلاپلا تۇرمۇشنى پىلانلىق ئۆتكۈزۈشكە ئىرادە باغلىمايدۇ. مۇشۇنداق بولسا، تۇرمۇش سىزنى كونترول قىلىۋالىدۇ. سىز بىلىسىز، تۇرمۇش جىددىي قايناملا تولغان بىر ئەزىم دەريا. پىلانسىز ئادەم، خۇددى سۇدىكى جىددىي ئېقىن تەرىپىدىن سۇدا ئالدى ـ ئارقىغا ئايلىنىپ ئاقىۋەت چۆكۈپ كېتىدىغان ياغاچقا ئوخشاش كۆزدىن غايىب بولىدۇ. پىلانلىق ئادەم ئالغا قاراپ كېتىۋاتقان كېمىگە ئوخشايدۇ. شىددەتلىك جىددىي ئېقىن كېلىپ ئۇرۇلسىمۇ ھېچقانچە تەسىر قىلالمايدۇ. باتۇرلۇق، قابىلىيەت يۇقىرى ئېقىنغا قاراپ ئىلگىرىلەيدۇ. ئېقىننىڭ تۆۋەن تەرىپى مەغلۇبىيەت، يۇقىرى تەرىپى خۇشاللىق. سىز قايسى يولدا مېڭىشنى خالايسىز؟

# يىگىرمە تۆتىنچى باب

## باي بولۇشنىڭ ئالتە قەدەم ـ باسقۇچى

ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز يەنە ئالدىمايلى. ئەمەلىيەتتە، نۇرغۇن ئادەم كۆڭلىدە ئېتىراپ قىلىدۇ، بىز پەقەت پۇل ئۈچۈنلا خىزمەت قىلىمىز. ئوچۇق دېگەندە، ھازىرقى خىزمىتىمىنى قىلىشنى خالايدىغانلىقىمدا ئىككى چوڭ سەۋەب بار: (1) مەن بۇ خىزمەتنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرىمەن؛ (2) بۇ ئارقىلىق مەن خېلى يۇقىرى كىرىمگە ئىگە بولىمەن. بۇ بولسا ھەرقانداق ئىشنى قىلىشتا ئەرزىيدىغان ئىككى تۈرلۈك سەۋەب.

ناۋادا يېتەرلىك تاماق ھەم كىيىم ـ كېچەك بولسا، نۇرغۇن ئادەم ئەسلا خىزمەت قىلمىغان بولاتتى. بوش ۋاقتىمىزنى كىتاب ئوقۇشقا، ئويۇن ـ تاماشا ھەم سەيلە ـ ساياھەتكە سەرپ قىلاتتۇق. ئۆزىنىڭ خىزمىتىنى ھەقىقىي سۆيىمەن دېگۈچىلەر، ئەگەر بۇ خىزمەت ئۇلارنىڭ كىيىم ـ كېچەك ھەم تاماقتىن ئىبارەت بۇ ئېھتىياجىنى قاندۇرالمىغان بولسا، ئۇلار بەلكىم خىزمەتتىنىڭ مۇھىملىقىدىن گۇمانلانغان بولاتتى. ئېنىق ئېيتقاندا، ھەربىر ئادەم پۇل ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن خالىي بولالمايدۇ.

شۇڭا، بىز ئالدىدىمۇ پۇل مەسىلىسىنى سۆزلەپ ئۆتكەنىدۇق. بىر ئادەمنىڭ پۇل تېپىش ئىقتىدارىغا، باي ئىكەنلىكىگە قانداق ھۆكۈم قىلالايسىز؟ بۇ خىل ئىقتىدارنى قانداق جارى قىلدۇرالىغىلى بولىدۇ؟ ئائىلىڭىزنىڭ كەلگۈسى ئىقتىسادىنىڭ مۇقىم بولىدىغانلىقىغا قانداق كاپالەتلىك قىلالايسىز؟ — بۇلار بۇ باپتا سۆزلىمەكچى بولغان بىرقانچە مۇھىم نۇقتىلار. ئىنچىكە

ئويلاپ كۆرۈڭ، سىز پۇل تېپىش تورغۇن خاراكتېر ئانالىزىنى ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ چىقىش نۇقتىسى ئىكەنلىكىنى بايقايسىز، بۇ كىتابىمىنىڭ ئەسلىي ئىسمى «ئىقتىدارىڭىزنى مۆلچەرلەڭ ھەم كىرىمىڭىزنى ئاشۇرۇڭ.»

مەن پۇل تېپىش تالانتى توغرىسىدىكى قىزىقارلىق ئىشلارنى بايقىدىم. سىز ئىلگىرى «مال ــ دۇنيا رەزىللىكنىڭ مەنبەسى»دېگەن گەپنى ئاڭلىغانمۇ؟ بۇ گەپ «ئىنجىل»دا ئېيتىلغان. ھېكمەتچىلەر تەرىپىدىن بۇرمىلانغان. ئەمەلىيەتتە «ئىنجىل»دا سۆزلەنگىنى: «مال ــ دۇنيانى ياخشى كۆرۈش رەزىللىكنىڭ مەنبەسى.» بۇ ئىككى گەپ بىر ــ بىرىدىن ناھايىتى زور پەرقلىنىدۇ. شۇنداق ئەمەسمۇ؟

**پۇل تېپىش ئىستىكى پەقەت «ئۆزىنى قوغداش» ئېھتىياجىدىن ماھىيەتلىك ئۆزگىرىپ كەتكەن. پۇلنى ياخشى كۆرۈش بولسا باشقا بىر تەرەپتىن، يەنى ئادەتتە بىر خىل پەسكەش، نەپسانىيەتچى، رەزىل، ئەسكى ئادەت ــ ئۇ باشقىلارغا زىيانلىق بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە ئۆزىگىمۇ زىيانلىق.**

بىز پۇل تېپىش ــ پۇلغا ئېرىشىش ئىقتىدارىنى سۆزلىگىنىمىزدە، ئۇ ئەمەلىيەتتە ئىنسانىيەتنىڭ ھەققانىي ئىقتىدارى. بىز پات ــ پات دوستلىرىمىز بىلەن «مەلۇم ئادەم بەك بېيىپ كېتىپتۇ، ئۇنىڭ ئەسلا بەك كۆپ بىلىمى يوق، تەق ــ تۇرقى ئادەتتىكىچە، ئەكسىچە ئۇ ھازىر پۇللۇق بولۇپ كېتىپتۇ!» دەپ سۆزلىشىپ قالىمىز.

بىز ھەمىشە 10 نەچچە ياشلىق بالىنىڭ سېتىقچىلىق قىلىۋاتقانلىقىنى ئۇچرىتىپ قالىمىز ياكى ئاڭلاپ قالىمىز. يەنە بەزى ئادەملەرنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيەسى ئانچە يۇقىرى بولمىسىمۇ ھەم بىرەر ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتكۈزمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ

ئازغىنە مەبلەغكە تايىنىپ كاتتا بايغا ئايلانغانلىقىنىمۇ ئاڭلايمىز. باي بولالايدىغان بۇنداق ئادەملەرنى قانداق بايقىغىلى بولىدۇ؟

مەن سىزگە بۇنىڭ سىرىنى دەپ بېرىشتىن بۇرۇن، بىز دۇنيادىكى مىليونېرلارنىڭ ۋە ئىگىلىك تىكلىگۈچىلەرنىڭ سۈرەتلىرىگە قاراپ باقايلى. پولات تۆمۈر ماگناتى كانىيجى، نېفىت پادىشاھى دوكخالى، ماشىنا ماگناتى فورد قاتارلىق ئادەملەرنىڭ سۈرەتلىرىنى بىر جايغا تىزىپ باقايلى، ئۇنىڭدىن باشقا سىز بىلىدىغان داڭلىق مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بانكىرلار، كارخانىچىلار، چوڭ شىركەتلەرنىڭ دىرېكتورلىرى بىلەن ئۆزىڭىزنىڭ سۈرىتىنى يەنە بىر جايغا قويايلى، سىز ئالدى بىلەن بۇ ئادەملەردە بېيىش تېخنىكىسى بارلىقىنى ئېتىراپ قىلىسىز. ئۇنداقتا، ئۆزىڭىزدە بۇ خىل تالانت، ئەقىل بارمۇ؟ بۇ سوئالغا جاۋاب بېرەلەيسىز. بەلكىم ئۇ مىليونېرلارنىڭ قىياپىتى سىزنىڭ تەق - تۇرقىڭىز جەھەتتە مەلۇم ئوخشاشلىقى ئىگە ئىكەنلىكىنى بايقايسىز. مەيلى ئۇلار ئېگىز ياكى پاكار، ئۆڭى ئاق ياكى قارا، قوپال ياكى نازۇك، سېمىز ياكى ئورۇق بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا بېيىيالايدىغان روشەن ئالامەتلەرگە ئىگە.

ئۇلارنىڭ بېشىنىڭ شەكلىگە قاراپ باقايلى. ئۇلارنىڭ سۈرەتلىرىنى تەپسىلىي كۆزىتىڭ، قۇلاقلىرىنىڭ ئالدى ۋە ئۈستىدە بىر ئىنگلىز چى ئورۇن بار. توغرا، دەل چېكىسىنىڭ چاچ چېگراسى، ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ سۈرىتىدە ئۇ جاينىڭ ناھايىتى كەڭ ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالايسىز. چېكىسى كەڭ بىر ئادەم پۇل تاپالايدىغان ئادەم. ئەكسىچە بېشىنىڭ بۇ قىسمى تار بۇ خىل ئادەمنىڭ ئادەتتە پۇلنىڭ قىممىتىگە بولغان ئۇقۇمى كەمچىل. پۇل تېپىش ھەم مالىيە باشقۇرۇش ئىقتىدارى ئاجىزراق بولىدۇ.

ئەگەر سىز كەسپىي يېتەكچى مۇتەخەسسىسى بولسىڭىز، بۇ مالىيە باشقۇرۇش ئارتۇقچىلىقى ئالاھىدىلىكىنىڭ سىزگە قانداق

ياردىمى بار؟ بۇ خىل ئادەم تۇغما بانكىر، سودىگەر، مال ساتقۇچى، مۇناسىۋەتلىشىش ئۇستىسى ــ ناھايىتى ياخشى سودا قىلىش تالانتىغا ئىگە. ئەگەر سىز چېكىڭىزنىڭ كەڭلىكىنى ھېس قىلسىڭىز، ئۇنداقتا پەن تەتقىقاتى، ئىلىم - پەن ياكى ئىجتىمائىي ئاممىۋى ئىشلارنى تەتقىق قىلماڭ. سىز ئەڭ خۇشاللىق ھېس قىلىدىغان خىزمەت پۇلنى بىر تەرەپ قىلىدىغان، پۇل توغرىسىدا سۆزلەيدىغان، پۇلنى ئويلايدىغان ياكى پۇل تاپىدىغان خىزمەتلەر. ئەگەر سىزنىڭ باش قىسمىڭىزنىڭ بۇ قىسمى تار بولسا، سودا - سېتىق، ئىلىم - بېرىم، قەرز ئېلىش ۋە سودا قىلىش ئىشلىرىغا قاتناشماڭ، قىمار ئوينىماڭ، ھايانكەشلىك قىلماڭ، قەرز ئالماڭ. ئەگەر سىز شۇنداق قىلسىڭىز چوقۇم مەغلۇپ بولىسىز، چۈنكى سىز تۇغۇلۇشىڭىزدىنلا بۇنىڭغا مۇناسىپ ئەمەس.

نۇرغۇن خاراكتېر ئانالىزىنى ئۆگەنگۈچىلەر مەندىن ئۆزلىرىنىڭ مالىيە باشقۇرۇش ئالاھىدىلىكىنى جارى قىلدۇرالايدىغان ياكى قىلدۇرالمايدىغانلىقىنى سورىدى. ئەلۋەتتە جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ. ئۆسۈپ يېتىلىشنىڭ قانۇنىيىتى ناھايىتى ئاددىي، سىز ھەرقانداق قابىلىيەت، ئالاھىدىلىكىڭىزنى جارى قىلدۇرسىڭىز بولىدۇ، خۇددى مۇسكۇللىرىڭىزنى تەرەققىي قىلدۇرغانغا ئوخشاش. مەشىق قىلىڭ ــ چېنىقتۇرۇڭ ــ ئىشلىتىڭ!

بىز پۇل تېپىش ئىقتىدارىنى ــ پۇلغا ئېرىشىش ئىقتىدارىنى سۆزلىگىنىمىزدە، ئۇ ئەمەلىيەتتە ئىنسانىيەتنىڭ ھەققانىي ئىقتىدارى. بىزنىڭ دېمەكچى بولغىنىمىز، ئۇ ئادەم پۇل ئارقىلىق ئازادىلىك، بەختەرلىك ھەم خۇشاللىقنى بەھرىمەن بولۇشنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن پۇلغا ئېرىششنى ئويلايدۇ. پۇلنى زىيادە ياخشى كۆرۈش بىر خىل پىخسىقلىقتۇر.

هازىر، بىز يەنە پۇل تېپىش تالانتىغا ئائىت بىرقانچە ئىشلارنى سۆزلەپ ئۆتەيلى. بۇ خىل بېيىش ئىقتىدارى ناۋادا جەمئىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئىستىكى بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىسا، ئۇنداقتا ئۇ چوڭ سودا ـ سانائەتچى ۋە جەمئىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلغۇچى بولالايدۇ. داڭلىق دىنىي ئەھكاملارنى ئۆگەتكۈچى دوكتور كانۋېير داڭلىق «گۆھەر زېمىن» ناملىق نۇتقى ئارقىلىق 4 مىليون ئامېرىكا دوللىرى تاپقان ھەم بۇ پۇللارنىڭ ھەممىسىنى قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇشىغا ياردەم قىلىش ئۈچۈن ئىئانە قىلىۋەتكەن.

مەن قەدىناس دوستۇم خاللىرھامنى ئەسلەپ قالدىم، ئۇنىڭ بېشى مالىيە باشقۇرغۇچىلارغا خاس ئادەمنىڭ بېشىدەك كەڭ ئىدى. مەلۇم ئاخشىمى ئۇنىڭ كۆل بويىدىكى ھەشەمەتلىك داچىسىدا تاماق يەۋاتقاندا، بىللە ئولتۇرغان بىر مېھمان ھەربىر ئادەمنىڭ قىزىقىشىنى سۆزلەپ قالدى. ئۇ ئازراق كەسكىن تەلەپپۇزدا: «دۇنيادا ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىدىغان قىزىقىش ماركا يىغىش» دېدى. ھېلىقى ساھىبخان تاقەتسىزلىك بىلەن: «نېمە دەۋاتىسىز؟ ئەجەبا سىزچە پۇل توپلاشنىڭ ھېچقانچە مەنىسى يوقمۇ؟» دېدى. ھېلىقى مېھمان دەرھال تەلەپپۇزىنى ئۆزگەرتىپ: «ھە، خاللىر ئەپەندىم، پۇل يىغىشمۇ ناھايىتى قىزىقارلىق، مەن سىزنىڭ قىزىقىشىڭىزنىڭ پۇل يىغىش ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىكەنمەن» دېدى، ساھىبخان كەينىدىنلا: «ھا، ھا، ھا، مېنىڭ بۇ داچام قانداقراق؟» دەپ سورىدى.

بۇ ئىش ئەمەلىيەتتە بىزگە شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، ھازىرقى ئەھۋالدا، سىزنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىڭىز ھەم خۇشاللىقىڭىز ئاساسەن سىزنىڭ پۇلىڭىزغا قارىتا بولىدۇ. سىز بەلكىم كەلگۈسىگە بارغاندا مال ـ دۇنيا بەك مۇھىم ھېسابلانمايدۇ دەپ قارىشىڭىز مۇمكىن، لېكىن سىز بۇنىڭدا ئوخشاشلا كىيىم

كىيىسىز، تاماق يەيسىز، شۇنداقمۇ؟ ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا، ئەگەر مالىيە باشقۇرۇش ئىقتىدارىڭىز بولمىسا، ئەڭ ياخشىسى يەنىلا ئۇنى تېزرەك يېتىشتۈرۈڭ.

ئەگەر سىزدە بۇ خىل ئالاھىدىلىك كەمچىل بولسا، نۇرغۇن خاراكتېر ئانالىزى ھەم ئىلمىي كەسىپ يېتەكچىسى تامامىلىغان پايدىلىق تەرەپلەرنى يوققا چىقىرىۋېتىسىز. ناۋادا سىز ھەر ئايلىق مائاشىڭىزنى خالىغانچە خەجلىۋەتسىڭىز مەبلەغ سېلىش ياكى پۇل توپلاشنى ئۇقمىسىڭىز، سىزگە مۇناسىپ كېلىدىغان خىزمەت ئورنىنى تونۇشتۇرۇشنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بار؟ بۇ گەپ يەنە خانىم - قىزلارغىمۇ قارىتىلغان، گەرچە سىز بۇ خىل خاراكتېر ئانالىزنى ناھايىتى ياخشى چۈشەنگەن ھەم سىزگە ھەقىقىي مۇناسىپ كېلىدىغان ھەمراھنى تېپىپ بولغان بولسىڭىزمۇ يولدىشىڭىزنىڭ تاپقىنىنى پاك - پاكىز خەجلەپ تۈگىتىۋەتسىڭىز، سىزنى خۇدا ئۇرىدۇ، سىز يەنىلا خۇشال ھەم بەختلىك بولالمايسىز.

يېتەرلىك بولدى! مالىيە باشقۇرۇش قابىلىيىتىنىڭ مۇھىملىقىنى سۆزلەپ بولدۇق. بىز ھازىر ئۇ ئېھتىياجنى تولۇقلايلى. ئالدىنقى بىرقانچە بابلاردا مەن سىزگە قانداق خىزمەتلەر سىزگە ئەڭ ماس كېلىدۇ، بۇ توغرۇلۇق پايدىلىق پىكىرلەرنى بېرىپ بولدۇم ھەم بۇ خىزمەتلەرنى قانداق تېپىش كېرەكلىكىنىمۇ ئېيتىپ بەردىم.

ئاخىرقى بابنى سۆزلىگەن ۋاقتىمدا، مېنىڭچە سىز يۇقىرىقى ئىككى مەقسەتكە يېتىپ بولدىڭىز. مەن ھازىر سىزگە بىر لايىھە بېرىمەن، ئۇنى ھەقىقىي ئىجرا قىلالىسىڭىز، ئۇنداقتا ئۇ سىزنىڭ بايلىق يارىتىدىغان ئامبار قۇرۇشىڭىزغا ياردەم قىلىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە سىزنىڭ مالىيە باشقۇرۇش ئىقتىدارىڭىزنى ئاشۇرۇشىڭىزغا پايدىلىق. بۇ لايىھەنىڭ جەمئىي ئالتە تۈرلۈك باسقۇچى بار.

بىرىنچى باسقۇچ: يېڭى روھىي كەيپىياتنى قوللىنىش. نوقۇل ھالدا مالىيە باشقۇرۇش ئىقتىدارىنى يېتىشتۈرۈشكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ خىل پىسخىك تېخنىكىسىنى مۇنداق چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ: ۋاقتىنچە مائاشىڭىزنى تۆپۆقسىز %10 ئازايدى دەپ پەرەز قىلىڭ. ناۋادا مائاشىڭىز 200 يۈەن بولسا، ئۇنداقتا ئازىيىپ كەتكەن 20 يۈەننى ساقلاپ قويۇڭ، ئىقتىسادىي جەھەتتە ئىنتايىن زۆرۈر بولغان ۋاقىتتا ئىشلىتىڭ. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ھازىردىن باشلاپ ئۆزىڭىزنى بىر دەرىجە تۆۋەن مائاشلىق، دەپ تۇرۇڭ.

بۇ ھەيران قالارلىق ھەم ئېچىنىشلىق ئىش، لېكىن بىر داڭلىق بانكىر 10 ئوغۇل ـ قىز ئارىسىدا پەقەت بىرىنىڭ چىقىمى كىرىمىدىن ئاشمايدىغانلىقىنى بىلگەن، قالغانلىرىنىڭ بۇ ئايدا تېجەپ قالغان پۇلىنى كېلەركى ئايدىلا خەجلىۋېتىدىغانلىقىنى، ساقلىيالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلغان. ھەرقانچە بېيىپ كەتكەن چاغدىمۇ خالىغانچە بۇزۇپ ـ چېچىشقا بولمايدۇ. كەڭرەك ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرۇشنى ئويلىماڭ، ئەمەلىيەتتە تۇرۇشىڭىزغا مۇۋاپىق بولسىلا كۇپايە. ھەمىشە يېڭى ماشىنا ئالماشتۇرۇشنى ئويلىماڭ، باي بولغاندا جاپالىق ئۆتكەن ۋاقىتلارنى ئەسلىشىڭىز كېرەك.

ئىككىنچى باسقۇچ: بارلىق قەرزلىرىڭىزنى تۆلەپ يېرىم ئايلىق مائاشىڭىزنى ئامانەت قويۇڭ. ھەر ئايدا ساقلىغان %10 مائاشىڭىزنى قەرزگە تۆلەڭ، بۇ يىغىپ ـ ساقلاش ئەمەس، ئۆزىڭىزنى ئالدىماڭ. ئەگەر سىز ئامانەت قويغان پۇلىڭىزنى خالىغان ۋاقىتتا ئېلىپ ئىشلەتسىڭىز، ئۇ ھەقىقىي ئامانەت قويۇش بولمايدۇ. ئالدىنقى يېرىم يىلدا بالىڭىز ئاغرىپ قالغانلىقتىن ئالغان قەرزىڭىزنى تۆلەپ بولدىڭىزمۇ؟ ھەر ئايدا ئاز ـ ئازدىن قايتۇرۇشمۇ ھەمىشە قەرز بولۇپ تۇرۇشتىن ياخشى.

هازىر ئامانەت بانكىرلىرى ھەربىر ئادەم، ھەربىر ئائىلىنىڭ ھەر ۋاقىت ئەڭ ئاز دېگەندىمۇ يېرىم يىللىق كىرىمىنى ئامانەت قويۇشنى تەكىتلەيدۇ، ئۇلار بۇ ئامانەتنى «تۇرمۇش كاپالەت پۇلى» دەپ ئاتايدۇ. ھەر قېتىم كىشىلەر ئۇلاردىن قانچىلىك ئامانەت يىغقانلىقىنى سورايدۇ. ئاندىن باشقا راھەت ـ پاراغەتلەردىن ھوزۇرلىنىدىغان چاغدا، ئۇلار بۇ سانىنى ئەڭ تۆۋەن ئۆلچەم قىلىپ ئىشلىتىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، سىز قەرزلىرىڭىزنى تۆلەپ بولغاندىن كېيىن دەرھال يېرىم يىلغا يەتكۈدەك ئامانەت قويۇڭ. ئەگەر سىز بۇنداق قىلىشنىڭ مۇھىملىقىنى بىلمەكچى بولسىڭىز، ئۇنداقتا سىزدىن سوراپ باقسام، سىز تۆۋەندىكى بىرقانچە خىل ئەھۋالغا دۇچ كەلگەن ۋاقىتتا قانداق تاقابىل تۇرىسىز: (1) سىز تۇيۇقسىز بىر كېسەلگە گىرىپتار بولدىڭىز، چوقۇم بىرقانچە ئاي داۋالانمىسىڭىز ئەسلىڭىزگە كېلەلمەيسىز؛ (2) ئەگەر مائاشىڭىز تۇيۇقسىزلا نۇرغۇن كېمىيىپ كەتتى؛ (3) سودا ئىشلىرىڭىزدا نۇرغۇن زىيان تارتتىڭىز؛ (4) دوختۇر سىزنى ئۇزاق مەزگىل كۈتۈنۈشنى ئېيتتى؛ (5) ئۆيىڭىزدە بىرى ئېغىر كېسەل بولۇپ داۋالاش پۇلى ئۈچۈن نۇرغۇن پۇل لازىم بولۇپ قالدى.

يۇقىرىقى ئىشلارنىڭ ھەر كۈنى دېگۈدەك يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى بار، سىز باي ياكى كەمبەغەل بولۇڭ. ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىنى ناھايىتى تۇراقلىق دەپ قاراپ كېلىۋاتقانلار، ئاران كۈنىنى كۈنگە ئۇلاپ كېلىۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى بۇ خىل ئەھۋالغا دۇچ كېلىشى مۇمكىن. تەقدىر ئادالەتسىز. نۇرغۇن باتۇر، ئىرادىلىك ئوغۇل ـ قىزلار ئاتا ـ ئانىلىرىنى ياكى ئىنى ـ سىڭىللىرىنى باقماقتا، نۇرغۇن ئادەملەر بەختسىزلىككە يولۇقمىز دەپ ئويلايدۇ. يۇقىرىقى بەش خىل بەختسىزلىكنىڭ بىرى تۇيۇقسىز بىر كۈنى شۇلارنىڭ بېشىغا كېلىپ قېلىشى مۇمكىن. ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا، ئائىلىسىنى بېقىشنى ئۈستىگە ئالغان ئادەملەر بۇ بەش

خىل بەختسىزلىكنىڭ يۈز بېرىشىدىن ئەنسىرىمەيدىغىنى يوق. ئەگەر ئۇ تۇرمۇش كاپالەت پۇلى يىغىپ، بۇ قىيىنچىلىققا نىسبەتەن تولۇق تەييارلىق كۆرۈپ قويغانلا بولسا. لېكىن، بۇ ئامانەت پۇلغا سېھىرگەرلىك قىلىپ ئېرىشسە بولمايدۇ. بۇ مائاشىڭىزنىڭ ياكى تاپقان پۇلىڭىزنىڭ ھەرۋاقىت تېجەپ قېلىنغان 10 پىرسەنتىنىڭ يىغىلىشىدىن ھاسىل بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ئامال يوق.

يۇقىرىقىلار مالىيە باشقۇرۇش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشنىڭ ئىككى تۈرلۈك باسقۇچى. بىرىنچىسىدە بىر خىل پىسخىك شەكىلنى قوللىنىپ پۇل يىغىشقا، ئىككىنچىسى يىغىلغان پۇل بىلەن قەرز تۆلەش دەۋەت قىلىنغان، ئاندىن يېرىم يىللىق كىرىمنى يىغىش. ئېسىڭىزدە داۋاملىق چىڭ ساقلاڭ. چوقۇم كىرىمىڭىز ئارقىلىق ياشاشنى مەشىق قىلىڭ — كەلگۈسىدە تۇيۇقسىز كىرىمىڭىز يوق بولۇپ قالغان چاغدىمۇ يەنىلا ھايات كەچۈرەلەيسىز.

مۇنداقچە ئېيتقاندا، مالىيە باشقۇرۇش ئىقتىدارىنى مەشىق قىلىش ئارقىلىق يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ — بۇ مەشىق ئارقىلىق مۇسكۇللارنىڭ كۈچىنى ئاشۇرغانغا ئوخشاش ھەمدە ئوخشاش ئۇسۇل بىلەن داۋاملىق مەشىق قىلىش ئارقىلىق، بۇنىڭ پاكىت ئىكەنلىكىنى ئىسپات قىلىڭ، چۈنكى بۇ نۇرغۇن قېتىم ئىسپاتلانغان. مەلۇم ئىشنى قىلىش زۆرۈرمۇ؟ ئۇنداقتا ئۇنى ئورۇنلاڭ! بۇ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ بىردىنبىر قانۇنىيىتى. فىرانسىيەلىك داڭلىق سىياسىيون مىراب مۇنداق دېگەن: «ئىرادە قىلغان ئادەم قىلالمايدىغان ئىش يوق» مالىيە باشقۇرۇش ئىقتىدارىڭىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى بارمۇ؟ ئەگەر بار دەپ قارىسىڭىز ئۇنداقتا ئۇنى قىلىڭ. مەن سىزگە قانداق قىلىشنى دەپ بېرىمەن!

ئىلگىرى بىرى مۇنداق دېگەن: مالىيە باشقۇرۇشقا ماھىر ئادەملەرنىڭ كۆپىنچىسى روھىي چۈشكۈن ئادەملەر، لېكىن بۇنداق ئادەملەر كۆپ ئەمەس، لېكىن مەن بۇ گەپنىڭ ئاساسى بار

ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمەن. بىز شۇنى ئېتىراپ قىلىمىز، مالىيە باشقۇرۇشقا ماھىر كىشىلەر قەرز بولۇپ قېلىشتىن ئېھتىيات قىلىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ كەلگۈسى تۇرمۇشى غەمسىز بولۇشى كېرەك. ئۇ ھەر ۋاقىت غەمسىز تۇرمۇشنىڭ ئۇزاق داۋاملاشمايدىغانلىقىنى، ئازراق ئېھتىيات قىلمىسىلا، پالاكەتكە يولۇقىدىغانلىقىنى بىلىدۇ.

لايىھەمىزنىڭ ئۈچىنچى باسقۇچىنى داۋاملاشتۇرايلى. بىز ھازىر كىرىمىمىزنىڭ 90 پىرسەنتىنى ئىشلىتىۋاتىمىز. قەرزلەرنى تۆلەپ بولدۇق. تۇرمۇش كاپالەت پۇلىمىز يىغىلىپ بولدى، بانكىدا يېرىم يىللىق كىرىمىمىز ساقلاقلىق. خوش، كېيىنكى قەدەمدە نېمە قىلىمىز؟ كىرىمنىڭ 10 پىرسەنتى يەنىلا ئاۋۋالقىدەك ساقلىنىدۇ. بۇ ئېسىڭىزدە بولسۇن — ھازىر بىز يەنە بىر خىل پۇل ئامانەت قويۇش ئورنىغا كىرەيلى. زادى قايسى خىل؟ ئادەم ھاياتىنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقىغا كاپالەتلىك قىلالمايدۇ، يىراقنى كۆرەلمەيدىغان ئادەملەر ئۆلۈمنىڭ ھەرقاچان كېلىشىدىن ئەنسىرەيدۇ. پۈتۈن ئائىلىدىكىلەرنى تاشلاپ كېتىپلا قالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ تۇرمۇشى قىيىنغا توختاپ قالىدۇ. ھازىرقى ئىجتىمائىي تەرەققىيات كىشىنى «مەڭگۈ ئۆلمەيدىغان» دەرىجىگە ئاپىرىپ قويىدى. ئۇنىڭ خىزمىتى، خىزمەت تۆھپىسى مەڭگۈ يوقالمايدۇ، ئەڭ يېقىن ئادەملىرىنىڭ تۇرمۇشى يەنىلا ئۈزۈلمەس كاپالەتكە ئىگە. بىر ئادەم ئۆمۈر سۇغۇرتىسى سېتىۋالغان بولسا، ئەمەلىيەتتە ئۇ ئۆزىنىڭ ھاياتىنى قوغدىغانغا باراۋەر. بۇ ئەڭ قىممەتلىك ھەم شەخسىيەتسىز ھەرىكەت.

چوڭقۇر مۇلاھىزە قىلىڭ ھەم بىر ئادەمنىڭ ئۆمۈر سۇغۇرتا پىلانىنى بالدۇرراق تۈزۈڭ، مۇۋاپىق ئارتۇقچە پۇل ھازىرلاپ ۋاقتى كەلگەندە تاپشۇرۇش ئاسانغا توختايدۇ، ئۇنىڭ روھىي جەھەتتىكى پايدىسىنى ھېسابلىغىلى بولمايدۇ. پەرەز قىلىپ بېقىڭ، ھەر كۈنى ئاخشىمى خىزمەتنى تۈگىتىپ ئۆيگە قايتىپ ئايالىڭىز ۋە

پەرزەنتلىرىڭىزنى كۆرگەن چېغىڭىزدا، كۆڭلىڭىزدە «مەيلى قايسى ۋاقىتتا بەختىسىزلىككە ئۇچرىماي، سىلەرنىڭ تۇرمۇشۇڭلار كاپالەتكە ئىگە. تۇرمۇشۇڭلاردا مەسىلە يوق» دېيەلەيسىز. ئەقىللىق ئادەملەر بەزىدە ئېشىنىدى پۇلىنى كېسەللىكنى داۋالاش سۇغۇرتىسىغا مەبلەغ سالىدۇ. بىر داڭلىق كارخانىچى، نەرسە سېتىۋېلىش سەنئىتى دېگەنلىك ئېھتىياجىڭىزنى مۆلچەرلەش دېگەنلىكتۇر دەپ ئېيتقان، ئۆلچەملىك ماللارنىڭ سېتىلىشىغا دىققەت قىلىپ، ئاساسلىق ماللارنى كۆپلەپ سېتىۋېلىپ، كۆپلەپ سېتىۋالغان ماللارنىڭ ئېتىبار پائالىيىتىدىن بەھرىمەن بولۇڭ. پەقەت ئۇنى باھاسى تۆۋەن ئىكەن دەپ ئېھتىياجىڭىز بولمىسا سېتىۋالماڭ. ھەر ئايلىق كىرىم ـ چىقىمنى چوقۇم خاتىرىلەڭ.

ھازىر ئىقتىسادىي بىخەتەرلىكنىڭ تۈتىنچى باسقۇچىنى سۆزلىسەك، يەنى ساغلاملىق، راھەت ـ پاراغەتلىك ئىشلارغا مۇۋاپىق مەبلەغ سېلىڭ. ئاقىلانىلارچە پۇل خەجلەش بىر خىل ئىلىم ۋە سەنئەت ھېسابلىنىدۇ. ھازىرقى تۇرمۇشنىڭ ئەڭ چوڭ خەتىرى ھەددىدىن ئارتۇق ئىشلەپ چارچاش. سىز ئىت، مۈشۈكنىڭ ئارام ئالغاندىكى قىياپىتىگە دىققەت قىلىپ باققانمۇ؟ بىز بۇ ھايۋانلار ئارقىلىق تولۇق ئارام ئېلىش ئۇسۇلىنى ئۆگىنەلەيمىز. دوختۇر جېكسون ئىلگىرى بىر كىتاب يازغان، ئىسمى «ئارام ئېلىشنى ئۆگىنىش». سورىشىڭىز مۇمكىن: «مېنىڭ ئەسلا ئارام ئالىدىغان ۋاقتىم يوق، ئارام ئېلىشنى ئۆگىنىشنىڭ يەنە نېمە پايدىسى؟» ھا، ھا، بۇ ھەقىقەتەن بىر مەسىلە، ئەينى ۋاقىتتا ئارام ئېلىش، كۇتۇنۇشلەر خالىغانچە بولاتتى، لېكىن ھازىر ئۇنداق ئەمەس.

بىز خىزمەتتىن چۈشكەندىن كېيىن ئوخشاشلا شەھەرنىڭ شاۋقۇن ـ سۈرەنى، ماشىنىلارنىڭ ئاۋازلىرىدىن قۇتۇلالمايمىز، ھەتتا تاماق يەۋاتقان چاغدىمۇ جىددىي تەسىر قىلىدىغان ئىلىم ـ سېتىم ئىشلىرى، شۇنىڭدەك ھەر خىل كۆڭۈلگە ياقمايدىغان ئىشلار توغرۇلۇق سۆزلىشىمىز، ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا، بۈگۈن

ئارام ئېلىشىڭىز ئۈچۈن پۇلغا ئېھتىياجلىق بولىسىز، سىز يېتەرلىك پۇل خەجلەپ شەھەردىن ئايرىلىپ جىمجىت جايلاغا بېرىپ كۈتۈنۈشىڭىز، خىزمەتنى قويۇپ خاتىرجەم ھالدا غەمسىز بىرقانچە كۈن ئارام ئېلىشىڭىز كېرەك. شۇڭا، مەن دېگەن تۆتىنچى باسقۇچ بولسا تۇرمۇش كاپالەت پۇلى، ئۆمۈر سۇغۇرتا پۇللىرىدىن سىرت، ھەر ئايدا بىرئاز پۇلىڭىزنى بانكىدا ساقلاپ، كەلگۈسىدە قىسقا ۋاقىتلىق كۈتۈنۈشىڭىزگە ئىشلەتسىڭىز بولىدۇ. بۇ خىل ئارام ئېلىش قىسقا مۇددەتلىك ساياھەت بولۇپ، ھارغىنلىقىڭىزنى يوقىتىپ، نېرۋىڭىزنى تىنچلاندۇرۇپلا قالماي، بەلكى يەنە سەھراغا ياكى ئادەمگە ماس كېلىدىغان جايلاردا بىر - ئىككى ئاي تۇرسىڭىزمۇ بولىدۇ.

ئومۇمەن، يىراقنى نەزەر سالغاندا، بۇ ئۆزىڭىزنىڭ سالامەتلىكى ھەم ئائىلىڭىزنىڭ راھىتى ئۈچۈن ئاقىلانە پۇل خەجلەش ئۇسۇلى ئىقتىسادىي پىرىنسىپقا ئەڭ مۇۋاپىق. ئۇنداق بولغاندا ئۇ ياشلىق چاغلىرىدا جىسمانىي ھەم روھىي كۈچىنى سەرپ قىلىۋېتىشتىن ياكى بالدۇر قېرىلىق يېتىپ ئائىلىسىنىڭ يۈكىنى ئۈستىگە ئالالمايدىغان بولۇپ قېلىشتىن ساقلىنالايدۇ. ھەقىقىي ئەقىللىك ئادەم ئەڭ ئاز دەسمايە ئارقىلىق ھەر خىل كۆڭۈل ئېچىشلاردىن بەھرىمەن بولالايدىغان ئادەمدۇر، غەربىي ياۋروپادىكى چوڭ شەھەرلەر ياكى مەشھۇر جايلاردا مەخسۇس ياشلار ئۈچۈن لايىھەلەنگەن ئۇلارنىڭ روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتلىرىگە پايدىلىق بولغان كۆڭۈل ئېچىش ھەم تەنھەرىكەت مەيدانلىرى بار.

سۆزلەپ مۇشۇ جايغا كەلگەندە، بىز قەرزلىرىمىزنى تۆلەپ بولدۇق؛ بانكىدا يېرىم يىللىق كىرىم ساقلاقلىق؛ ئۆمۈر سۇغۇرتىسى سېتىۋېلىنغان؛ يەنە بىر قىسىم كۈتۈنۈش پۇلى بار — بىزنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىمىز ئاللىبۇرۇن ناھايىتى تۇراقلاشتى. ھازىر مەن سىزگە كېيىنكى ئەڭ ئاخىرقى ئىككى باسقۇچنى دەرھال دەپ بېرىمەن. ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا، سىزنىڭ يەنە ئېشىنچا

پۇلىڭىز بولسا، ئۇنى ئىشەنچلىك پاي چېكىگە مەبلەغ سېلىڭ. شۇنداق قىلسىڭىز ئۆزىڭىزنى ھەم ئائىلىڭىزدىكىلەرنى كىرىمىڭىزدىن ئارتۇق بولغان بىر قىسىم پۇلغا ئېرىشتۈرەلەيسىز. لېكىن ئىشەنچلىك پاي چېكى سېتىۋېلىڭ، گەرچە پايدىسى ئاز بولسىمۇ.

ئەڭ ئاخىردا، سىزنىڭ ئالدىنقى بەش باسقۇچنى تاماملاپ بولغىنىڭىزنى تەبرىكلەيمەن. ئاخىرقىسى، ئۆزىڭىز ئۇچۇن بىر خىزمەت يارىتىڭ. لېكىن مەيلى سىز نېمە قىلماڭ، تۇرمۇش كاپالەت پۇلىڭىز، ئۆمۈر سۇغۇرتا پۇلىڭىزنى ۋاقىتلىق ئايلانما كاپىتال (مەبلەغ، دەسمايە) قىلماڭ. ئۆزىڭىز بىلىدىغان بىر خىزمەتنى — يەنى ئۆزىڭىز قىلىشقا ئەڭ مۇناسىپ كەلگەن خىزمەتنى قىلىڭ.

ھازىر بىز پۇل تېپىش لايىھەسىنىڭ ئالتە تۈرلۈك باسقۇچىنى تەكرار قىلىپ كۆرەيلى: بۇ لايىھە پۈتۈنلەي نۇرغۇن داڭلىق ئىقتىساد ـ مالىيە مۇتەخەسسىسلىرى كۆپ يىللىق كۆزىتىش، مۇلاھىزە نەتىجىسىدىن كەلگەن.

بىرىنچىسى، بىز چوقۇم كىرىمىمىزنىڭ 90 پىرسەنتى ئارقىلىق تۇرمۇش كەچۈرۈشنى مەشىق قىلىشىمىز كېرەك. ئىككىنچىسى، بارلىق قەرزلىرىمىزنى تۆلەپ ھەم بانكىغا يېرىم يىللىق مائاشىمىزنى تۇرمۇش كاپالەت پۇلى قىلىپ ساقلىشىمىز كېرەك. ئۈچىنچىسى، خوتۇن ـ بالىلىرىمىزنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن بالدۇرراق ئۆمۈر سۇغۇرتىسىغا مەبلەغ سېلىشىمىز كېرەك. تۆتىنچىسى، يەنە بىر قىسىم پۇلنى ئۆزىمىزنىڭ كۈتۈنۈش، ئارام ئېلىشىمىز ئۈچۈن ئىشلىتىدىغانغا ساقلىشىمىز كېرەك. بەشىنچىسى، ئىشەنچلىك پاي چېكىگە مەبلەغ سېلىشىمىز كېرەك. ئالتىنچىسى، ئەڭ ئاخىرقى قەدەم «ئەگەر مۇۋاپىق كەسىپى تالالىنىڭىز بولسا، دەرھال ئۆزىڭىز ئۈچۈن بىر خىزمەت يارىتىڭ.»

بۇ سىزنىڭ كەلگۈسى كۆرسەتكۈچلۈك مالىيە باشقۇرۇش لايىھەڭىزدۇر. ئۆزىڭىزنى توغما مالىيە باشقۇرۇشقا مۇناسىپ

ئەمەس، دەپ قاراپ ئۈمىدسىزلەنمەڭ. ئېسىڭىزدە تۇتۇڭكى، سىز بۇ خىل ئىقتىدارنى يېتىلدۈرەلەيسىز. ھازىر پۇل خالتىسىنى بىر تەرەپكە قويۇپ ئىزدىمەكچى بولغان خۇشاللىقىمىزنىڭ نېمىلىكىنى سۆزلەپ كۆرەيلى. سىز بىلىسىز، پۇل پەقەت بىزنىڭ خۇشاللىق يولىمىزنى تۈزلىۋېتەلەيدۇ، لېكىن ئۇ خۇشاللىقنى سېتىۋالالمايدۇ ياكى يارىتالمايدۇ. خۇشاللىق ھەممىسى سىزنىڭ قەلبىڭىزدە.

ئومۇملاشتۇرغاندا، بۇ كىتابنىڭ بۇ بابىدا سىزگە دېمەكچى بولغىنىم، مەن ئۇنى «مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۈچ بۇلۇڭ» ياكى مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى، دەپ ئاتىدىم. ئۇ سىزگە تۇرمۇش سەنئىتى يولىدىكى ئۈچ نۇقتىلىق لايىھەنى چىڭ تۇتۇشنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ:

كەسپىي جەھەتتە ئۆزىڭىزنى تەڭشەڭ — جەمئىيەت، ئائىلە جەھەتتە ئۆزىڭىزنى تەڭشەڭ — مالىيە باشقۇرۇش جەھەتتە ئۆزىڭىزنى تەڭشەڭ.

ھازىر پەقەت بىرلا مەسىلە ئېشىپ قالدى: تېخىمۇ ياخشى بولغان تۇرمۇش يولى ئېچىلدى — سىز ئالغا قەدەم قويۇشنى خالامسىز؟

[ئامېرىكا] ھاررى بالكىن

ئارتىس ھاررى بالكىن 1911 ـ يىلىدىن 1918 ـ يىلىغىچە ئامېرىكا، ئەنگلىيە قاتارلىق جايلاردا ئويۇن قويۇپ، تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشكەن، ئارتىسلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللانغانلىقى سەۋەبىدىن كۆرگەنلىرى ۋە ئاڭلىغانلىرى كۆپ، ئۇ ئۆزىنى بىر ئادەمگە بىر قاراپلا خاراكتېرىنى، قىزىقىشىنى ۋە مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايدىغان يوشۇرۇن كۈچىنى بايقىيالايمەن، دەپ قارايدۇ. ئويۇن قويۇش داۋامىدا ئۇ نۇرغۇن ئادەملەرگە خاراكتېر تەھلىلى قىلىپ بەرگەن، توغرىلىق دەرىجىسى يۇقىرى بولغان، كېيىن ئۇ ئۆزىنىڭ تەجرىبىسىگە ئاساسەن 1918 ـ يىلى

«خاراكتېر تەھلىللىنىڭ يېڭى ئىلمي» دېگەن كىتابنى يېزىپ چىققان، ئۇنىڭ بۇ كىتابى غەربلىكلەرنىڭ «چىرايىغا قاراپ تەبىر بېرىش»نىڭ باشلانما ئەسىرى بولۇپ قالغان. بۇنىڭدىن كېيىنكى خاراكتېر، پسىخىكا، خاتىرە پسىخىكىسىنىڭ تەرەققىياتىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بۇ كىتاب بىلەن «خاراكتېر تەھلىلى يېڭى ئىلمي»دىن باشقا خاررى بالكىنىنىڭ «ئادەملەر لۇغىتى»، «قايتا مەيۇسلەنمەك» دېگەن ئەسەرلىرى بار.

**كىتاب نامى:** قىياپەتنامە
**ئاپتورى:** خاررى .خ .بالكىن [ئامېرىكا]
**پىلانلىغۇچى:** ئەركىن ئىبراھىم پەيدا
**تەرجىمە قىلغۇچى:** ئابدۇكېرىم ئىسمائىل
**مەسئۇل مۇھەررىرى:** تۇرسۇنگۇل ياسىن
**تەكلىپلىك مۇھەررىرى:** زۆھرە ئابدۇرېھىم
**مەسئۇل كوررېكتورى:** نۇرئالىيە ئابدۇكېرىم
**تەكلىپلىك كوررېكتورى:** ئابدۇرېھىم ئابلىمىت
**مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى:** ئەكبەر سالىھ
**بەت ياسىغۇچى:** شىنجاڭ ئۆگەن كىتاب تارقىتىش چەكلىك شىركىتى
**نەشرىياتى:** شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى
**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى
پەن ـ تېخنىكا باغچە يولى 7 ـ قورۇ
**پوچتا نومۇرى:** 830011
**تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
**زاۋۇت:** شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى
**فورماتى:** 880×1230 م م 1/32
**باسما تاۋىقى:** 8.75
**نەشرى:** 2011 ـ يىلى 7 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
**بېسىلىشى:** 2013 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ قېتىم بېسىلىشى
**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978-7-80744-968-3
**باھاسى:** 23.00 يۈەن